

قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

بەختىيار يۈسۈپ ۋاسىل

# دەز كەتكەن يۈرەك

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

## قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ئىپپەتلىك ئايال

قىز قەلبىدىكى سۆز


ئەنسىز ئادەم

يەكپاي ئاياغ

شەيتان قىلتىقى

دەز كەتكەن يۈرەك

نادان مۇخلىسلار



قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ISBN 7-5371-5233-0

9 787537 152334 >

ISBN7 - 5371 - 5233 - 0

(民文)　定价:10.00 元

بەختىيار يۈسۈپ ۋاسىل

# دەز كەتكەن يۈرەك

(پوۋېست ۋە ھېكايىلەر)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

心碎了/白合提亚尔著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2005.3
ISBN 7—5371—5233—0

Ⅰ.心… Ⅱ.白… Ⅲ.中篇小说和短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第016929号

责任编辑：**卡米拉·热合曼**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**木拉丁·阿比提**

***北极星*** 文学丛书
**心碎了**(维吾尔文)
(中篇小说和短篇小说集)
**白合提亚尔·玉苏甫瓦斯力** 著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编:830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 6.5印张
2005年3月第1版 2006年9月第2次印刷
印数:3001-5000

---

ISBN7—5371—5233—0 定价:10.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: كامىلە راخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىد

«قۇتۇپ يۇلتۇزى» مەجمۇئەسى

# دەز كەتكەن يۈرەك

(پوۋېست ۋە ھېكايىلەر)

ئاپتورى: بەختىيار يۈسۈپ ۋاسىل

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ. پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 6.5
2005 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 9 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5233 — 0
سانى: 3001—5000
باھاسى: 10.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

بالدۇر چۈشكەن گۈگۈم (پوۋېست) ........................ 1

## ھېكايىلەر

قانات ........................................... 83
ياۋا بىخ ........................................... 96
دەز كەتكەن يۈرەك........................................... 115
ئالما قايتا چېچەكلىگەندە ........................................... 158
قول ئېلىشىش ........................................... 191

# بالدۇر چۈشكەن گۇگۇم

دەريا سۈيى شاۋقۇنلۇق. ئۇ بىرقانچە چاقىرىم كەڭلىككە يېيىلىپ گاھ تۇرۇلۇپ ئۆركەشلەپ، گاھ ئۆركەش دۆڭلىرى ئەتراپقا تارقىلىپ، مەۋجلىنىپ ئاقماقتا. توختىماي سوقۇۋاتقان شامال سۇ يۈزىنى چىمدىپ ئاداققى دولقۇننى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتكەچكە، ئېقىن ئوتتۇرىسىدا خۇددى تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىچىلا ئۆرە تۇرۇۋالغان سېھىرگەر مەخلۇقتەك نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىكتە دولقۇن پەيدا قىلماقتا.

يىراقتىن بىر تال كۆتەك يارىمىسى ئەنە شۇ چوڭ - كىچىك دولقۇنلار ئارىسىدا خۇددى قولۋاقتەك لەپەڭلەپ ئېقىپ كېلىپ، دەريا سۈيىنىڭ ئايلىنىش بۆلىكىدىكى چاقپەلەك دائىرىسىدە بولۇشۇپ ھەيۋەت بىلەن نەرە تارتىشىۋاتقان چوڭ - كىچىك قايناملارنىڭ يالماۋۇز تىلىغا ئىلىنىپ قالدى - دە، شىددەت بىلەن پىرقىراپ، سۇ يۈزىدىن ھەش - پەش دېگۈچە يوقىلىپ كەتتى. ئەمما قاينام بولسا تىللىرىنى يۆگەپ، شالىلىرىنى چاچرىتىپ ئاۋۋالقىدەك نەرە تارتىپ پىرقىرايتتى، شار - شۇر ئاۋاز چىقىراتتى ھەم شۇ پىرقىرىشىدا خۇددى ئالدىغا نېمە كەلسە شۇنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك، زېمىننىڭ باغرىنى تېشىپ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. مانا بۇ دەريانىڭ ئەجەللىك يېرىدىكى قايناملار تورى. ئېقىندىلا ئەمەس، ھەتتا كۆكتە ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشلارنىمۇ دەم تارتىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدىغان بۇ ئەجەل ئېغىزىنىڭ قانچىلىك كىشىلەرنى ھاياتىدىن بىمەھەل يۇتۇپ كەتكەنلىكى نائېنىق، بۇ يەرگە كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ جەسىتى

ئەزەلدىن تېپىلىپ باقمىغان.

دەريا يەنە تاشقىنلىدى، ھەيۋەتلىك ئۆركەش گويا ئاتاكىغا ئۆتكەن جەڭگىۋار قوشۇندەك قىرغاققا زەرب بىلەن يامراپ كەلدى، ساھىلدا سۇ كېچىپ يۈرگەن ساياھەتچىلەر، رەسساملار ۋە ھېلىلا سۇدىن چىقىپ قۇمدا ئېغىناپ ياتقان قورقۇمسىز ياشلار، ئانىسىغا تۇتۇق بەرمەي ئوغرىلىقچە سۇغا چۆمۈلگىلى كەلگەن قىپيالىڭاچ كەپسىز باللار شادلىق ئارىلاش ئەنسىز چىرقىراپ ئۆزلىرىنى شۇئان دالدىغا ئالدى. ئەمما دولقۇن چاققان كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستۈبېشىنى خۇددى يامغۇردا قالغاندەك چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى، ئارقىدىنلا دولقۇن گويا قىرغاققا يۈگۈرگەنلەرنى ئۆز قوينىغا سۆرەپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، ساھىلدىكى ئۇششاق قۇم دانچىلىرىنى دومىلىتىپ، دەستىلەنگەن ئاق چېچەكتەك بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ ۋەھىمىلىك شارقىراپ تارتىلدى. تارتىلدىيۇ، قىرغاقتا چۆمۈلۈپ يۈرگەن، تېخى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بالىنى ئۆزى بىلەن بىرگە سۆرەپ ماڭدى. ئەتراپتىن قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى، كىچىككىنە بالا خۇددى سازلىقتىكى پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك جان - جەھلى بىلەن تېپىرلاپ، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. دولقۇن ئۇنى بارغانچە يىراققا ئەكېتىۋاتاتتى. ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە قورقۇمسىز ياشلارنىڭ بىرى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ بالىنىڭ بىلىكىدىن «كاپپىدە» تۇتۇپ ئۇنى كۆچەپ قىرغاققا تارتتى. دولقۇن ئاخىر كۈچ ئىشلىتالماي ھالسىراپ قالدى. گويا قولىدىكى تەييار تۇرغان ئولجىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان مەخلۇقتەك بالىنىڭ مېھرىدىن تەسلىكتە كېچىپ قىرغاققا ئالاق - جالاق كۆز يۈگۈرتۈپ كېيىنكى ھۇجۇمى ئۈچۈن ئەپلىك جاي تاللاپ ئۈلگۈردى.

بالا قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئەجەل ئۇنىڭ

ئاياغلىرىغا ئۇلىشىپ، جېنىنى ئېلىپ جەھەننەمگە قويغىلى
تاس - تاماس قالدى.

— ماڭ نېرى! — دېدى ياشلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ كۆتىگە تېپىپ، — ئەمدى ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە كەلمە! چۆمۈلگۈچى بولما!

بالا قىپيالىڭاچ پېتى كىيىم - كېچەكلىرىنى قولتۇقىغا قىسىپ دوڭغاسلاپ قاچتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ساھىلدىكى ئۇششاق بالىلارمۇ قېچىشقا باشلىدى. چۈنكى، ياشلار ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ھەيدىمەكتە ئىدى.

ھەر يىلى ئىللىق باھار پەسلى كېلىشى بىلەن قىشچە ئاق قار - كۆك مۇز ئاستىدا گويا ئۈچەككە كىرگەن ئېيىقتەك تۈگۈلۈپ ياتقان بۇ ئەزىم دەريا باشقىچە جانلىنىپ كېتىدۇ، دەريا ياقىسىدىكى مەجنۇنتاللار بىخ چىقىرىپ تەبىئەتكە ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىدۇ. پەسىل قۇشلىرى تەرەپ - تەرەپلەردىن ئۇچۇپ كېلىپ، زېمىنغا يېڭىچە ھاياتلىق جەزبىسى بەخش ئېتىدۇ. دەريا ياقىسى ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولىدۇ. تۈمەن مىڭ ئادەم گويا تويغا ئاتلانغاندەك دەريا ئەتراپىدا توپلىنىپ قازان- قازاندا گۆشلەر قايناپ، تۈرخۇنلاردىن ئىس - تۈتەكلەر ئۆرلەپ، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر كارتىنىنى ھاسىل قىلىدۇ. خۇددى قىزىق تونۇرغا سۇ سېپىلگەندەك پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۆلۈم پاجىئەسى دەريا ياقىسىدىكى بۇ قايناق مۇھىتقا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇ گويا ئافرىقا ئىپتىدائىي ئورمانلىقلىرىدىكى ئۇيۇر - ئۇيۇر ياۋا كالا، تاغىل ئاتلارنىڭ سازلىقتىن ئۆتكىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار سازلىقتا ۋەھشىي ھايۋان تىمساھ بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا تەۋەككۇل قىلىپ ئۆتمەكچى بولىدۇ - دە، بەدەللەرنى تۆلەيدۇ، ئەمما قۇربان بولغانلار تىرىكلىرىنىڭ ئېسىدىن ھەش - پەش دېگۈچە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھايات يەنە كونا ئىزىغا چۈشىدۇ!...

باھار پەسلىدىن كەچ كۈز ئايلىرىغىچە بۇ ئەزىم دەريا ھەر يىلى بىرنەچچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەريا سۈيىدە چۆمۈلگىلى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى، پاجىئەسى كېيىنكىلەرنىڭ قەدىمىنى توختىتىپ قالالمايدۇ. نەچچە يۈز مىڭ يىل داۋاملاشقان ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مانا مۇشۇ مۇزدەك دەريا سۈيى ئىچىدە، ئاۋۇ تۇرغان قايناملار ئارىسىدا راسا ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى كىمگە تەئەللۇق، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەك ھەقىقەتەن مۇشكۈل.

بۇ دورەم، دولقۇن ئۇچۇق ساھىلدىن يەتتە- سەككىز مېتىر ئىچكىرىسىدىكى سۇ يالاپ ئېلىپ قاچقان دۈمچەك قىرغاقتا ئۆزىنى باشقىچە كۈچەپ ئۇردى. مانا شۇ قىرغاقتا يىگىرمە ئىككى- يىگىرمە ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز يالاڭ ئاياغ سۇ كېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دەردلىك كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ھەسرەتلىك يېشى مەڭزى- يۈزىنى بويلاپ ئۆتۈپ، ئايىغى ئاستىدىكى دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قارىماققا تولىمۇ مىسكىن، غەمكىن، دەردمەن كۆرۈنەتتى. چىرايى سولغۇن، چۈشكۈن، مەڭزى خۇددى كەچ كۈز ئايلىرىدىكى غازاڭدەك تېگى- تېگىدىن سارغىيىپ كەتكەن، جىسمى بىلىنەر- بىلىنمەس تىترەيتتى، كىچىككىنە مۇشتى چىڭ تۈگۈلگەنىدى. ئېھتىمال بىرەر يېقىنى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگىۋالغان بولۇپ، ياغلىقنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس، ئۇزۇن، توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ، گويا ئىگىسىنىڭ كۆڭۈل ئازابىغا ئورتاقلاشقاندەك مەيۈسقىنە تاشلىنىپ تۇراتتى. كۆڭلى ئازار يېگەن ئادەمگە ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە يېقىمسىز، كۆڭۈلسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. چىرايىنىڭ شۇنچە ياداڭغۇ، تاتىرىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس گۈزەللىكنى

يوقاتمىغان بۇ قىزنىڭ تۇرقىدىن تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ چوڭقۇر ئىزناسى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ياز ئايلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك گۈزەل كۈنلىرى، ياپيېشىل دەرەخلەر، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن بۇ هايات، يىراقتىكى گىرىمسەن تاغلار، كۈلۈپ تۇرغان قۇياش، ئاقۇچ بۇلۇت، يېقىملىق سايراۋاتقان بۇلبۇل، ئۆركەشلىگەن دەريا، نېرىدا ئوتلاۋاتقان قوي، ئۇماق قوزىلار، ئۇلارنىڭ قىيغىتىپ سەكرەشلىرى، موزاي، مەيىن شامال، شار ـ شۇر ئاۋاز، ياپراقلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆۋرۈك، توققۇز تال ئاركا، كۆۋرۈك بېشىدا قىمىرلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر، ئات ـ ئۇلاغ، ماشىنىلار، دەرەخلەرگە چىقىۋالغان تېيىنلار، ياۋايى توشقان، كەكلىكلەر، هەتتا نېزەك ئارىسىدىن ئۇۋۇا تۇتقان قوشقۇزلار... مانا بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر، مەنىسىز، ئەهمىيەتسىز بىلىنمەكتە، كۆزلىرىگە مۇزدەك شامال تىقىلماقتا. ئۇنى بۇنچە ئازابقا سالغان، هاياتتىن بىزار قىلغان، يۈرىكىنى مۇزلاتقان، ھېسسىياتىنى رەھىمسىزلەرچە بوغۇپ ئۆلتۈرگەن نەرسە زادى نېمىكىنە؟...

بايىقى دولقۇننىڭ زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن قىز شۇ ئان ئېسىنى يىغىپ ئەتراپىنى تىڭشىدى، ئۇنىڭ گۈللۈك كالتە يەڭ بەل پۈرمە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى چىپ ـ چىپ ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، سۇ تامچىلىرى خۇددى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن تامچىغان يامغۇر سۈيىدەك ئېتەكلىرىدىن تامچىلاپ، دەريا سۈيىگە قايتا قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. چىپ ـ چىپ ھۆل بولغان كۆڭلەكلىرى ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە، ئۆپكىدەك تىقىلىپ تۇرغان چىڭگىدە ساغرىسىغا، ئاپئاق ئۇزۇن پۇتلىرىغا چاپلىشىپ، تولىمۇ گۈزەل، ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك، سۆيۈملۈك قىياپەتنى هاسىل قىلاتتى، بەئەينى قىپيالىڭاچ تۇرغاندەك بولۇپ قالغانىدى. قىزچاق خىجىل بولغىنىدىن ئەتراپقا قارىدى ـ دە،

كۆڭلى تىنچىدى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. نېرىدا بىر توپ قويلار، قويلارغا قوشۇلۇپ موزايلار ئوتلاپ يۈرەتتى. چوپان بالا نەدىكىن؟... قارىسى كۆرۈنمەيتتى، قىزچاق شۇ تاپتا چوپان بالىنىڭ بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، ئۆزىنى راسا ھوزۇرلىنىپ «تاماشا» قىلىۋاتقىنىنى ئەسلا بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە... ئۇ ھالسىرىغان كۆزلىرىنى يۆتكەپ يىراقلارغا قارىدى، بايىقى مەنزىرىلەر، تاغلار، ياپيېشىل ئېتىزلار، مەجنۇنتاللار ئارىسىدىن قىيا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆۋرۈك، يوغان توققۇز تال ئاركا، ماشىنا - ھارۋا، يەلپۈگۈچتەك يەلپۈنۈپ تۇرغان دەريا... ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى، ئەكسىچە تولىمۇ بەتبەشىرە تۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز ئىگىرىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مەقسەتسىزلا ئالىقاندەك بىر نۇقتىغا تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دۇنيا بارغانچە تارلىشىپ كېتىۋاتقاندەك خۇددى ئاۋۇ تۇرغان قايىنامدەك پىرقىراۋاتقاندەك، پىرقىراپ - پىرقىراپ ئاخىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئورنى قالمىغاندەك ئەمدى ياشاش مۇمكىن ئەمەستەك، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدىن قىيالمايۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن، قېرى خوتۇننىڭ چېچىدەك چىگىش، زىددىيەتلىك بۇ تۇيغۇلار ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىراقلا قاپساپ كېلىپ، بەئەينى چايان چاققاندەك، قۇرت غاجىلىغاندەك چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلىماقتا ئىدى.

ئۇ مۇزلىغاندەك بولدى، بەدىنىگە ئاچچىق بىر تىترەك ئولاشتى، مانا شۇندىلا نەشتەردەك ئاچچىق بىر سوغۇقنىڭ تاپىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ يىلىكلىرىنى بويلاپ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاستا - ئاستا ئۇگە - ئۇگىلىرىگە تارقىلىپ پۈتكۈل جىسمىنى چىرماپ، ئاخىر مېڭىسىگە بېرىپ تاقالغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭغا بۇ سوغۇق تونۇشتەك بىلىنىپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مەرھۇم ئانىسىنى كېپەنلىگەن چاغدىكى ھېلىقى مەنزىرىلەر «يالت» قىلىپ ئۆتتى. شۇ چاغدا مەھەللىدىكى ئاقساقال، بۇۋىملەر بىر كېچە - كۈندۈز مېيىتنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئايەت ئوقۇغانىدى. قاراڭغۇ، تار، تاشقىرىقى ئۆيدە كېچىلەپ شام يېقىپ ئادەملەر نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ مېيىتقا ھەمراھ بولغانىدى. مېيىت پاكىز يۇيۇلۇپ - تارلىپ كېپەنگە ئېلىنغانىدى. ئەرلەر تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن مەسچىتكە قاراپ ماڭغاندا، ياق، ئۇنىڭدىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ئۇ قەدىردان ئانىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشقاندا، ئانىسىنىڭ مەڭزىنى سىلاپ، كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ، قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن پۈتكۈل ئادەملەر، دەرەخلەر، ئۆيلەر سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى. ھەتتا كەمدىن - كەم ياش تۆكىدىغان ئەرلەرمۇ مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى ئانىسىنىڭ چىرايىنى، چوڭقۇر - چوڭقۇر قورۇق بىلەن بېزەلگەن مېھرىبان مۇلايىم كۆزلىرىنى، تاتارغان لەۋلىرىنى، سۈتتەك ئاپئاق چاچلىرىنى مەڭگۇ كۆرەلمەيدۇ، ھىدىنى ھىدلىيالمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ مەڭزىنى سىلىغان قوللىرىغا ھازىرقىدەك بىر سوغۇق كېلىپ ئۇرۇلۇپ، ئەندىكىپ كەتكەنىدى. خۇددى قىش كۈنلىرى تالادا قالغان مېتال پارچىسىدىن تارقالغان سوغۇقتەك بۇ سوغۇق، شۇنداق مۇدھىش، قورقۇنچلۇق بولۇپ، كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى. ئۇ بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان تاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن قان - زار يىغلاپ قالدى. ئاياللار مەسچىتكە كىرسە بولماسمىش، ئاياللار تاۋۇتقا ئەگىشىپ ماڭسا بولماسمىش، ئاياللار توپراق بېشىغا چىقسا بولماسمىش… ئاھ، ئاياللارەي، پۇت - قولى كۆرۈنمەس كىشەنلەر بىلەن باغلانغان بىچارە مەزلۇملار ھەي!… ئايال بولماق گۇناھمۇ؟ ھەممە چەكلىمە پەقەت ئاياللار ئۈچۈن يارالغانمۇ؟ ئايال بولمىسا ئەرلەر نەدىن

كېلىدۇ؟ !... ئەنە شۇ كۈنى تۈنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئوغۇل بولۇپ قالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈندى، چۈنكى بۇنداق بولغاندا، ئۇ ئانىسىنىڭ تاۋۇتى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان، ئانىسىنى ئاخىرقى قېتىم ئۇزىتىپ قويغان، ئىچ يەرلىكىگە ئۆزى چۈشكەن، ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەت ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيگەن، شەخسەن ئۆزى يەرلىك ئېغىزىنى كېسەك بىلەن قوپۇرغان، بىرىنچى كەتمەن توپىنى ئۆزى تاشلىغان، مەرھۇم ئانىسىنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ تۇپراق بېشىدا تاڭ ئاتقۇچە تۇرۇپ ھەمراھ بولغان بولاتتى !...

ئېھ!... ئۇ ئازابلىق ئىڭرىۋەتتى، ئۆپكىسىنى باسالماي ئېسەدىدى، ئارقىدىنلا مەۋجلىنىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا قاراپ ئىختىيارسىز نىدا قىلدى:

«ئەي، دەريا!... ئانامنى يۇتۇپ كەتكەن مەرەز سوغۇق، قوينۇڭنى ئاچ، مېنى باغرىڭغا ئال!... قېنى، سېنى يۇتسۇن دەپ ئالدىڭغا كەلدىم، قېنى يۇتمامسەن، مۇزدەك تېنىڭ بىلەن جېنىمغا ئاراملىق بېغىشلا!... يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ !... تېز كەل، يۇت دەيمەن، يۇت! !...»

ئۇنىڭ نىداسىغا جاۋابەن دەھشەتلىك دولقۇن ھەيرەتلىك نەرە تارتىپ قىرغاقىقا يەنە زەرب بىلەن يامراپ كەلدى. قىزچاق تېخىمۇ قاتتىق سەنتۈرۈلۈپ ئۆزىنى تەسلىكتە رۇسلىۋالدى. شۇنداقتىمۇ دولقۇن ئۇنىڭ ئۇستۇبېشىغا ئاچ كۆزلەرچە تاشلىنىپ، پۈتكۈل بەدىنىنى چىپپىدە ھۆل قىلىۋەتتى، چاچلىرى تېقىمىغا چاپلىشىپ كۆكسى، ساغرىسى تېخىمۇ پۈلتىيىپ چىقىپ قالدى. دەريا نېمىدۇ بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك، ئەمما تىلى يوق دېيەلمەيۋاتقاندەك بىر خىل رىتىمدا تىنىمسىز شاۋقۇنلايتتى، شامال گۈركىرەيتتى، ئۇششاق - ئۇششاق تۈرمىلەنگەن سۇ يۈزى ئۆركەشلەپ، ئۆركەشلەردىن بۇژغۇنلار ھاسىل بولۇپ ھەريان چاچراتتى.

قىزچاق كىمدۇ بىرىنىڭ شىپىرلىغان ئاياغ شەپىسىدىن ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ، بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ ياندىشىپ، بوشقىنە پىچىرلاپ سۆزلىشىپ، گاھىدا كۈلۈشۈپ، بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئالدىراپ ئۇستىۋېشىنى تۈزەشتۈردى، خۇددى يىراقتىكى مەنزىرىلەرنى بېرىلىپ تاماشا قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. چۈنكى ئۇ باشقىلاردا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئەنە، بايىقى قىز - يىگىت بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە، ئوتلاپ يۈرگەن قويلار، قوزىلار ئۇياق - بۇياققا تاقلاپ ئۇلارغا يول بەرمەكتە، موزايلار ئېرىنچەكلىك بىلەن قەدەم يۆتكەپ ئۇلارغا غەمسىز قارىشىپ تۇرماقتا... ئۇ خۇددى كۆڭلىدە كەزگەنلەرنى ئۇلار سېزىپ قالغاندەك خاۋاتىرلەنمەكتە، تاقەتسىزلەنمەكتە. ئېھ، خۇدا، ئادەم ھاياتىدا ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئۇچۇق - يورۇق ھەرىكەت قىلالمايدىكەن، بۇنىڭغا بويتۇ، ئەمدى ئۆلۈمگىمۇ ئۆز ئىختىيارى بولمىسا - ھە؟... ئۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان سەزگۈلىرىنى تەسلىكتە بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ مىدىر - سىدىر قىلىشقا پېتىنالماي ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرماقتا. كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ پاتراق ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلىمەكتە، يېلىنماقتا. قېرىشقاندەك بايىقى قىز - يىگىت بارغانچە يېقىنلاپ، قىزنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلگەندە بىردىنلا توختاپ ئۇنىڭغا ھەم قىزىقسىنىپ، ھەم گۇمانسىراپ قاراپ قالدى، ئاندىن پىچىرلىشىشقا باشلىدى.

— بولدى قويۇڭ! ...، — مانا بۇ قىزچاقنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى، ئۇ بۇنى ئېنىق ئاڭلىدى، — بەلكىم ئۆزى تۇرغاندۇ، بەلكىم سۇغا چۆمۈلمەكچىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، — پىچىرلىدى يىگىت بوشقىنە، — بېرىپ سوراپ باقايمۇ يا؟

— بولدى قىلىڭ ئەمدى! ... خەپ سىزنىڭ ھەممە ئىشقا

ئاربلىشىدىغان مۇشۇ مىجەزىڭىززە.

قىزچاق يىگىتنىڭ قولىدىن بوشقىنە تارتتى، ئۇلار بىردەم كۈسۈرلاشقاندىن كېيىن يەنە يۈرۈپ كەتتى، بارغانچە يىراقلىدى.

«ئۇھ! ...» يىنىككىنە تىنىۋەتتى سۇ ئىچىدە تۇرغان قىز. ئۇ يەنە كىملەرنىڭدۇ بىمەھەل يېتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپقا ئاداققى نۆۋەت كۆز يۈگۈرتتى. ئەنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپ ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر جۈپ قىزىل رەڭ تۇپلەي، ئۇ بۇ تۇپلىيىنى بەلگە ئۈچۈن قالدۇردى. چۈنكى ئۇ ھازىر ئۆزىنى دەرياغا تاشلىماقچى، بۇ تەڭسىز، شەپقەتسىز دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشماقچى. بەلكىم ئۇنىڭ جەسىتى تېپىلار، بەلكىم تېپىلماس، ئەگەر تېپىلماي قالسا كىشىلەر مۇشۇ بىر جۈپ تۇپلىيىغا قاراپ ھەممىنى چۈشىنىدۇ، بىلىدۇ... ئۇ قانداقتۇر غالىب كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن سوغۇقتىن كۆيۈشكەن، پېيى تارتىشقان ئاياغلىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ دەرياغا، ئۆز نەزىرىدىكى سىرلىق، خاتىرجەم، ئەمما رەڭگارەڭ دۇنياغا قاراپ ماڭدى. ئەنە شۇ چاغدا، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ مىيىپلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ قالدى. ئۇ يول ماڭغاندا ئوڭ پۇتىنى سىلكىپ - سىلكىپ ماڭاتتى، ھەربىر قەدەم ئالغىنىدا بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى سول پۇتىغا چۈشۈپ ساغرىسى بىر تەرەپكە بۆرتۈپ چىقىپ قالاتتى. دېمەك، ئۇ توكۇر ئىدى! قانداقتۇر نامەلۇم ئېغىر دەرد - ھەسرەت ئۇنىڭ كېلىشكەن سۇمباتىنى، روھىي دۇنياسىنىلا ئەمەس، يەنە جىسمىنىمۇ نابۇت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئىستەي! ...

ئادەتتە رېئاللىق تەرپىدىن يەكلەنگەنلەر، خورلانغانلار ئۆزىنى ئۆلۈمگە بىر قەدەم يېقىن ھېس قىلىدۇ. ئۆلۈم پۇرىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرسىمۇ قىلچە جىددىيلەشمەيدۇ، ئەكسىچە راھەتلىنىپ پاتراق يېتىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ، قورقۇشنى بىلمەيدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تىرەپ تۇرغان

ئاخىرقى تىرەك شۇنداقلا يىمىرىلىشى بىلەن ئۇلار ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ بارسا كەلمەس يول، ئەڭ ئەشەددىي چارە ئارقىلىق ئۆزلىرىنى چۇشەكەپ تۇرغان بارچە ھارغىنلىقتىن، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆلۈم گويا رەڭگارەڭ نۇرلار چاقناپ تۇرغان، ئازاب ـ ئوقۇبەت بولمىغان، خۇشخۇي تەبەسسۇملۇق بىر دۇنيا. قارىغاندا ئۇشبۇ قىزچاقمۇ ئۆلۈمگە مۇشۇنداق مۇئامىلە تۇتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى ئۆيدە تۇرغاندەك، ياق، خۇددى تويغا ماڭغاندەك خاتىرجەم، ئىشەنچلىك ھالدا قەدەم تاشلايتتى، كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ غازاڭلىرىدەك سارغايغان تاتىراڭغۇ مەڭزىدە، مەسۇم كۆزلىرىدە نە بىر قورقۇش، نە بىر تېڭىرقاش، نە بىر ئىككىلىنىشتىن قىلچە ئىپادە يوق ئىدى. كۆزلىرىدە سوغۇق، كۆكۈچ بىر ئوت يېلىنجايتتى، بۇ ئوت گويا قاراڭغۇدا كۆرۈنگەن بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ئاشۇ ۋەھىمىلىك، سىرلىق كۆكۈچ ئوتقا ئوخشايتتى... سۇ يۈزى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە، دەسلەپ يوتىسىغا، ئاندىن بېلىگە، مانا ئەمدى كۆكسىگە تاقاشتى، دولقۇنلار گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، ياردەم قولىنى سۇنماقچى بولغاندەك غەزەپ بىلەن نەرە تارتىپ كۈچ بىلەن ئۇرۇلاتتى ۋە ھەربىر ئۇرۇلغاندا قىزچاقنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالاتتى. دەريانىڭ تىلىنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن قىيىن، ئۇ بىر بىلىم، بىر قارىساڭ تىپتىنچ ئېقىپ مۇلايىم ئانىغا ئوخشاپ قالسا، يەنە بىر قارىساڭ غەزەپلىك دولقۇنلاپ ۋەھىمىلىك ئەجدىھادەك قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالىدۇ، تەبىئىتى ئىسسىقمۇ ـ سوغۇقمۇ زادىلا ئىلغا قىلغىلى بولمايدۇ. مەيلى ئۇ قانداق تەبىئەتلىك بولسۇن بىز ئۈچۈن ھامان ئانا، ئەزىز دەريا. تالاي يىللاردىن بۇيان بۇ مۇقەددەس ئانا دەريا ئۆزىنىڭ زۇمرەتتەك سۇلىرى بىلەن ئەتراپىدىكى ئېتىزلارنى قاندۇرۇپ مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا جان ئېتىپ كەلمەكتە. دەريا سۈيى گويا

ئانىنىڭ كۆكسىدىن بالقىپ چىققان ئوغۇز سۈت دېمەكتۇر. بۇ ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىمۇ، يىغىسىمۇ، شادلىقىمۇ، قايغۇسىمۇ مانا مۇشۇ ئەزىم دەريا. بۇ دەريا سۈيى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقان قان. قان بولمىسا نەدىن كەلگەن ھاياتلىق ئۇ؟ بۇ يەردىكى ئادەملەرگە ھاياتلىقنى ئانا دەريا بەردى، ئەمدى مۆرىتى كەلگەندە تارتىپمۇ ئېلىۋالىدۇ، مانا شۇ تاپتا بۇ مۇقەددەس ئانا دەريا بوۋىقىنى قۇچىقىغا ئېلىشقا ئالدىرىغان ئانىدەك ئالدىرىماقتا، تەشنا بولماقتا. چۈنكى ئۇ بوۋىقىنىڭ پەقەت ئۆز قۇچىقىدىلا مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە، تەسەللىگە، پەپىلەشكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ!... دەريا سۈيى بازغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ قىزچاقنىڭ ھەلقۇمىغا تاقاپ قالدى.

— ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!!...، — باياتىن بىرى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋالغان چوپان بالا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالغان چېغى ۋارقىرىۋەتتى، — ئادەم بارمۇ؟!... قۇتقۇزۇڭلار!!...، — ئۇنىڭ ئاۋازى گويا تۇيۇقسىز پارتىلىغان ۋودوروت بومبىسىدەك پۈتكۈل ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى.

— ئەنە!... ئەنە!... ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، تېز!...، — كىمدۇ بىرى بىگىز بارمىقىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

— ئاپلا، چاتاق بولدى، ئۇدۇل قايىنام تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىستەي!...

قىرغاقتا ئەنسىز ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىقتى، ئالامان تەۋرىنىپ كەتتى.

دەل ئاشۇ چاغدا بايىقى بىر جۈپ قىز - يىگىت چەبدەسلىك بىلەن توپنى يېرىپ ئۆتۈپ تۆۋەنكى ئېقىنغا قاراپ يۈگۈردى (يىراقتىن ساھىلدىكى قۇمدا ئېغىناپ ياتقان، ئۇچىسىدا كۈساردىن باشقا كىيىم بولمىغان ھېلىقى بىر توپ قورقۇمسىز ياشلارمۇ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى) يىگىت ئۆزىنى سۇغا

ئاتتى ـ دە، خۇددى تەجرىبىلىك ئۇستا سالچىلاردەك غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كەتتى.

— ئاھ، ساھىل، جېنىم! … دىققەت قىلىڭ! …، — ئۇنىڭ سۆيگۈنى قىرغاقتا يۈرىكىنى مۇجىلاپ تۇتقىنىچە ئەنسىز شىۋىرلىدى.

ئەنە يىگىت چەبدەسلىك بىلەن غۇلاچ تاشلاپ دەريانى قىيا كېسىپ ئۈزمەكتە، ئۇنىڭ بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئالدىنقى تەرەپتە گاھ كۆچۈپ، گاھ لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە مىختەك تىكىلگەنىدى. ئۇ نىشاننى كۆزدىن يىتتۈرۈپ قويۇشتىن قورقىدۇ. يىتتۈرۈپ قويغان هامان بىرقانچە يۈز مېتىر كەڭلىكتىكى دەريادىن قايتا ئىزدەپ تېپىش ھەقىقەتەن مۇشكۇل، تاپقان تەقدىردىمۇ كېچىكىپ قالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممە نەرسە، پۈتكۈل دۇنيا پەقەت ئاشۇ نىشان دېمەكتۇر. قانچە تېز يېقىنلاشسا شۇنچە ياخشى! يىگىت ۋۇجۇدىدا بار بولغان بارلىق كۈچى بىلەن ئالغا قاراپ، قەيسەرانە ئۈزمەكتە ئىدى. كىچىك چاغلىرىدا دەريا سۇلىرىدا، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىپ قويغىنى مانا ئەمدى راسا ئەسقاتتى، دەريا ئۇنىڭ يولىنى توسۇيالمايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆتمۈشتىكى شاھزادىلەر قەلەم ۋە ئەلەمنى ئۆگەنگەندىن سىرت سۇ ئۈزۈشنىمۇ جەزمەن پىششىق ئۆگىنىشى لازىمىمىش، قانداق بولىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇنۇ مەنزىرىلەر ئىختىيارسىز لىپىلدەپ ئۆتتى: خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ ئوغلى — باتۇر شاھزادە جالالىدىن كۆرەڭ قاشقا ئايغىرنىڭ بېشىنى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا بۇرىدى، ئايغىر ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنىدى ـ دە، سۆيۈملۈك غوجىسىنىڭ قامچا سىلىشىنى كۈتمەيلا گويا يادىن چىققان ئوقتەك ئېتىلىپ دەرياغا كۆكرىكىنى ئۇردى، قايناملار ئىچىگە شۇڭغۇدى، باتۇر شاھزادە جالالىدىن سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىدى، ھەيۋەتلىك دولقۇنلار ئۇنىڭ

يولىنى توسۇپ قالالمايتتى، ئايغىر خۇددى قولۋاقتەك دولقۇنلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئىلگىرىلەيتتى، ئۇلار ئاخىر قارشى قىرغاققا چىقىۋالدى، جالالىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ تۆپىلىككە چىقتى، ئۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ قارشى قىرغاقتا تۇرغان چىڭگىزخانغا تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى، ئاندىن ئېتىنى چاپتۇرغانچە ئۇيۇق تامان يىراقلاپ كەتتى. «ئوغۇل بالا دېگەن مانا ئۇنىڭدەك بولۇشى كېرەك! ...» دېدى چىڭگىزخان يېنىدا تۇرغان قالماق باتۇرلىرىغا، قايسى قېتىمقى جەڭدە ئۆزىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ «يېڭىلمەس قوشۇن» دەپ ئاتالغان بۈيۈك موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇغان شاھزادە جالالىدىننى كۆرسىتىپ... ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ئويلاپ كەتتى؟ ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى، دەريا ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى، ئۇ خۇددى ئۇشتۇمتۇت سوغا سەكرەپ چۈشكەن بۇ يىگىتتىن ئەندىكىپ كەتكەندەك بىر پەس جىمىپ قالدىيۇ، شامال گۈركىرەپ دولقۇن يەنە تاشقىنلىدى. كۆردىكى، قىزچاق ئۇدۇل قايناملار تورى تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كېتىپ باراتتى، خەۋپ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا، قايناملار تورىغا چۈشۈپ قالدىمۇ بولدى تۈگەشكىنىنىڭ شۇ، بەئەينى تورغا ئىلىنىپ قالغان چىۋىننى يالماپ يۇتقان ئۈمۈچۈكتەك يالماپ يۇتۇۋېتەتتى. ئۈمۈچۈكنىڭ ئالدىدا چىۋىن دېگەن قانچىلىك نېمە؟ ... ئۇ قىزچاققا بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، ئون مېتىر، بەش مېتىر، مانا ئارىلىق ئۈچ مېتىر... قايناملارغا يېتەي دەپ قالغان ئەنە شۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۇ قىزچاقنىڭ بىلىكىنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى، ئۇنى كۈچەپ يانغا تارتتى، قىزچاق تامامەن ھوشىدىن كەتكەن، ئۆلۈك ئادەمدەك پۈتكۈل ئېغىرلىقىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ تۇراتتى.

قاينام كۈچەپ نەرە تارتاتتى. ئادەم بولسا پۈتۈن جان - جەھلى بىلەن ھاياتلىققا ئىنتىلەتتى. ئارىدىكى تىركىشىش گەرچە قىسقا، بىر دەقىقىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما قىرغاقتا تۇرغانلار ئۈچۈن

گويا ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۆندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. قىرغاقتا يىغا - زار، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى... ئۇ بارغانچە ھالسىراپ كېتىۋاتاتتى، ئۆپكىسى ئېغىزىغا تىقىلىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، ھەتتا قىزچاقنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزى يالغۇز ئەجەل ئېغىزىدىن قېچىپ قۇتۇلماقچىمۇ بولدى. بىراق، ۋىجدانى بۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇ بىر قولىدا قىزنى چىڭ قاماللاپ، غەزەپ بىلەن غۇلاچ تاشلاپ، سۇنى مۇرىدەپ، بىرلا سىلكىنىپ قايناملار ئارىسىدىن ئاخىر، ئېھ!... ئاخىر قۇتۇلۇپ چىقتى. قايناملار تورىدىن ئۆتكەندىن كېيىن دەريا سۈيى بىر خىل رىتىمدا تېپتىنچ مەۋجلىنىپ ئاقاتتى. ئۇ قىزچاقنى بىر قولىدا مەھكەم قۇچاقلاپ سۇنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بىر پەس ئارقىچىلاپ ئۈزدى، ئۆزىنى سۇنىڭ ئېقىمىغا قويۇپ بېرىپ دېمىنى ئېلىۋالدى، ئاڭغۇچە ياردەمگە كەلگەنلەر يېتىشىپ كېلىشتى، خەۋپ تەلتۆكۈس ئۆتۈپ كەتتى.

دەريا يەنە ئۆركەشلىدى، ئەمما بۇ قېتىم ئۇ ئۆز قۇدرىتىنى كۆز - كۆز قىلىش ئەمەس، بەلكى «ھەقىقىي ئوغۇل بالا ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

تاغلاردىكى قارلار ئېرىپ تۆگەپ دەريا سۈيى تارتىلغاندا ئېقىن ئوتتۇرىسىدا گاھىدا دۆمچەك - دۆمچەك ياپيېشىل ئاراللار پەيدا بولىدۇ، بۇنداق چاغلاردا، بەزى بىغەم پادىچىلار ئات - كالىلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ ئارالغا قويۇپ بېرىدۇ، ئەتراپى كەڭ كەتكەن ئېقىن، مەۋجلىنىپ تۇرغان دولقۇن، ئوتتۇرىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن چارۋا ماللار... مانا بۇلار بۇ بۈيۈك ئەزىم دەريانىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى، خاس ئالاھىدىلىكى.

ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالنىڭ بىرىگە چىقىپ قىسقىغىنە ئارام ئالدى. جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى. كىمدۇ بىرى ئالىقىنىنى قىزچاقنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بېسىۋىدى، سېسىق زەردابتەك سۇ

ئېغىزىدىن بۇلدۇقلاپ تاشتى، قىزچاق تامامەن ھوشىنى بىلمەي ياتاتتى، ھەرىكەتتىن توختىغان كۆزلەر يېرىم يۇمۇلغان، ئەزايى ـ بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئەمدى دەرھال قىرغاققا چىقىپ ئۇنۇملۇك چارە قوللانمىسا ئەھۋال خەتەرلىك. ئادەملەر تۇشمۇتۇشتىن قىزچاقنى ئارىغا ئېلىپ يەنە سۇغا چۈشتى، قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى.

— ئاھ، جېنىم ساھىل!…، — يىگىت ھارغىن قەدەملىرىنى يۆتكەپ قىرغاققا چىقتى، بايىقى قىز ئۇنى يىغلاپ تۇرۇپ قارشى ئالدى، — بەكمۇ قورقۇپ كەتتىم!… خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرى!…

— گۈلھايات، — دېدى يىگىت تولىمۇ ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قىزچاققا ئۇدۇل قاراپ، ئۇنىڭ ئۈستىۋېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆل، پۇتىدا يەكپاي ئاياغ، يەنە بىر پېيى نەلەردە چۈشۈپ قالدىكىن؟… كىيىم ـ كېچەكلەردىن شۇرقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرماقتا، — سىزگە كۆپ رەھمەت، ئەگەر سىز بولمىسىڭىز… سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، سىزنىڭ يىغىڭىز ماڭا كۆپ مەدەت بولدى!…

— ئېھ، جېنىم ساھىل!…، — قىزچاق ئۇنىڭغا ئېسىلىشقا تەييار ئىدى. ماكان ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى، شۇنداقتىمۇ قاتتىق ھاياجاندىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ يىگىتنىڭ ئالىقانلىرىنى مەڭزىگە ياقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مېھرىلىك باقتى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

— يۈرۈڭ ئەمدى، گۈلھايات، — دېدى يىگىت ئۆزىگە كېلىپ، — بايقۇش قىزنىڭ يېنىغا بارايلى، ھالىدىن خەۋەر ئالايلى!…

ئانچىكىم نېرىدا قۇملۇق ساھىلدا بىر توپ ئادەملەر چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. ھەممىنىڭ كۆزىدە ئېچىنىش، تەشۋىش، تەقەززالىق ئالامەتلىرى تۆكۈلۈپ تۇرماقتا، ئەتراپنى

سۇكۇت باسقان، ئالىلىكىملەر گاھى ـ گاھىدا ئۇھسىنىپ قويماقتا، توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان كۆزەينەكلىك بىر كىشى جىددىي قۇتقۇزۇش بىلەن ئاۋارە، ئۇ بىردەم ئەتراپتا توپلىنىپ تۇرغانلارغا قىسقا ـ قىسقا بۇيرۇق قىلسا، يەنە بىردەم قىزچاقنىڭ كۆكرىكىنى ئالىقىنى بىلەن كۇچەپ بېسىپ نەپەسلەندۇرمەكچى بولاتتى. كالپۇكلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئۇۋۇلايتتى، قاپاقلىرىنى ئېچىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ قوياتتى.

— ئەكېلىڭ، ئاكا، — دېدى يىگىت توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، — بۇياققا بېرىڭ، — دەپ يېنىدىكى قىزنى ئىما قىلدى ئۇ، — بۇياقنىڭ ئۆزى پراكتىكانت دوختۇر!

— ئوھوي، — دەۋەتتى كۆزەينەكلىك كىشى بۇ جەسۇر يىگىتنى ھەم ئۇنىڭ يېنىدىكى قىزنى كۆرۈپ، — كېلىڭلار، باللىرىم، خۇددى خىزىردەك دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار.

يىگىت «گۇلھايات» دەپ چاقىرغان بايىقى قىرقىم چاچ قىز شۇئان ھەرىكەتكە كەلدى، ئاۋۋال چاپىنىنى يېشىپ قىزنىڭ ئۇستىگە ياپتى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ خۇددى يالىڭاچ ياتقاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان قىزنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دوختۇرلارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن بېشىنى قىزنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ يۈرىكىنى تىڭشىدى، قاپاقلىرىنى ئېچىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئالىقانلىرىنى كۆكسىگە جۈپلەپ قويۇپ تۆۋەنگە باستى، بىراق ئەھۋالدا ھېچ ئۆزگىرىش يوق، نەپەس يوق، يۈرەك مۇزلىغان... قىزچاق بىردىنلا جىددىيلەشتى.

— دەرھال بولۇڭ، ساھىل، — دەپ يىگىتكە نىدا قىلدى ئۇ، — ئەھۋال خەتەرلىك، ئەمدى سۇنئىي نەپەسلەندۇرۇشتىن باشقا چارە قالمىدى! ...

مانا، يىگىتنىڭ بۇرۇتلىرى پاكىز قىرقىلغان، كۈچلۈك

لەۋلىرى قىزچاقنىڭ تاتارغان ئەمما مايسىدەك يۇمران، تەمسىز لەۋلىرىگە تەگدى، لەۋ لەۋگە جۈپلەندى، يىگىتنىڭ قايناق نەپسى قىزچاقنىڭ مۇزدەك يۇزلىرىنى سىيپاپ ئۆتمەكتە. ئۇ ئېغىزىغا هاۋانى تولدۇرۇپ كۆچەپ ـ كۆچەپ پۈۋلىمەكتە، مونچاقتەك تەر ماڭلىيىدىن سىرغىپ چىقىپ، قىزچاقنىڭ مەڭزى، پېشانىلىرىدە شاردەك دومىلاپ توختاپ قالماقتا. قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ بەئەينى نومۇسچان قىزلاردەك كۈلمەكتە. هەئە، تەر دېگەن هاياتلىقنىڭ مەنبەسى هەم جەۋهىرى، مەيلى قانچىلىك قاغجىرىغان يەرلەر بولسۇن تەرلەر تۆكۈلگەن هامان، سۇغا قانغان هامان قايتىدىن ياشناپ هاياتىي كۈچكە تولىدۇ. خۇددى تۆمۈرچى مىسران قىلىچنى ئوتتا سوقۇپ، ئاندىن ئۇنى سوغۇق سۇغا سېلىپ سۇغارغاندەك تەرمۇ ئادەملەرنى قايتىدىن سۇغىرىپ ئالەمگە تونۇتىدۇ!... يىگىت ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇغان هالدا قىزچاقنىڭ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى يېقىپ «هە» دەپ پۈۋلىمەكتە ئىدى. ئەگەر ئەتراپتا توپلىشىپ تۇرغانلار بولمىسا، يىراقتىن قارىغان ئادەم ئۇلارنى خۇددى مۇهەببەتنىڭ شېرىن، لەززەتلىك قايناملىرىغا ئەسىر بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلارمىكىن دەپ قالاتتى.

— ئاھ! — دەۋەتتى دوختۇر قىز گۈلهايات هاياجانلىنىپ، — ئۇ هوشىغا كەلدى، ئاخىر هوشىغا كەلدى.

ئەتراپتىكى ئادەملەر توپى داۋالغۇدى.

قىزچاقنىڭ يۇرەك رىتىمى ناهايىتى ئاستا هەم ئاجىز ئىدى، كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ هوشسىز ياتاتتى. بىراق يۇزلىرى بايىقىدەك تاتىراڭغۇ ئەمەس، سەل ـ پەل قان يۈگۈرگەن، ئازراق قىزىللىق ئارىلاشقان، خۇددى ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالغان چوغدىن تارقالغان هارارەتتەك سۇسقىنە بىر هارارەت تارقىلىپ تۇرماقتا.

يىگىت ناهايىتى چارچاپ كەتكەنىدى، مونچاقتەك ـ مونچاقتەك تەر تامچىلىرى ماڭلايلىرىدىن قۇيۇلاتتى، ئۇ بايا

دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ ئەجەل بىلەن ئېلىشتى، مانا ھازىر يەنە... تۇۋا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا بۈگۈن ناھايىتى ئۇنتۇلغۇسىز ئاجايىپ بىر كۈن بولدى - دە.

پېشانىسىگە قىزىل كرېست سىزىلغان بىر دوختۇر ماشىنىسى «ۋىژ - ۋىژ» ئاۋاز چىقىرىپ يېتىپ كەلدى. ئاپئاق خالات كىيگەن سېسترالار نوسىلكىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— خوش، — دېدى بايىقى كۆزەينەكلىك كىشى ھوشسىز ياتقان قىزچاقنى ماشىنىغا چىقىرىپ، بايىقى بىر جۈپ ياش قىز - يىگىتكە تەبەسسۇملۇق بېقىپ، — قولۇڭلارغا دەرد كەلمىسۇن، بەختىڭلار ئۆزۈڭلارغا يار بولسۇن، سىلەردەك قەيسەر بالىلارنى باققان ئاتا - ئانىلارغا مىڭ رەھمەت، «ئاپىرىن». قىزچاقنى سىلەرگە تاپشۇردۇم ئەمىسە... ئامان بولغايسىلەر، خەيرخوش...

— ھېلىمۇ ياخشى قۇتقۇزۇش دەل ۋاقتىدا بوپتۇ، — دېدى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن چىققان ۋىراچ — باش دوختۇر زالدا ساقلاپ تۇرغان قىز - يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بولمىسا ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك بولاركەن!... ھازىر خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تېخى ھوشسىز، كىرىپ كۆرۈپ چىقساڭلار بولىدۇ!...

مانا تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان بالنىتسىدا، تۆت - بەش كارىۋات قاتار قويۇلغان، بىمارلارنىڭ بەزىلىرى پاراڭ سېلىشماقتا، گاھىلىرى كىتاب كۆرمەكتە، گاھىلىرى ئۇخلىماقتا، ئەنە ئاۋۇ ئىچكىرىدىكى كارىۋاتتا قىزچاق ھوشسىز ياتىدۇ، ئۇنىڭ بېشى بىر ياققا قىيسايغان، لەۋلىرى تاتارغان، كۆكسى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ - پەسىيىپ تۇرىدۇ، گاھى - گاھىدا ئىڭراپ قويىدۇ.

گۈلھايات كارىۋات بېشىدا ئولتۇرۇپ قىزچاقنىڭ چاچلىرىنى

بارماقلىرى بىلەن تاراپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى. ساھىل چايداننى كۆتۈرۈپ قايناق سۇغا ماڭدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاياغ ھېلىھەم يەكپاي بولۇپ، ئاياغلىرى بىلەن يەر دەسسەپ ماڭغاچقا، ئاپئاق پايپاقلىرى قاپقارا لاي بولۇپ كەتكەنىدى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قارايتتى.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندەك ئىدى، ئۇلار ئەمدى قايتماقچى بولدى، ھوشسىز ياتقان قىزغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا سىرتقا ماڭدى.

سىرتتا كىچىككىنە بازار قايناپ تۇرماقتا، ئادەملەر مىغىلداشماقتا. ئۇزايمىدىن ئۇلار تېخى بايىلا دەريا بويىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى پاجىئەدىن خەۋەرسىزدەك كۆرۈنەتتى.

— بايىقۇش قىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت چۈشكەن ئوخشايدۇ، — دېدى يىگىت مەيۈسلىنىپ.

— شۇنداق، — دېدى جاۋابەن قىزمۇ يەرگە قاراپ، — بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق، مېنى كەچۈرۈڭ، ساھىل، ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىلمەن!...

— نېمىشقا؟ — ئەجەبلەندى ئۇنىڭ سۆيگۈنى.

— بايا دەريا بويىدا سىزنىڭ يۈرىكىڭىز بىر پېشكەللىكنى سەزگەنىكەن... بىراق مەن... سىزنى توسۇپ قويدۇم... بولمىسا ئىشلار بۇنچە خەتەرلىك بولۇپ كەتمەس ئىدى...

— كېرەك يوق، گۈلھايات، — دېدى يىگىت ئىچ كۆيەرلىك بىلەن، — ئەگەر رەھمەت دېيىشكە توغرا كەلسە مەن سىزگە دېسەم بولىدۇ... سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، سىزنىڭ يىغىڭىز ماڭا كۆپ ئىلھام بولدى!...

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — سورىدى قىز.

— ئۇنىڭ ھالىدىن ئىككىيلەن خەۋەر ئالايلى، بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداق دېمەكچىدىم.

— ناھايىتى ياخشى، گېپىمىز گەپ. مەن ئەتە ئەتىگەن ئۇنى يوقلاپ باراي، سىز چوقۇم تاماق ئەكىرىڭ!

— خوپ! ...

كۆكتە تولۇن ئاي گويا بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇقلارغا ھەۋەس قىلغاندەك، يولىنى يورۇتماقچى بولغاندەك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

※ ※

غەربىي مېرىدىئان 87°20′، شىمالىي پاراللېل 43°41′ سىزىقى كېسىشكەن ئورۇندا بىر قاقاس چۆللۈك بار. چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆمۈلۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئۈچ پوتلۇق بىر مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، مەشھۇر ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى نەق مۇشۇ يەردە. بۇ يەردىن شىمالغا قاراپ تەخمىنەن يىگىرمە كىلومېتىر ماڭغاندا ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. شىمالدىكى ئالتاي، شەرقتىكى قۇمۇل، غەربتىكى ئىلى ۋە جەنۇبتىكى قەشقەر، خوتەن شەھەرلىرى بۇ يەرنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى بۇ رايوننىڭ مەركىزى، ھەر يىلى شەھەر - شەھەرلەردىن، يېزا - قىشلاقلاردىن، تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوقۇغۇچىلار بۇ مەركىزىي شەھەرگە كېلىپ بىلىم تەھسىل قىلىدۇ، بۇ يەردە نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر بار.

ئەنە شۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى. كەچ، كەڭرى قورۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرماقتا، قورۇ ئىچىدە يوغان بىر كۆل بار، ئۇنىڭ ئەتراپىنى بوك - باراقسان مەجنۇنتاللار قورشاپ تۇرىدۇ. كۆل سۈيى تىپتىنچ، نە بىر دولقۇن مەۋج ئۇرمايدۇ، ھەتتا سەل پاسكىنا بولغان، ئەخلەت - چاۋارلارغا تولغان، چىرىگەن پاقا لەش ھەممە ياقنى قاپلىغان، بۇ يەردە چۆمۈلۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس... كۆل سۈيى

خۇددى بۇيۇك ئەزىم دەرىيادەك دولقۇنلاشنى بىلمەيدۇ، مەۋج ئۇرمايدۇ، بۇ يەردە ھېلىقى قورقۇنچلۇق قايناملار يوق، ئوتلاپ يۈرگەن پادىلار يوق، كۆۋرۈك يوق، توققۇز تال ئاركا يوق، ھەتتا بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىنى كۆن بويى قاپقارا ئىس - تۈتەك قاپلاپ تۇرىدۇ، كۈن نۇرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ھاۋاسى چاڭ - توزان بىلەن قاپلانغان. تۈكۈرۈلگەن تۈكۈرۈك يەرگە چۈشكىچە قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان ھېلىقى سەلتەنەتلىك كۈرەش يوق، «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋاز يوق، سۇغا چۆمۈلۈپ، ساھىلدىكى قۇمدا ئاپتاپسىنىپ سۇنايلىنىپ ياتقان ھېلىقى قورقۇمسىز ياشلار يوق. قارشى قىرغاق يوق، ئېتىز - ئېرىق يوق، ھەيۋەتلىك تاغلار يوق، ساياھەتچىلەر يوق، ئادەملەر سۇغا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقمايدۇ، چۈنكى كۆل سۈيى ئۇلارنىڭ تىزىغا يەتمەيدۇ. بۇ يەردە چېپلەك - چېپلەكلەرگە دەريا سۈيىنى لىق تولدۇرۇپ پىسخىلىدىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتقان يېزا ئاياللىرى يوق، قىپيالىڭاچ باللار يوق، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، بۇقىلارنىڭ ئازىنىشى، خورازلارنىڭ چىللىشى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى يوق! ئەنە ئاۋۇ كۆل ئوتتۇرىسىدىكى دوڭغىيىپ تۇرغان تاغلارمۇ سۈنئىي، گۈللەرمۇ سۈنئىي، ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىمۇ سۈنئىي، بۇ يەرنىڭ ھەممىلا نەرسىسىگە «سۈنئىيلىك» تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان. بىراق قىزىق يېرى شۇكى، ھازىرقى ئادەملەر بولۇپمۇ ياشلار بۇ يەرگە چەكسىز ھەۋەس - ئىشتىياق باغلايتتى، خۇددى تەييار تۇرغان بىر تاۋاق پولۇ باردەك. ھەممە ئادەم ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى، ئەسلىدىلا قىستا - قىستاڭ بولۇپ تۇرغان ئادەملەر قاينىمىغا قىستىلىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ يەرنىڭ چاڭ - توزانلىق ھاۋاسى، سېسىقچىلىقى ئۇلارنىڭ بۇرنىغا گويا ئۇپا - ئەنبەر بولۇپ پۇرايتتى. ئۇلار گېزى كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن

يېزا ـ قىشلاقلىرىنى، ئۇ يەرنىڭ سۇپسۇزۇك سۇلىرىنى، پاكىز ھاۋاسىنى، گۈزەل يايلاقلىرىنى، ھەيۋەتلىك تاغلىرىنى، خوراز ـ توخۇلىرىنى، قوزا ـ قويلىرىنى، بېدە ـ سامانلىرىنى، ئېتىز ـ ئېرىقلىرىنى، يارۇ بۇرادەرلىرىنى بۇ يەرنىڭ بىر تال سېسىق تەڭگىسىگە تېگىشىۋېلىشتىن يانمايتتى.

بىراق بۇ يەردە ھېلىقىدەك ھەيۋەتلىك تاغلار بولمىغىنى بىلەن، ئاسمان ـ پەلەك بوي تارتقان ئېگىز ـ ئېگىز ئىمارەتلەر سان ـ ساناقسىز بار ئىدى. ئات ـ كالا، قويلار بولمىغىنى بىلەن كوچا ـ كويلار ماشىنىلارغا لىق تولۇپ كېتەتتى. كىنوخانا، ئاشپۇزۇل، تانسىخانا، قاۋاقخانىلار يېزىدىكى دېھقان ئۆيلىرىدىن كۆپ كاتتا ئىدى. بۇ يەردە «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەن ئۇقۇم مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى.

بۇ يەردە يەنە ياقىسىغا چاڭ قوندۇرماي يۈرىدىغان ئاجايىپ ئۇقۇمۇشلۇق، ھۆرمەتلىك ئادەملەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. كىتابخانىلار ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى. يەنتە ئىقلىمدىكى تۇرلۇك ـ تۇمەن كىتابلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە تېپىلاتتى.

ھەر كۈنى دېگۈدەك بەس ـ مۇنازىرە، مۇھاكىمە يىغىنلار، تەنقىقاتلار، يېڭى بايقاشلار بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئىلمىي مۇنازىرىلەر شۇ قەدەر قىزىپ كېتەتتىكى، ئەييۇھەنناس، ۋاراقلاپ تۇرغان قازاندەك، چۇشۇپ كەتسەڭ ۋۇجۇدۇڭنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك بىلىنەتتى. بۇ مۇنازىرىلەرنى ئاڭلىساڭ ئۆزۈڭنى خۇددى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان سەبىي بالا ياكى ئورمانلىقتىن يېڭىلا قېچىپ چىققان ياۋايى ئادەم ھېسابلاپ قالىسەن.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇشۇ شەھەرگە بولغان تەسراتى. ئۇ بۇ شەھەرنى ياخشى ياكى يامان دېيەلمەيدۇ، ياخشى دەي دېسە تىلى قىسقا كېلىدۇ، يامان دەي دېسە دىلى ئۇتتا كۆيىدۇ.

مانا شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆل بويىدا تۇرغىنىغا يېرىم كۈن بولاي

دېدى. بۈگۈن ئۇ ئۈچىسىغا يارشىملىق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، چاچلىرىنى پارقىرىتىپ مايلاپ بىر يېنىغا تارىۋالغان، پۈتىدىكى شىبلىتى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرماقتا. ساۋاقداشلىرى ئۇنى دائىم ياۋروپالىقلارغا ئوخشىتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى سۈتتەك ئاپئاق، بۇرنى قاڭشارلىق، چاناقلىرى ئورەكتەك چوڭقۇر، كۆزلىرى تەبىئىي قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ، ئاشۇ چوڭقۇر چاناقلىرى ئىچىدە بەئەينى قېلىن تۇمانلار ئارىسىدىن كۆرۈنگەن ئۆتكۈر چىراغ نۇرىدەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ماختاشلارغا پەقەت مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇ ئەسلىي ئۆزىنىڭ ئاشۇ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى بىلەن قىزلارنىڭ كۆز يېغىنى يېسە بولاتتى. بىراق قىزلار ھازىر نېمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭدىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بىرىگە ئاشىق...

ئۇ پات ـ پاتلا قولىدىكى سائەتكە تاقەتسىزلىنىپ قاراپ قوياتتى. ئەسلىي ئۇ كۆل بويىغا قۇياش تېخى تاغ ئارقىسىغا مۆكۈنمەستە چىققانىدى، ھازىر بولسا ئەتراپ ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىپ، نېرىدىكى سىنىپلارنىڭ چىراغلىرىمۇ تەلتۆكۈس ئۆچۈپ ئوقۇغۇچىلار كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتىدىغان چاغ بولدى. ۋەھالەنكى ئۇ يەنىلا كۆل بويىدا كىمدۇ بىرىنى تاقەتسىزلىنىپ ساقلىماقتا. ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ تىتىلدىماقتا، ۋاقىت بىر دەقىقە ـ بىر دەقىقىدىن ئۆتمەكتە، بىراق ساقلاۋاتقان ئادەمنىڭ قارىسى تېخى كۆرۈنمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىسمى زامان. ئاشۇ ئەزىم دەريا سۇلىرىغا چۆمۈلۈپ چوڭ بولغان يىگىت. دەريا ئۇنىڭ ئانىسى، ئۇ دەريانىڭ كۆكسىنى ئېمىپ چوڭ بولدى، مانا ئەمدى دەريا ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگىنىگە بۈگۈن توپتوغرا ئۈچ يىل بىر يۈز ئاتمىش بەش كۈن بولدى، ئۇنىڭ دادىسى

ئۇيغۇر، ئاپىسى قازاق ئىدى، ئۇ ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ، كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھېرىس، شېئىرىي ھېسسىياتقا باي بولۇپ يازغۇچى بولسام دېگەن ئارزۇسى بار ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى ياكى ئاتا - ئانىسى، ئۇلارنىڭ بۈيۈك مۇھەببىتىنى ھېكايە قىلىپ يازماقچىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ بىر خاتىرىسى توشۇپ يېڭىدىن يەنە بىر خاتىرە ئالدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ناھايىتى ياخشى ئوقۇغانىدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. لېكىن ھازىرچۇ؟ ئەھۋال تامامەن باشقىچە. قەلبىدىكى غايىلىرى، گۈزەل ئىستەكلىرى خۇددى دېۋانىنىڭ خورجۇنىدەك كونىراپ تىتىلىپ، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئاشۇ... ئاھ، ئاشۇ قىزغا ئاشىق - بىقارار بولغاندىن باشلاپ ياشاش ئىشەنچىسىنى، ئادەمىيلىك غۇرۇرىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. سەۋدايىلىق ئۇنى مۇھەببەتتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىماس مەجرۇھقا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، ئىلگىرىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى، ئېھ، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە؟ !... ۋە يەنە ئاشۇ قىزغا ئاشىق - بىقارار بولغاندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىشلىرى زادى ئىلگىرى باسمىدى، ئۆگىنىش نەتىجىسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى، خۇددى «ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك مۇھەببەت جەھەتتىكى ئوڭۇشسىزلىقنى ھاراقتىن ئېلىپ، ھازىر ئىزدەپ ھاراق ئىچىپ سىپى ئۆزىدىن بىر زابويغا ئايلىنىپ قالدى، ساۋاقداشلىرى ئالدىدا ھۆرمىتى يەر بىلەن يەكسان بولدى... ئەنە جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر كۆل بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرمەكتە. ئاللىكىملەر قۇچاقلىشىپ سۆيۈشمەكتە،

ھەممە ئادەم ئۆز جۈپى بىلەن، پەقەت ئۇلا تىكەندەك يالغۇز، خۇددى يىڭنە ئۈستىدە تۇرغاندەك تىت ـ تىت بولماقتا. كەچ كىرىپ كىنودىن تارقىلىدىغان ۋاقىت بولدى، قىزچاقنىڭ قارىسى تېخى كۆرۈنمەيدۇ، بولمىسا بۈگۈن ئەتىگەن سىنىپتا ئۇنىڭغا كەچقۇرۇن كىنو كۆرۈپ كېلەيلى، سىزنى كۆل بويىدا ساقلايمەن دېگەن، قىز ماقۇل دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. خەپ... نېمىشقا چىقمايدۇ ئۇ؟ كۆرگۈسى يوق بولسا ئېنىق دېسە بولمامدۇ؟... ئۇ چىراغلار يورۇپ تۇرغان ئاسفالت يولغا سىنچىلاپ قارىدى. بۇ يولنىڭ بىر ئۇچى قىزلار ياتاق بىناسى تەرەپكە، يەنە بىر ئۇچى مۇشۇ كۆلگە تۇتىشاتتى، يولدا ساپلا ناتونۇش چىراي ـ كۆلەڭگىلەر ئالدىرىشىپ ماڭماقتا. مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن چەكسىز. مىسالەن ئۇنى ئالايلى، ناھايىتى يىراقتىنلا قىمىرلىشىپ يۈرگەن سان ـ ساناقسىز ئادەملەر ئارىسىدىن، ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، كىيىم ـ كېچەك، روھىي قىياپىتىگە بىر قاراپلا قىزچاقنى تونۇۋالاتتى!...

ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھىجران ئازابىنى سالغان بۇ قىزنىڭ ئىسمى رابىيە، ئىككىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ، ئۇمۇ دەريا ئانىنىڭ بالىسى — قىزى. ئۇنىڭ كۆكسىنى ئېمىپ چوڭ بولغان، ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلگەن يىلى تونۇشتى، مەكتەپكە كېلىپلا قوشنا يىللىقتىكى بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلەشتى، كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇ ئايرىلىپ كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنىڭ بۇ زامانىنىڭ يۈرىكىدە ئىشق ئوتى ۋالىلداپ بالاغا قالدى، بولمىسىغۇ رابىيە ئانچە چىرايلىق قىز ئەمەس، ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك ئۆزگىچە يەرلىرى يوق، نەرى يېقىپ قالدىكىنتاڭ، زامان ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيۈپ سەدپارە بولدى، كېچىلىرى ئۇيقۇسى بۇزۇلدى ۋە ئاخىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېلىنجاپ تۇرغان ھېلىقى ئالىيجاناب، گۈزەل غايە ـ ئارزۇلىرىنىڭ ئورنىنى مۇھەببەت ئىستەكلىرى ئىگىلىدى.

گەرچە ئۇنىڭ رابىيەگە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى زادى چۈشىنەلمىدى. رابىيە ئۇنىڭ بىلەن خۇددى ئىلگىرىكى مۇھەببىتىنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ياكى سۆيگىنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئارىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەمىشە كۈلۈپ - يايراپ، نايناقلاپ يۈرىدىغان بۇ قىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسىلا قاپاقلىرىدىن مۇز يېغىپ، يامغۇرلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ «ھە» دېسە ئۇنىڭغا دەشنام بېرىپ ھەتتا مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى. بىر دەم يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىپ ماقۇل دېسە، بىر دەم ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى تېنىۋالاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىشى بىلەن ئۆزىنى خۇددى قاپاققا سېلىپ كولدۇرلاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. مانا بۈنىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئار كەلدى، ئىھ، خۇدا... ئەجەب ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيگىنى، ئاشىق - بىقارار بولغىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھمۇ؟ نېمانداق مۇئامىلە قىلىدۇ بۇ قىز؟! ... قىزچاقنىڭ بىشەملىكى، مەنمەنچىلىكى بايقۇش يىگىتنىڭ سۆڭىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ، يىلىكىگە پاتتى. بىراق ئۇ يەنىلا سەۋرچان، ھامان سەۋرچان. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ سەمىمىي، ساپ مۇھەببىتى بىلەن قىزچاقنى قايىل قىلماقچى، تەسىرلەندۈرمەكچى.

ئويلا - ئويلا ئۇ ئازابتىن ئىگراپ تاشلىدى، ئۆزىنى خۇددى خورلانغاندەك ھېس قىلىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. بەئەينى پۈتكۈل غەزىپىنى بىر يولدىلا چىقارماقچى بولغاندەك قولىدىكى تاماكىنى ئىچىگە كۈچەپ - كۈچەپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بۇنچە تۆۋەن، ئاجىز، خورلانغان ھالەتتە كۆرمىگەنىدى، بەئەينى خۇشى كەلسە قۇچاقلاپ ئوينايدىغان، بولمىسا پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىدىغان لاتا قونچاققا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنى لاتا

قونچاقتا ئوخشىتىپ قويغان باشقا كىشى ئەمەس، بەلكى يۈرىكىدىن سۆيگەن، سەمىمىي مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان دەل مۇشۇ رابىيە ئىدى.

ئەسلىي ئۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا هامان غالىب يىگىت ئىدى، قولىنى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتەتتى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا خاس يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى بىلەن قىزلارنى كۈلدۈرۈپ ئىچ - باغرىنى ئۆزۈۋېتەتتى، لېكىن هازىر ئۇنىڭ تىللىرى تۇتۇلغان، كۈلۈشنى تامام ئۇنتۇغانىدى، باشقىچە يوچۇن ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا قىزلار ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشتىن ئەيمىنىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇ مۇھەببەت ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن بىچارە بايقۇش، ۋەيرانە دەرۋىش، خالاس. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن مۇھەببەت تەلۋىلىكىدىن باشقا هېچ ئىش كەلمەيدۇ!

تۇرۇپلا ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاشۇ گۈزەل چاغلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەپ كەتتى. چاناقلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلدى، شۇنداق، ئادەم ئوخشىمىسىز لىققا ئۇچرىغان، قەلبى ئازار يېگەن چاغلاردا ئۆتمۈشتىكى بەختلىك چاغلارنى ئەسلەش ئارقىلىق كۆڭلى تەسەللى تاپىدۇ.

ئېھ، نېمىدېگەن ئېسىل چاغلار ئىدى - ھە؟ ساۋاقداشلار خۇددى بىر چاڭگىدىكى قۇش باللىرىدەك ۋىچىرلىشىپ، ئىجىل - ئىناق ئۆتەتتى، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىنى ئەسلىسىلا بىرىنچى بولۇپ ھەممىشە مۇڭلىنىپ يۈرىدىغان ساۋاقدىشى غەلىبە كۆز ئالدىغا كېلەتتى، قاپقارا سۇمبۇل چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدىغان غەلىبە تال چىۋىقتەك زىلۋا، يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق، قاش - كۆزى تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان، چىرايلىق قىز ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ نامرات ئائىلە، بەختسىز مۇھىتتا چوڭ بولغاچقىمۇ دائىم مىسكىن، غېرىبسىنىپ يۈرەتتى، بۇ ئىش ھەتتا ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگىمۇ تەسىر يەتكۈزگەنىدى. غەلىبە ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى

كۆرسىلا قورقۇپ، تارتىنىپ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ، بايقۇش ھەي، ئۆزىنى يوشۇرغۇدەك يەر تاپالماي قالاتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە زامان خۇددى مەخسۇس سۆيگۈ ئۈچۈن يارالغان مەبۇدىدەك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭغا چەكسىز چوقۇناتتى، يىگىتنىڭ سۆزلىرى مەيلى توغرا، مەيلى خاتا بولسۇن چەكسىز ئىتائەت قىلاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقى، قېنى ھەم جېنى بىلەن يىگىتنى سۆيۈشكە تەييار ئىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاشۇ يىلى، ئۇلار بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلار بۈيۈك ئانا دەريا — ئىلى دەرياسى بويلىرىدىكى توقايلىققا سەيلىگە چىقتى، ئەنە شۇ چاغدىكى مەنزىرىلەر خۇددى ئاخشام بولۇپ ئۆتكەندەك ئۇنىڭ يادىدا ھېلىھەم ئېنىق ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، قانلىرى قىزىغان بىزنىڭ بۇ يىگىت پىنھان يەردە غەلىبەنىڭ بىلىكىدىن «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى.

— قويۇپ بېرىڭ، قويۇڭ!...، — قىزچاق ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، ۋىللىدە قىزىرىپ تەرلەپ كەتتى.

— غەلىبە، مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم، — دەيتتى يىگىت كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقان ياكى راست دەۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلىش تەس ئىدى، — ئىككىمىز مۇھەببەتلىشەيلى... بىلىمەن سەنمۇ ماڭا كۆيۈك... ماقۇل دە...

— قويۇپ بېرىڭ، سەت بولىدۇ، — دەيتتى قىز يالۋۇرۇپ.

— سەن ئاۋۋال ماقۇل دە، ئاندىن قويۇپ بېرىمەن!...

قىزچاق خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئويلىشىشقا بولمايدۇ، — دېدى يىگىت تەكەببۇرانە، — قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ، قارىغاندا مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايسەن!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس...، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى ساددا قىز.

— ئەمىسە نېمىشقا ماقۇل دېمەيسەن؟

— ماقۇل... ئەمدى قويۇپ بېرىڭ.

— ياق، بۇ سۆزنى ئىسپاتلاش كېرەك، — ئۇ غەلىبەنىڭ بىلىكىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، — قېنى دېگىنىڭ راست بولسا مېنى سۆيۈپ قوي!...

— ياق!...

ئۇنىڭ گېپى ئىچىدە قالدى، چۈنكى يىگىت لەۋلىرىنى ئۇنىڭ ھېقىقەتەك قىزىل، لىپىلداپ تۇرغان لەۋلىرى ئۈستىگە مەھكەم بېسىۋالغانىدى، قىزچاق تېپىرلىغانچە ئۇنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە، قېلىن توقايلىققا قاراپ قاچتى، يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى...

مانا شۇ قىز. ئېھ، ئاشۇ سۆيۈملۈك غەلىبە ئاخىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى مەلۇم بىر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. ھەر يىلى كانىكول بولۇپ ئۆيگە قايتقاندا بايقۇش قىز ئۇنى دائىم يوقلاپ تۇراتتى. قارىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوتلۇق ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدەك، ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقاندەك تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئۇنى ساقلاپ باشقا بىرى بىلەن مۇھەببەتلەشمىگەندەك ۋە يىگىتنىڭ قەلبىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ ئۇنى ئۇنتۇپ ئەكسىچە رابىيە ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن خەۋەرسىزدەك، بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ مۇھەببەت ئۇچۇن ئىزچىل كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى... ، مانا مۇشۇلارنى ئويلىغاندا يىگىتنىڭ يۈرەكلىرى ئىختىيارسىز پىژىلداپ كۆيۈپ، ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ كېتەتتى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا غەلىبەنىڭ سەممىمي، ساپ مۇھەببىتىنى دەپسەندە قىلغانىدى، مانا ئەمدى رابىيە ئۇنى...

ھەممىدىن ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، قايسى يىلى كانىكول بولۇپ ئۆيگە قايتقاندا، ئۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەختە - لەختە قان قىلغۇدەك غايەت زور بىر ئۆزگىرىشنى بايقاپ قالدى. غەلىبە

توكۇر بولۇپ قالغانىدى، ئۇنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر ماشىنا سوقۇۋەتكەنىكەن، ئىلگىرى ساپساق بىر قىز، مانا ئەمدى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە··· ، ئىستەي، بايقۇش قىز!···

تېخى تۈنۈگۈن كېچە، غەلىبە ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولغانىدى: ئۇ بېشىغا ئاپئاق هازا ياغلىقى تاڭغان هالدا ئەزىم دەريا بويىدا تۇرغانىمىش، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەرمىش، دەريالار ئۆركەشلەپ، مەجنۇنتاللار ئۇنىڭ يىغىسىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلارمىش، ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغانىمىش··· ، ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ ئۇگە - ئۇگىلىرىنىڭ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇ ئويغانغانچە ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئازابلىنىپ تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقتى.

يەنە مۇشۇ قىز — سۆيۈملۈك غەلىبە هازىر باغرى ئىللىق ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئۆز مۇھەببىتى، ئەقىدىسىگە ئىزچىل تۇردە ئەمەل قىلىپ هاياتلىق ئۇچۇن تىرىشىپ - تىرمىشىپ كەلمەكتە. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇ غەلىبەگە يۈز كېلەلمەيدۇ!···

تۇيۇقسىز، غايىبتىن قارا دېڭەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولۇپ زامان چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. نېرىدىكى چىراغلار يورۇپ تۇرغان يول ئۇستىدە بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ قارىسى كۆرۈندى. مانا تونۇش كۆلەڭگە، تونۇش كىيىم - كېچەك، قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋاز··· بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ چىشىغا خۇددى مۇشت ئۇرغاندەك بىلىنىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى. مەن بۇ يەردە ئەتىدىن كەچكىچە ساقلاپ تۇراي، ئۇ ئەكسىچە··· خەپ ئادەمنى زادى نېمە چاغلايدۇ بۇ قىز؟ ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئاۋۇ ئەبلەخ كىمكىن؟!···

— رابىيە!···، — ئۇ شۇلارنى ئويلاپ قىزنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

— ۋىيىەي، ئاپام!···، — قىزچاق ئەندىكىپ كەتتى، —

بۇ… بۇ… سىزمۇ زامان؟…

— نەگە باردىڭ، رابىيە؟ مەن سېنى ساقلاپ تۇرغىنى نېكەم…، — ئۇ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى يىگىتنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى، ئۇ قوشنىسى يىللىقتا ئوقۇيتتى، ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە سورۇنلاردا بىللە بولغان، ئۆزئارا تونۇشاتتى.

— زامان، مەن ئاراڭلاردىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز قاپتىمەن، — دەيتتى ئۇ تەڭقىسلىقتا يەرگە قارىغىنىچە ھەممىنى چۈشىنىپ، — بۇگۈن ئالدىڭدا ناھايىتى خىجىلمەن… گېپىڭلار بولسا ئايرىم قىلىشىڭلار… مەن كېتىۋېرەي…

— ياق، كەتمەڭ! — دېدى قىز ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— كەتسۇن! — دېدى زامان ھۆركىرەپ، — كېتىۋەر، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما!…

— ئەمىسە مەنمۇ كېتىمەن! — قىز يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

— توختا، رابىيە، سەن كەتمە، — زامان ئۇنىڭ بىلىكىدىن «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى، — ساڭا دەيدىغان گېپىم بار!…

زامانىنىڭ ئەپتىدىن ئەيمەندىمۇ، بايىقى يىگىت بىردەم ئارىسالدى بولۇپ نېمىدۇ بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك، بىراق دېيىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ يىراقلاپ كەتتى. قاراڭغۇ، جىمجىت كوچا ئۇلارغا يالغۇز قالدى.

— نەگە باردىڭ، رابىيە، مەن سېنى كۆل بويىدا توپتوغرا بىر كەچ ساقلىدىم.

— مەن بىلەن نېمە كارىڭىز؟ بۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىم.

— ئەمىسە كۆل بويىدا ساقلايمەن دېسەم نېمە ئۈچۈن ماقۇل دەيسەن؟ ئادەمنى نېمە چاغلايسەن ئۆزۈڭ؟

— سىزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنتىم!…

— مەندىن شۇ قەدەر يىرگىنىپ كەتتىڭمۇ، رابىيە، باشقىلاردىن نەرىم كەم؟ سېنى سۆيگىنىم گۇناھمۇ؟ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمغا ئەمدى بۇرنۇمغىچە تويغۇزامسەن؟!…،— يىگىت ئىختىيارسىز ھالدا قىزچاقنىڭ بىلىكىنى كۈچەپ قىستى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بارغانچە قىزىللىق تولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— قويۇۋەت قولۇمنى، بېشىڭنى يەيدىغان!

— ئۇنداق دېمە، رابىيە!

— قويۇۋەت، بېشىڭنى يەيدىغان!

«چاڭگىدە» تەگكەن تەستەك ئاۋازى كېچە ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ئۇشتۇمتۇت تەگكەن بۇ تەستەك زەربىسىدىن رابىيە دەسلەپ ھاڭۋېقىپ، ئارقىسىدىن يىغلىۋەتتى. زامان ئورنىدا خۇددى قاقشان قوزۇقتەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاھ، ئۇنى ئۇرۇشقا قانداق قولى بارغاندۇ؟ ئۇ بىر ئاجىز قىزغۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ رابىيەدەك ئاچا-سىڭىللىرى بار ئىدىغۇ؟ … ھەئە، ئۇ نېمىدېگەن نامەرد-ھە؟…

مانا، ئۇ قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ياتاققا قايتىپ كىردى. باللار ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. ئۇ جىمجىت ياتاق ئىچىدە شامنى يېقىپ، خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى، ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى خاتىرە يېزىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغانىدى، ئۇ سۇسقىنە پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، خاتىرىسىگە مۇنۇ سۆزلەرنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ يازدى:

«… مەن ئۇنىڭ نەرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ ئۇنىڭ مۇشۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى دېمىسە، مەيلى قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن غەلىبەنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. بۇنى ئوبدان چۈشىنىمەن، لېكىن مەن يەنىلا ئامالسىز، ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. ئەجەبا، ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزى بىر گۇناھمۇ؟ ئاشىقنىڭ كۆزىگە تېرەك راستتىنلا گۈل بولۇپ

كۆرۈنەمدۇ؟ ئېھ، سۆيۈملۈك غەلبە، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، مېنى كەچۈر، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمنى قان بىلەن يۇيۇشقا تەييارمەن!»

※ ※

ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ تامىلىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان، بالىنتسا ئىچىدە يۇمشاق كارىۋات ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. بۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن چاغ بولۇپ، دېرىزە سىرتىنى غۇۋا قاراڭغۇلۇق قاپلاپ تۇراتتى. بىمارلار بولسا خورەك تارتىپ، پۇشۇلداپ ئۇخلاشماقتا. ئۇ بېشىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ جانسىز ئىڭراپ قويدى. ئۇ كېچىچە ھوشسىز يېتىپ نۇرغۇن قالايمىقان چۈشلەرنى كۆردى، بىردەم رەھىمەتلىك ئانىسىنى، رەڭگارەڭ نۇرلارنى، بىردەم سۆيۈملۈك زامانىنى، بىردەم يوقىلىپ كەتكەن ئىنىسى غەپپەتنى، بىردەم دادىسىنى، يەنە بىردەم بىچارە ھەدىسىنى، ئاللىقانداقتۇر ناتونۇش چىرايلارنى، ھەيۋەتلىك نەرە تارتقان ئەجدىھا دەريا، قاينامالارنى كۆردى. ھەئە، ئۇ ئەسلىي ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغان ئەمەسمىدى؟ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟!... ئۇنىڭ خىيالىغا دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقان ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ ئوبرازى غىل ـ پال كەلگەندەك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇ، بەئەينى دۇم كۆمتۈرۈلگەن قازاندەك قاپقاراڭغۇ، ئىسسىق ـ دېرىزىسى ھىم ئېتىلگەن ئۆيدەك تىپتىنچ بولۇپ قالغانىدى. ئۆزىنى ئۆلدۈم دەپ ئويلاپ ئاجايىپ راھەت ھېس قىلغانىدى. مانا ئەمدى... ئۇلارنىڭ ئۇنى قۇتقۇزىدىغان زادى نېمە ھەققى بار؟ خۇددى قۇتقۇزغاندىن كېيىن ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاپ بېرىدىغاندەك. ئۇلارغا بۇ ھوقۇقنى زادى كىم بەردى؟

ئۇلارنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ ئىتتەك خارلىنىپ، قولدەك زارلىنىپ ياشىشىنى تاماشا قىلىپ كۆرمەكچىمۇ يا؟ ئېھ، خۇدا... ئەمدى ئۆلۈشكىمۇ ئۆز ئىختىيارىڭ بولمىسا ـ ھە؟ بۇ ئادەملەر نېمىدېگەن رەزىل! ... ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆۋەجەپ كەتتى. ئىككى تامچە ئىسسىق ياش چاناقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ مەڭزىدە شاردەك دومىلاپ توختاپ قالدى.

تۇرۇپلا ئۇ بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، لېكىن قىمىرلىيالمىدى، ئۇ بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەنىدى، پۇت ـ قوللىرى خۇددى بېغىشىدىن ئۈزۈۋېتىپ تاشلانغاندەك، ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ياكى تۇمەن تاشلار ئاستىغا مەھكەم باستۇرۇپ قويۇلغاندەك باشقۇرۇشقا بوي بەرمەي مىدىر ـ سىدىر قىلالمىدى.

ئۇ ئاپئاق كىرلىك ئۈستىدە ھالسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا مەقسەتسىز تىكىپ ئۈنسىز ياتماقتا ئىدى. كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى. كۆكسى بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسىيەتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە ئەزۋەيلەشكە باشلىدى: ئۇ رەھمەتلىك ئانىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ، بىچارە ئانىسى ئۇلارنى تۇغۇپ قاتارغا قوشقۇچە ئاز جاپا تارتتىمۇ؟ بالىلىرىم دەپ يىغلاپ، بالىلىرىم دەپ كۈلۈپ، بالىلىرىم دەپ ياشاپ ئاخىر يەنە بالىلىرىم دەپ ئۆلۈپ كەتتى. دۇنيانىڭ ھېچبىر خۇشلۇقىنى كۆرمەي ھاياتلىق ئۈچۈن تىرناقلىرىنى قان قىلىپ، چۈمۈلىدەك تىنىم تاپماي ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، قېنىنى ھەم جېنىنى تەقدىم قىلدى. ئاخىر نېمىگە ئېرىشتى؟ زەي ئۆرلەپ تۇرغان قاپقارا تۆپىراققا، ئاھ، ئاشۇ زىمىستان، قورقۇنچلۇق گۆرگە كۆمۈلدىغۇ؟ ... ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى قالدى؟ مەيلى قانداقلا ياشىما ئاخىرقى ھېسابتا بارىدىغان يېرىڭ

بەربىر ئاشۇ گۆرلۈك ئىكەنغۇ! ... ئىھ، ئۇنىڭ يالغۇز ئىنىسى بەخۇۋاش غەپلەت ھازىر قەيەردىدۇ؟ كىملەرنىڭ ئىشكى ئالدىدا، قايسى قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا خارلىنىپ يۈرگەندۇ؟ ئۇ ئىنىسىنىڭ بىر بۇلۇڭدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىچە ئۇندەك ئاپئاق نەرسە سېلىنغان يالتىراق قەغەزنى ئوتقا قاقلاپ، ئۇنىڭدىن چىققان سارغۇچ، رەزگى تۈتەكنى «ھە» دەپ شۈمۈرۈۋاتقانلىقىنى ياكى ئىشپىرىسنى بىلىكىگە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر ئەمەس نەچچە قېتىم كۆرگەنىدى. قايسىبىر نۆۋەت ئۇ ئىنىسىنىڭ قولىدىن ھېلىقى نەرسىنى يۇلۇۋېلىپ يەرگە پىرقىرىتىپ تاشلاپ ئارقىسىدىن دەسسەپ - دەسسىۋەتكەنىدى. ئويلىمىغان يەردىن ئىنىسى خۇددى چالا بوغۇزلانغان ھايۋاندەك گۈركىرەپ، قان ئىچكەن ئادەمدەك قۇتراپ، ئالدىدا تۇرغان ھەدىسى ئەمەس، رەقىبىدەك، كوچىدا قالغان بۇزۇق قىزلارنى دەسسىگەندەك ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇۋېتىپ رەھىمسىزلەرچە دەسسەپ - دەسسىۋەتكەنىدى. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ بىرقانچە كۈنلەرگىچە يانپىشىنى يەردىن ئالالماي قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى! ... ئاھ، خۇدا! ئاشۇ نىجىس ئاق ئالۋاستىنىڭ خۇنى ئۇلارنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق قېرىنداشلىق مېھرىدىن غالىب كەلدىغۇ! بۇ دۇنيادا ئادالەت، مېھىر - شەپقەت يوقمۇ؟ ... ياق... ئىنىسى ئادەم تەبىئىتىنى قانچىلىك يوقاتمىسۇن، مەيلى ئۆزىنى قانچىلىك دەپسەندە قىلمىسۇن، ئۇ ھامان ئۇنى سۆيىدۇ. سۈتتەك ئاپئاق، غۇبارسىز باللىق چاغلىرىنى مەڭگۇ يادقا ئالىدۇ! ئىھ... ئاشۇ چاغلاردا ئۇلار دائىم قول تۇتۇشۇپ مەكتەپكە باراتتى. ئانىسى بەرگەن پارچە پۇللارنى خەجلىمەي يىغىپ، تەنەپپۇس ئارىلىقىدا ئىنىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ شىمىشكىچى مومايدىن شىمىشكە ئېلىپ ئىنىسىنىڭ يانچۇقىغا تۇشقۇزۇپ بېرەتتى. ئىنىسى دەرستىن چۈشكىچە سىنىپى ئالدىدا ساقلاپ، يەنە قول تۇتۇشۇپ ئۆيىگە قايتاتتى. كېچە - ئاخشاملىرى جاۋۇرغا

ئىلمان سۇ ئىلىپ، ئىنىسىنىڭ پۇتلىرىنى، كىيىم -
كېچەكلىرىنى پاك - پاكىز يۇياتتى. «ھەدە، قورقۇۋاتىمەن»
دەيتتى سۆيۈملۈك ئىنىسى ياتار چاغدا يوتقاندىن بېشىنى
چىقىرىپ، «قورقما، ئۇكام، يېنىڭدا مەن بار» دەيتتى ھەدىسى
شىۋىرلاپ. شۇنداقتىمۇ ئىنىسى ئۇنىڭ ئىچىگە سوغۇرۇلۇپ
كىرىۋالاتتى. ئۇ ئىنىسىنى قۇچاقلاپ، قوللىرى بىلەن چاچلىرىنى
تاراپ تاكى ئۇ ئۇخلاپ قالغۇچە قىزىق - قىزىق چۆچەكلەرنى
سۆزلەپ بېرەتتى. مانا مۇشۇ سۆيۈملۈك بالا بۈگۈن چوڭ بولۇپ،
ئاق ئالۋاستىغا ئەسىر بولۇپ، ئەينى چاغدىكى گۈزەل
ئەسلىمىلەرنى تامام ئۇنتۇپ، جانجان ھەدىسىنى رەھىمسىزلەرچە
ئۇرۇپ، دەسسىدى. ھەئە، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانغا نېمە ھەققى
بار؟ بۇ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا كىم بەردى؟ ئۇ ئۇرغان قىز،
ئانىسىدىن كېيىن قالغاندا ئانا بولۇشقا تېگىشلىك ئىدىغۇ؟ ئېھ،
ئەقىلسىز!... ئۇ ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي ئېسەدەشكە
باشلىدى. ياتاقتىكى بىمارلارنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن
ئەنسىرەپ، يوتقاننى شۇئان بېشىغا پۈركىۋالدى. مانا ئەمدى
ئۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ چىقىشقا باشلىدى.
غايەت زور ئازاب، خورلۇق، ھەسرەت ۋە سېغىنىش ئىستىكى
ۋۇجۇدىنى قۇرتتەك غاجىلاپ، يۈرەكلىرىنى مۇجىماقتا ئىدى. ئۇ
ئىنىسىنى ئاق تاماكىدىن توسۇشقا شۇنچىلىك ئۇرۇنغان بولسىمۇ
بەربىر ئامال قىلالمىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى ئۆسمۈر
بالا ئەمەس، بەلكى بوي تارتىپ تورپاقتەك كۈچتۈڭگۈر يىگىتكە
ئايلانغانىدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن كۈچى يەتمەيتتى. ئاخىر بىر
كۈنى ئىنىسى ئۆيدىكى بار پۇلنى ئېلىپ يوقىلىپ كەتتى. شۇ
يوقالغىنىچە ئىز - دېرىكى بولمىدى. ئانىسىنىڭ بېشىغا چىقتى.
بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ دەردىگە چىدىماي قان - زار يىغلاپ ئالەمدىن
ئۆتتى. ئۇ پات - پاتلا ئىنىسى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ
قالاتتى. بەزىلەر ئۇنى ئۇرۇمچىدە كۆردۇق دېسە، بەزىلىرى

ئىچكىرى ئۆلكىلەردە گۇاڭجۇ، شاڭخەيدە كۆردۈق دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر ئۈرۈمچىدە سولاقتا چۈشۈپ قاپتۇ دېيىشەتتى، بۇ خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان، ئۇنىڭ ئۇچۇن نامەلۇم، ئۇ پەقەت ئىنىسىنىڭ پاتراق ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى ئىستەيتتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى دادىسى پەيدا بولدى. باشقىلار «ئەمەت پور» دەپ ئاتايدىغان خۇددى يەل بېرىلگەن تۇلۇمدەك سېمىز، كېلەڭسىز بۇ ئادەمنى — دادىسىنى ئويلاشنى خالىمايتتى. بىر ئۆمۈر شوپۇرلۇق قىلىپ سىرتلاردا يۈرگەن، ئۆيگە كەمدىن ـ كەم ئاياغ باسىدىغان، ئاياغ باسقاندىمۇ خۇددى ئۆتەڭدەك بىرلا قونۇپ كېتىدىغان، يول ـ يوللاردا خوتۇن ئېلىپ، ئاشنا ئويناپ ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن، ھەتتا ئۆيدە قالغان بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى، قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى تۈزۈك بىلمەيدىغان بۇ ئادەم ئۇنىڭ نەزىرىدە دادا بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس، ئانىسى ئۆلگەن چاغدىمۇ كۆزىدىن مىت قىلىپ ياش چىقارمىدى. ئانىسىنىڭ قىرىقى توشمايلا بۇقىدەك ئازناپ توي قىلىۋالدى، بالىلىرىنى — ئىلگىرىكى ئائىلىسىنى تامام ئۇنتۇدى. ئۇ ھازىر سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئاشۇ ياشقىنە خوتۇنىنىڭ قوينىدا ياتقان بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇ دادىسى ھەققىدە يەنىمۇ كۆپرەك ئويلاشنى خالىمايدۇ.

خىياللىرى ئىختىيارسىز ھەدىسىگە مەركەزلەشتى، ئېھ، بايقۇشەي!... ئۈنسىز ئىڭراپ تاشلىدى، ئۇ ھەدىسىنىڭ دائىم موتو مىنىپ يۈرىدىغان ھېلىقى تىجارەتچى بالا بىلەن ئارىلىشىشىنى ئەزەلدىنلا ياقتۇرمايتتى. نېمىشقا دېگەندە، ھەدىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغىنى بىلەن كۆزلىرى ھامان ئۇنىڭغا، ئاللىقانداقتۇر يەرلىرىگە شەھۋەتلىك تىكىلەتتى، شۇڭا ئۇنى كۆردىمۇ خۇددى توڭگۇزنى كۆرگەندەك شۈركۈنۈپ كېتەتتى. نەچچە قېتىم يوللاردا، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا قايسىبىر قىزلار

بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قالدى. ئۆيگە كېلىپ ئېيتىۋىدى، ھەدىسى ئاڭلاش تۇگۇل، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ «مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىشقا ساڭا كىم قويدى؟ مەقسىتىڭ نېمە؟...» دەپ چالۋاقاپ سۆزلەپ كەتتى. ئېھ، ئاجىز ئەخمەق قىزلارەي! مېڭەڭلارنى قاغا چوقۇپ كەتتىمۇ؟ بىلەمسىلەر، سىلەر مۇھەببەتنى دەپ يىگىتلەرنىڭ قولىدىكى لاتا قونچاققا ئايلىنىپ قېلىۋاتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىڭلاردىن پايدىلىنىپ قونچاقتەك پىرقىراتماقتا. لېكىن ئاقىۋەت ھەممە زىياننى، خورلۇق ئازابىنى يەنىلا سىلەر تارتىسىلەر. يىگىتلەر بولسا خۇددى ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ كېتىۋېرىدۇ، يەنە بىرلىرىنى قونچاقتەك ئويناتماقچى بولىدۇ. ئېھ، تەڭشەلمىگەن جاھان!... ھېلىقى تىجارەتچى بالا كېچە - كېچىلەردە موتوسىنى گۈرۈلدىتىپ ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ھەدىسى بولسا ئانىسى ۋە ئۇنىڭ توسۇغىنىغا ئۇنىماي سىرتقا چىقىپ كېتەتتى.

«ئاھ خۇدا!...، — دەيتتى ئانىسى بۇنداق چاغلاردا نالە قىلىپ، — قىز بالا ئەمەس جىنىمغا بالا تېپىپتىمەن ئەمەسمۇ!...»

«قىز» دېگەن بۇ سۆز گويا داق يەرگە سېلىنغان كىگىز ئاستىدىن بۆرتۈپ چىقىپ، بەلگە پېتىپ كەتكەن داڭگالدەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا، ئۇگە - ئۇگىلىرىگە قاتتىق پېتىپ كەتتى. زەھەرلىك ھەرە چاققاندەك يۈرەكلىرىنى پىژىلدىتىپ جىسمىنى شۈركۈندۈرۈپ، پېشانىسىدىن بۇژۇلداپ تەر قۇيۇلدى، ئۇ ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قىز بالا» دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلەتكىنىنى تا ھازىرغىچە چۈشىنەلمىدى. ئەجەبا ئۇمۇ بىر قىز بالا ئىدىغۇ؟... بىراق ئانىسىدىن بىسوراقسىز تالا - تۈزگە چىقماي ئەتىدىن كەچكىچە ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ، كۆزگە تىكىلىپ قارىماي، كىرىنى يۇيۇپ، تامىقىنى ئېتىپ

پۇتىغا پۇت، قولىغا قول ئەرمەك بولۇپ كېلىۋاتىدىغۇ؟ ئەجەبا ئۇمۇ بىر قىز بالا ئەمەسمۇ؟ ئانا ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىلىۋالغاندەك ئۇنى باغرىغا بېسىپ بوقۇلداپ يىغلايتتى.

«جېنىم قىزىم، كۆز قارىچۇقۇم، بىرلا سەن ماڭا ھەمراھ!...» مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۇ يەنە ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى. يوتقاننى بېشىغا چىڭ پۈركۈنجىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى، ۋۇجۇدى گويا ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك تىترەيتتى...

ئاخىر ئەندىشە قىلغان ئىش يۈز بەردى، بىر كۈنى كەچتە ھەدىسى چاچلىرى چۇۋۇلغان، روھى چۈشكۈن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى.

— نېمىلەرچە بولۇپ كەتتىڭ؟ — ئۇ ھەدىسىگە دوق قىلدى، — يەنە ھاراق ئىچكەن ئوخشىمامسەن؟

— ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا! — ھەدىسى خۇدىنى بىلمەي بىلجىرلايتتى.

— مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئۆلىسەنغۇ بىر كۈنى!

«ئۆلۈم» دېگەن بۇ سۆزنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ھەدىسى بىردىنلا ئۆزىنى كاڭغا تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ قانداق ياشايمەن؟... ئاھ... خۇدا... بۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟

— نېمىنى قانداق قىلىسەن، ھەدە؟ — سورىدى سىڭلىسى چۈشىنەلمەي.

— مەن... مەن... مېنىڭ بويۇمدا قاپتۇ. ئىككى ئاي بوپتۇ...

ئۇ خۇددى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ سۆزۇڭنى يەنە بىر دېگىنە، ھەدە؟ !...، — ھەدىسىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىدى، كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز تاراملاپ تۆكۈلدى، — بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ !...

— ئاھ، جېنىم سىڭلىم، — ھەدىسى گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن قىلدى، — مەن ئۆلەي... ئۆلەي، — ئاچچىق ئەلەم ـ خورلۇق دەستىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى غوڭۇلداپ كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك؟ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ھەدىسىگە نېمىدەپ تەسەللى بېرىش كېرەك؟ ئانىسىغا دېيىش كېرەكمۇ، يوق؟ ئاھ... خۇدا! ...

— بۇ... بۇ ئىشنى ھېلىقى بالا بىلەمدۇ؟ — سورىدى ئۇ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ.

— بىلىدۇ.

— ئەمىسە توي قىلىڭلار.

— دېدىم، لېكىن ئۇنىمىدى... بالا مېنىڭ ئەمەس دەيدۇ. ئاڭلىسام ھازىر باشقا بىر قىزنى تېپىۋاپتۇ.

— راست ئۇنىڭ بالىسىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

— ئۇنىڭ بالىسى، ئەزبىرايى خۇدا! ...

— ئەمىسە سوتقا ئەرز قىلايلى.

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ئۇنداق قىلسام مېنىڭ يۈزۈم تۆكۈلمەمدۇ؟ خەلقئالەم ئالدىدا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ ياشايمەن ئەمدى؟

ئۇ بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى، دەر ھەقىقەت ھەدىسىنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەت، قېنى بۇ ئىش سىرتقا يامراپ كەتسۇنا، دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردا قايسى ئۆيدىن تىرىق قىلغان ئاۋاز چىقاركىن دەپ ماراپ، قۇلاقلىرىنى خۇددى ئاپشاركىنىڭ قۇلىقىدەك دىڭ تۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ ھاياسىز كوچا خوتۇنلىرىنىڭ

ئىچىمىزنىغا گەپ سىلىپ بەرگەنلىك بولمامدۇ؟ ساق ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ ئۇلار!... تۇرۇپلا ئۇ ھەدىسىگە ھەم نەپرەتلەندى، ھەم ئىچى ئاغرىپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئانىسى تالادىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەممىنى بىلدى، چۈشەندى، ئۆزىنى كاچاتلاپ تىلىقىپ - تىلىقىپ يىغلىۋەتتى. خۇددى تامدىمۇ قۇلاق بار دېگەندەك بۇ ئىش بەربىر خەلقىئالەمگە پۇر كەتتى. كوچا - كويلاردا ئىچىپ يۈرگەن ئۆسەك سۆزلەرگە ئادەم چىدىماق تەس. ھەدىسىنىڭ يۈز - ئابرۇيى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ھەئە، بۇنچە خورلۇق، ئازابقا قىزلار ئاجىز، قانداق چىدايدۇ - ھە؟ ساراڭ - ساراڭ دەۋەرسە ئادەمنىڭ بىر پارچە گۆشى راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالغۇدەك، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بايقۇش ھەدىسى دەسلەپ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ، ئوڭ - تەتۈر سۆزلەيدىغان، ئاخىر بېرىپ راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالدى!... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھەدىسىنىڭ قىياپىتى — تاراقسىز چىگىش چاچلىرى، ئەسكى پالاستەك ساڭگول - سۇڭگول بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكى، مەھەللىدىكى ئۇششاقلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ تېرىكتۈرۈپ ئويناشلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئەسلىي ئۇ ئۇچىسىغا چاڭ قوندۇرمايدىغان، قاش - كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، پەرىشتىدەك گۈزەل سۇمباتلىق قىز ئىدى. مانا ئەمدى، ئىستەي!... ئۇنىڭ تىنىقلىرى يەنە ئوت - تونۇر بولۇپ يېلىنجاشقا باشلىدى، ئېھ، ھەدە، بالدۇر توزۇغان بىر تال قىزىلگۈل!

قانداق بولدى، خىيالىغا ئىختىيارسىز ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يېقىملىق بىر ئوبراز كەلدى. بۇ ئوبراز ئۇنىڭ بارلىقى، قېنى ھەم جېنى ئىدى. ئىلگىرى ئۇنى ئويلىسا بارچە غەم - غۇسسىدىن ئازاد بولۇپ يېنىك نەپەس ئالاتتى. قىزلارغا خاس تارتىنچاقلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى، خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە سۆزلىشىپ، بويىنىغا گىرە سېلىپ

سۆيۈشەتتى. ھەتتا كەلگۈسىدە تۇرمۇشلۇق بولۇپ چۇرۇلدىشىپ تۇرغان بىر قورۇ ئۇماق بالىلارنى باقساق دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتەتتى. بىراق... بىراق، ئۇمۇ ھازىر ئۇنى تاشلاپ كەتتى، ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، سىنىپىدىكى كىمدۇ بىر قىزغا كۆيۈپ قالغانمىش، ئۇچۇ؟ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچىسى، ئەمدى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ!... مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرگەن ئاشۇ قىسقا، ئەمما گۈزەل چاغلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ تەسەللىسى — مەنىۋى ئوزۇقى. ئېھ، نېمىدېگەن ئۇنتۇلغۇسىز چاغلار- ھە؟ بولۇپمۇ ئىلى دەريا بويىدىكى توقايلىقتا ئويناپ چىققان ئاشۇ چاغ خۇددى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەك كۆز ئالدىدا ھېلىھەم روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، مانا پىنھان يەردە ئۇ شوخلۇق بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى.

— مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم، — دەيتتى ئۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە قاراپ، — ئىككىمىز مۇھەببەتلىشەيلى، ماقۇل دە، بولمىسا قولۇڭنى قويۇپ بەرمەيمەن!

ئۇ قورقۇپ، تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، قىزىرىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھالىتىدىن تولىمۇ ئەجەبلەندى. ئېھ، ئۇ مۇشۇ كۈنلەرنىڭ پاتراق كېلىشىنى، يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىشىنى زارىقىپ كۈتكەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى نېمانچە تەرلەيدۇ، توۋا؟!...

— قولۇمنى قويۇپ بېرىڭ، — دەيتتى ئۇ يالۋۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەنلىرى يايراپ، نازۇك ھېسلىرى يۈزىگە تەپمەكتە ئىدى، — باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ، سەت بولىدۇ!

— ياق، قويۇپ بەرمەيمەن... سەن ئاۋۋال ماقۇل دە!

ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ كەتتىكى ئىختىيارسىز «ماقۇل» دەۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى ھەممە ئادەم

ئـاڭـلىغۇدەك، تاغۇ تاشلارنى تىترەتكۈدەك ئاۋازدا جاراڭلىق، ۋارقىراپ دېگۈسى بار ئىدى.

— ئەمىسە، مېنى سۆيۈپ قوي، — يىگىت ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قـۇچـاقـلىدى، لېۋىنگە لېۋىنى مەھكەم بېسىۋالدى. ئۇ خۇددى ئـۈركـۈگـەن كـېـيـىكـتەك ئۇنىڭ قوينىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، تـوقـايـلـىـقـنـىـڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ قاچتى. يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

— ئەگەر مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسەمچۇ؟ — سورىدى قىز بوشقىنە پىچىرلاپ، — شۇ چاغدا، مېنى هازىرقىدەك ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئـەخمەق قىز، — دېدى يىگىت ئۇنىڭ يۈزىنى بوشقىنە چىمدىپ، — بۇلارنىڭ هەممىسى مەن ئۈچۈن بەربىر… مەن زامان ئوغۇل بالىمەن، ئۇشبۇ ۋەدەمدىن هەرگىز قايتمايمەن، بولمىسا مېنى يەر يۇتسۇن! …

قـىـزچـاق بـارمـاقـلـىـرى بـىـلـەن شۇئان ئۇنىڭ لېۋىنى تـوسۇۋالدى. يىگىتنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ تەنلىرىگە راهەت بېغىشلىدى، كۆزلىرى هاياجاندىن نەمدەلدى… مانا مۇشۇ يىگىت — سۆيۈملۈك زامان هازىر ئۆز ۋەدىسىنى تامام ئۇنتۇپ، ئۇنى تاشلاپ كەتتى، بىراق، ئۇنىڭ باغرى يەنىلا دەريادەك كەڭ، پاختىدەك يۇمشاق. ئۇنىڭدىن ئاغرىنىش ئەمەس، ئەكسىچە ئەپۇ قىلدى. چۈنكى ئۇلار هازىر بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. يىگىت بـولـسـا ئـالىي مەلۇماتلىق، ئۇ ئەكسىچە ئاددىي بىر ئىشچى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىشسىز قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمدى ئۇ پەقەت يىگىتكە بەخت تىلەيدۇ، خالاس…

ئـۇ كـىـمدۇ بىرىنىڭ شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشىدىن چـۆچـۈپ ئېسىگە كەلدى، كۆز ئالدىدا شۇئان تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان بالىنتىسىدا قايتا زاهىر بولدى.

— ياخشى بولۇپ قالغاندەكمۇ، سىڭلىم؟ — قاچان كىردىكى

كـۆلـۈمـسـرەپ تـۇرغـان ناتونۇش بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنى قايسىبىر يەردە كۆرگەندەك، چىرايى تونۇشتەك ھېس قىلدىيۇ، دەماللىققا ئويلاپ تاپالمىدى.

بۇ دېرىزە سىرتىغا ئاللىبۇرۇن يورۇقلۇق چۈشۈپ كەتكەن چاغ ئىدى. بىمارلار ئويغىنىپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

— نېمە تاماققا كۆڭلىڭىز تارتىدىكىن، سىڭلىم؟ — بايىقى ئاۋاز سـۆزلـمـەكتە، — گۈلھايات ھەدىڭىز چۈشلۈك تاماق ئەكەلمەكچى بولغان...

گۈلھايات دېگەن كىم؟ نېمانچە يېقىنچىلىق قىلىدۇ بۇ ئادەم؟ چـىـرايى ئـەجەب تونۇشتـەك بىلىنىـدۇ، قـەيەردە كـۆرگەن بولغىيدى - ھە؟ !... مانا ئۇ ئاخىر تېپىۋالدى، ئۇ باشقا بىرى ئـەمـەس، دەل تۈنۈگۈن چۈشتە دەريا بويىدا تۇرغاندا يېنىدىن پىچىرلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ھېلىقى بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ بىرى، قايناملار ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنگەن تونۇش چىراي. ئۇنى خاتىرجەم ئۆلۈشكە يول قويمىغانلارمۇ دەل مۇشۇلار!... ئۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى بىر ياققا بۇراپ يېتىۋالدى.

چـۈشـتـە دوخـتـۇر قـىـز گـۈلـھايات بىر قاچا شورپىنى كۆتۈرگىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى، بىراق ئۇنىڭ تاماققا قارا كۆزى يوق، گويا ئاچلىق ئېلان قىلغاندەك، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئـۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزغان بۇ ئادەملەرنى چايناپ - چايناپ يۇركۇۋەتسىمۇ پوخادىن چىقمايدۇ. لەنەت، يۈز مىڭ لەنەت، بۇ رەزىل دۇنيانىڭ ئانىسىغا، بوۋىسىغا، يەتمىش پۇشتىغا يۈز مىڭ لەنەت! ...

سـاھـىـل ئەمدىلا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭ سۆيگىنى گۈلھايات ئۇنى جىملەپ توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرى خۇددى بۇنداق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھامان ۋاقىت كېرەك، جەريان كېرەك، سەۋرچانلىق كېرەك دەۋاتقاندەك

قىلاتتى.

مانا بۈگۈن ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقتى. خۇددى دوختۇرخانىدىن چىقىپلا دەريا بويىغا قايتا بېرىۋالامدىكىن دەپ ئەنسىرىگەن چېغى، ھېلىقى قىز ـ يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئاچچىق بىر كۈلكە ئولاشتى. ئۇلار نېمىدەپ ئويلاپ قالدى؟ ئۇ ھازىر ئىلگىرىكىدەك ئەخمەق ئەمەس، مېڭىسى سەگەك. دوختۇرخانىدا ياتقان يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئويلاپ مۇلاھىزە قىلدى، بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىگە قايرىلىپ قارىدى. ئىلگىرى ئۇ مەجرۇھلارچە ياشىغانىكەن! مانا بۈگۈن خۇدايىم ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلدى. ئىلگىرىكى غەلىبە ئۆلۈپ، ئورنىغا گويا گۈل بەرگىگە قونغان شەبنەمدەك تاپتازا، يېپيېڭى غەلىبەنى ئاپىرىدە قىلدى. ئەمدى ئۇ ئۆلۈشكە ئۇنىمايدۇ، ھاياتنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭ تېخى قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى بار. سۆيۈملۈك ئىنىسى قايتىپ كەلگەندە ئانا ئورنىدا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. مەرھۇم ئانىسى تۇتقان ئۆينىڭ كۈلىنى توزۇتماي، ئوتىنى ئۆچۈرمەي، مورىسىدىن داۋاملىق ئىس چىقىرىدۇ، قىسقىسى، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ.

ئۇ ھوشسىز ياتقان چاغلاردا، مەرھۇم ئانىسىنى كۆرگەنىدى، ئۇلار كەڭرى كەتكەن نۇرلۇق بىر دالىدا ئۇچراشتى:

— ماڭ قىزىم، ئۆيگە قايتقىن! — دەيتتى ئانىسى ئۇنى ئىتتىرىپ، — ئىشىك ئوچۇق قاپتۇ، ئوغرى كىرىدۇ... ئوچاقتىكى ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ، بېرىپ تاماق ئەت! ئىنىڭ قايتىپ كەلسە تالادا قالمىسۇن، ھەدەڭنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئال! ...

ئۇلار ئاخىر قىزچاقنىڭ ئۆيى ئالدىغا يېتىپ كەلدى، سوقما تاملىق قىيسايغان بۇ ئۆينىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپسىز، ئەمما

ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىدى.

— ھەدە! ...، — دەپ ئىشىكنى چەكتى قىز، — ئىشىكنى ئاچ، ھەدە! ... بۇ مەن ... مەن غەلىبە بولىمەن!

«غەلىبە؟» بايىقى بىر جۇپ قىز ـ يىگىت بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراشتى. چۈنكى ئۇلار مۇشۇ كۈنلەردە قىزچاقنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، تۇرىدىغان يېرىنى بىلمەي بېشى تازا قاتقانىدى.

ھايال ئۆتمەي دەرۋازا «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ ئىچكىرىدىن چاچلىرى پاخما بولۇپ كەتكەن، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى يىرتىلغان، بىر پۇتىغا ئەسكى كالاچ، يەنە بىر پۇتىغا يامغۇرلۇق بوتەي كىيىۋالغان بىر قىزنىڭ سىيماسى كۆرۈندى. كۆرۈندىيۇ بىراق سىرتتا تۇرغان ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرۈپ خۇددى ئالۋاستىغا يولۇقۇپ قالغاندەك ئەنسىز چىرقىراپ، يۈگۈرگىنىچە بېرىپ نېرىدىكى ئامبار ئۆيگە مۆكۈنۈۋالدى، ئامبارنىڭ سۇنۇق ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئەنسىزلىك بىلەن قاراشقا باشلىدى.

— ھەدە، بولدى قورقما... ئۇلار ياخشى ئادەملەر...، — مانا بۇ قىزچاقنىڭ ئاۋازى، ھەدىسىگە تەسەللى بەرمەكتە، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم گەپ قىلىشى، كۆڭلىنى ئاشكارىلىشى ھەم ئۇلارغا بەرگەن باھا سۆزى. قورۇ ئىچىدە شۇنچىلىك سوغۇق، كۆڭۈلسىز بىر ھالەت گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئىشىكلەر ھاڭغىرقاي ئوچۇق، يەرلەر سۈپۈرۈلمىگەن بولۇپ، غازاڭلارغا لىق تولغان، چىنىلەر يۇيۇقسىز دۆۋىلىنىپ تۇرماقتا. ئەتراپىدا بىرقانچە چۈشۈن گىزىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرمەكتە ئىدى. ئەسكى ئاياغ، كىيىم ـ كېچەكلەر نېرىدا كۆڭۈلسىز چېچىلىپ ياتاتتى. ھەممە يەردىن بوران چىقىپ تۇراتتى. مانا بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ساھىل بىلەن گۈلھاياتنىڭ يۈرىكى شۇنچىلىك ئېزىلىپ كەتتىكى، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇلار ئۆيدىن يېنىپ چىققاندا گۈگۈم ۋاقتى بولۇپ

قالغانندى، كوچا دوقموُشىدا چاچلىرى پاخپايغان بايىقى قىزغا يەنە ئوُچرىشىپ قالدى. مەھەللىدىكى بىر توپ ئوُششاقلار، كەپىسىز بالىلار خوُددى مىكىيانغا ئەگەشكەن چوُجىلەردەك ئوُنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغانندى.

— ھەي پاتىمە ساراڭ، ئاناڭ بارموُ؟ — دەپ سورىشاتتى ئوُلار ھەرەڭ - سەرەڭ كوُلوُشوُپ.

— بار، — دەيتتى ئوُ دوُنيادىن بىخەم ھىجىيىپ.

— ئاناڭ قەيەردە؟

— ئوُيدە قالدى.

— بالاڭ بارموُ؟

— بار.

— بالاڭ قەيەردە؟

— ئوُيدە قالدى.

— بالاڭنى ئېمىتەمسەن؟

— ئېمىتىمەن.

— نېمە بىلەن؟

— ئاناڭنىڭ مەمىقى بىلەن!...

بالىلار پاراققىدە كوُلوُشەتتى. بەزىلىرى ئوُنىڭ ساغرىسىنى سىلىماقچى بولاتتى، ئوُ تېرىكىپ قوغلايتتى، قوغلىغانسېرى ئوُلار تېخىموُ ئەزۋەيلەپ كوُلوُشەتتى.

ساھىل بىلەن گوُلھايات موُشوُ مەنزىرىلەرگە قاراپ ئوُلوُغ كىچىك تىنىشتى...

يېقىندىن بوُيان ھەر كوُنى كېچىسى ئوُ ئېھتىلام بولوُپ قالىدىغان بولوُۋالدى، دوختوُرغا بېرىۋىدى، كوُپنى كوُرگەن، تەجرىبىلىك دوختوُر قېلىن كوُزەينەكنىڭ ئوُستىدىن ئوُنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويوُپ موُنداق دېدى:

— روھىي ئاجىزلىق، قاتتىق جىددىيلىكتىن شوُنداق

بولغان... مەن سىزگە ئۈچ - تۆت كۈنلۈك دورا يېزىپ بېرەي، دەرسكە چىقماڭ، ئوبدان ئارام ئېلىڭ، ھېچنېمىنى ئويلىماڭ! ...

مانا ھازىر، ئۇ دوختۇر يېزىپ بەرگەن ئاشۇ دورىلارنى يەپ ياتاقتا ئارام ئېلىپ ياتماقتا. بىراق ھېچنېمىنى ئويلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ خىياللىرى يەنە نىشانسىز قانات قېقىپ كەزمەكتە ئىدى. ئاشۇ كۈنى، ئۇ رابىيەگە قول تەگكۈزۈپ چەكسىز ۋىجدانىي ئازابقا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاشۇ... ئاھ، ئاشۇ غەزەپ - نەپرەت خۇددى يالقۇنجاپ كۆيگەن قاقشاتقۇچ ئوتتەك زاماننىڭ جىسمىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراملىقى، تەلۋىلىكى، ئەقىلسىزلىكىدىن بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. ھېلىمۇ يادىدا، رەھمەتلىك مومىسى دائىم: «قىزلارنى ئۇرغان ئوغۇل بالا ئەمەس بەلكى نامەرد ھېسابلىنىدۇ» دەيتتى. مانا ئۇ ئاخىرى نامەردكە ئايلىنىپ قالدى! ئەمدى ئۇ كىمگە، قەيەرگە بېرىپ ئۆزىنى ئاقلىمىسۇن، ئۆتكۈزگەن ئاشۇ خاتالىقلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ. ھەممە ئادەم نەپرەت بىلەن قارايدۇ. مەيلى ئۇ قانچىلىك بىچارە، چارىسىز قىياپەتكە كىرىۋالسۇن بەرىبىر ئوخشاش، ئىسىت. ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولسىدى - ھە؟ رابىيەنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇشقا، يىغلاشقا رازىكى ئۇنى قايتا تاك قىلىپ چېكىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن بولاتتى، چۈنكى سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن ئىدى. ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقى، چىن ئەقىدىسى بىلەن قىزچاقنى قايىل قىلسا بولاتتى، بىراق ئۇ بۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالدى. «ئېھ، رابىيە، مېنى كەچۈرگىن، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىلمەن. مەيلى سەن ماڭا قانچىلىك نەپرەت بىلەن قارىما ھامان سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى ساقلايمەن! ...»

ئۇ كارىۋىتىدا ئاسمانغا قاراپ خىيال قىلىپ ياتقان يېرىدىن

ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى يەنە بۇلدۇقلاپ قايناپ تاشماقتا ئىدى. توغرا، بىھۇدە خىياللار بىلەن ۋاقىتنى زايە قىلماسلىق كېرەك. كۈرەش - تىرىشچانلىق ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئۆز قىممىتىنى يارىتىشى لازىم. ئەنە شۇنداق بولغاندىلا، رابىيەنىڭ قەلبىدىكى ئۆز ئوبرازىنى قايتىدىن تىكلەپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۇتالايدۇ. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىنى قولغا ئالدى. ئۈزۈندىن بۇيان ئاتا - ئانىسى — ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك مۇھەببەتنى ھېكايە قىلىپ يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان قوللىرى ئىختىيارسىز ھەرىكەتكە كەلدى. مانا قارلار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان چاغ، تۈلكە تېرىسىدىن قۇلاقچا، پۈتىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان يوغان پىيما كىيگەن سوكسوك جۇۋىسىنىڭ بېلىنى قارا كەمەر بىلەن چىڭ تارتىپ باغلىۋالغان ۋىجىك بىر ئادەم ئۇنىڭ خاتىرىسى ئىچىدىن مېڭىپ چىقماقتا. يەرلەر ئاق قار - كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان، تېيىلغاق ئىدى. ھېلىقى ئادەم كېتىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. يول ياقىلاپ كېتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر يىگىت دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى.

— قاتتىق يىقىلدىڭمۇ، ئۇكام؟ — دەيتتى يىگىت ئۇنى يۆلەۋېتىپ، — ھەي - ي بالا، دىققەت قىلساڭ بولماسمىدى!

ھېلىقى ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى - دە، ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. يىگىت ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆزلىرى يوغان، قاشلىرى تۈكۈلۈپ تۇرغان پەرىشتىدەك گۈزەل بىر قىز تۇراتتى. قىزچاق قۇلاقچىسىنى ئېلىپ قاقماقچى بولدى. ئۇنىڭ قاپقارا، ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرى شۇئان خۇددى بايرام كېچىلىرى ئېتىلغان ساليۇتتىن تارقالغان كۆركەم نۇرلاردەك مۈرىسىگە يېيىلىپ چۈشتى.

— ئېشتەڭگە بولغانىم جوق، راخمەت سىزگى، — مانا بۇ

قىزچاقنىڭ شىلدىرلاپ ئاققان تاغ سۈيىدەك يۇمشاق، جەزبىلىك ئاۋازى ئادەمنى چەكسىز مەپتۇن قىلىدۇ، سۆيۈندۈرىدۇ، ئۇ قازاقچىلاپ سۆزلىمەكتە.

يىگىت مەڭدەرەپ ئىسىگە كەلدى، تىلى دەريا ۋادىلىرىدىكى يېزا - قىشلاقلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇنىڭدەك دېھقان يىگىتلىرى ئۈچۈن قازاق تىلى خۇددى ئۆز ئانا تىلىدەك پىششىق.

— ژولدار قالىن مۇز... ئابايلاڭىز قارىنداس، — دېدى يىگىت شۇئان قازاقچىلاپ، يەرگە قاراپ ئويلىنىپ تۇرغان قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

قىزچاق ئەجەبلىنىپ يىگىتكە قارىدى.

— ئويباي، — دېدى ئۇيغۇر يىگىتى كۈلۈپ تۇرۇپ، يەنە قازاقچىلاپ سۆزلەپ، — مەن ئۆزۈمنى سىزگە تونۇشتۇرماپتىمەن... مەن سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن، چالا قازاق بولىمەن! ...

قازاق قىزى پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:

— مەن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن، — دېدى ئۇمۇ جاۋابەن، — ئىسمىم جەزىرە، سانائەت ئىنستىتۇتىدا بىر دوستۇم بار ئىدى، بۈگۈن شۇنى ئىزدەپ كەلگەن...

مانا بۇ مەنزىرىلەر 1950 - يىللارنىڭ بېشى، قىش ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئۇرۇمچىدە يۈز بەرگەنىدى... ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇيغۇر يىگىتى تاھىرنىڭ دىل ئاراملىقى بۇزۇلدى، ئولتۇرسا - قوپسا قازاق قىزى جەزىرەنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ خۇددى تولۇن ئايدەك پارقىراپ ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا گۈزەل، يارقىن بىر ھالەتتە زاھىر بولاتتى. ئاستا - ئاستا يۈرىكىدە غايىۋى مۇھەببەت ئوتلىرى يېلىنجاشقا باشلىدى، كېچىلىرى ئۇيقۇدىن بىدار بولدى، ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ دائىم مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا بارىدىغان، قىزلار ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى قىش ئۆتۈپ ئەتىياز پەسلىنىڭ بىر كۈنى، قار-مۇزلار ئېرىگەن، ئەتراپ ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن چاغلاردا ئۇ ئاخىر قىزلار ئارىسىدىن ئۇنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ بىر توپ ساۋاقداشلىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇ دېيىشىپ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ھېلىقى قۇلاقچا، كېلەڭسىز جۇۋا- پىيمىلار يوق، ئەكسىچە ئېتەكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ھال رەڭلىك بەل پۇرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، بەئەينى پارقىراپ تۇرغان زۆھرە يۇلتۇزدەك تېخىمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك، سۇمباتلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— سالام سىلەرگە، ساۋاقداشلار، — تاھىر كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قىزلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى، بۈگۈن ئۇ چاچلىرىنى پارقىرىتىپ مايلاپ، ئۇچىسىغا كاستۇم- بۇرۇلكا كىيگەن، شىبلىتى ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرماقتا، ھەممە قىزلار بۇ ناتونۇش يىگىتكە ھەيران بولۇپ قاراشتى، پەقەت بىرلا جۈپ كۆز خىجىل بولغانلىقىدىن يەرگە قاراپ ئۈيىلىپ تۇراتتى.

باشقا قىزلار ئۇلارغا قاراپ كۈلۈشكىنىچە ئۆتۈپ كەتتى.

— ئامانمۇسىز جەزىرە؟ — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشىمۇسىز تاھىر؟ — قىزچاق كۆزىنى يەردىن ئۇزمەي پىچىرلىدى.

— ئۇيغۇرچىنى ئەجەب ياخشى سۆزلەيدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ؟ — ئەجەبلەندى يىگىت.

— ھەئە، ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى ئۆگەندىم...

كۆركەم ئىلى دەرياسى، ئاۋرال تاغلىرىدىكى قارلىق چوققا، بۇلاق سۇلاردىن قوشۇلۇپ، كۈنەس دەرياسى، قاش دەرياسى، تېكەس دەريالىرى قوشۇلۇپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ياماتودا ئىلى دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ بۈيۈك ئەزىم ئېقىن گويا بوۋىقىنى ئەللەيلىگەن كۆيۈمچان ئانىدەك غۇلجا شەھىرىنى ئەللەيلەپ، ئۇنىڭ مەڭزى، پېشانىسىنى سۆيۈپ ئېقىپ ئۆتىدۇ.

دەريانىڭ جەنۇبى كەڭ كەتكەن تاللىق بولۇپ، بۇ يەرنى چاپچال ناھىيىسى دەپ ئاتايدۇ. چاپچال ناھىيىسىدىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭغاندا تاغ باغرىغا جايلاشقان جاغىستاي يېزىسىغا بارغىلى بولىدۇ، يىراقتىن ئاق باش ئەۋلىيا چوققىسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇ يېزا دېھقان يىگىتى تاھىرنىڭ ئانا ماكانى. ئۇلار ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ زېمىندا دېھقانچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. تاھىرنىڭ دادىسى بالدۇرلا قازا قىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە يالغۇز ئانىسى بىلەن قالغانىدى. مېھرىبان سۆيۈملۈك ئانا بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئوغلىنىڭ قەلبى — ئىنتىلىشىنى چۈشەنگەچكە ئوغلى يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن يىلى باشقىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئوغلى سەپەرگە چىققان ئاشۇ كۈنى، سۆيۈملۈك ئانا ئۇنى يېزىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

«خەيرخوش، بالام، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم!...» دەپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ پىيادە يولغا چىقتى، نۇرغۇن ئېتىزلارنى، ئەسكى كۇزلەكلەرنى، سۇسىز داللارنى، كەڭ كەتكەن سازلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىر بۈيۈك ئىلى دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريا ئۇنى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇلىرى بىلەن قارشى ئالدى، ئۇ بېلىگە تۈگۈلگەن بىر تال زاغرا ناننى دەريا سۈيىگە چىلاپ راسا ھوزۇرلىنىپ غىزالاندى - دە، تاڭ ئېتىپ كېمىنىڭ مېڭىشىنى كۈتمەيلا كىيىم- كېچەكلىرىنى سېلىپ دۈمبىسىگە چىڭ تاڭدى، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى، خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلغان شۇڭقار كەبى باتۇرانە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ قارشى قىرغاققا چىقىۋالدى، ئۇ قىرغاقتا كىيىم- كېچەكلىرىنى سېلىپ قۇرۇتۇپ، ھېسابلاپ بېقىۋىدى، ئۇ ئۆز يېزىسىدىن شەھەرگىچە بولغان ئاتمىش كىلومېتىر ئارىلىقنى بىر كېچە- كۈندۈزدە بېسىپ بوپتۇ!... ئاندىن غۇلجا شەھىرىدە قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ

توپلىق كاتاڭ يوللاردا ئۆپكىدەك چايقىلىپ ئۈچ ـ تۆت كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى...

جەزىرە گۈزەل ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى كېرەي تائىپىسىدىن بولغان كەمبەغەل چارۋىچى ساغدات ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى، ساغدات تولىمۇ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، بىراق ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلىسىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان كەمبەغەل ئادەم ئىدى. قوتان ـ قوتانلارنى باقاتتىيۇ، ئەمما ئۆزى قىش ـ ياز گۆش ـ ماي دىدارىنى كۆرمەيتتى، يېتىمنىڭ كۆلبىسىدەك ئۆيىدە تۇزۇكرەك بىساتىمۇ يوق ئىدى، ئىلگىرى بايلارغا ئېزىلگەن بولسا، مانا ئەمدى كوپىراتسىيىنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاۋارە، ھەر يىلى ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا بەش يۈز قويدىن ئۈچ يۈز تۆل ئالىسەن دېگەندەك ئېغىر ۋەزىپىلەرنى تاپشۇراتتى. بۇ قويلار گويا تۆمۈردىن ياسالغاندەك ئۆلمەسلىكى، مەيلى ساغلىق، مەيلى قوچقار بولسۇن ھەممىسى تۆللىشى كېرەك ئىدى.

باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھەمىشە رايىشلىق بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان قويدەك ياۋاش بۇ ئاقساقال — ساغدات بوۋاي كەنجى قىزى جەزىرەنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوقۇشىغا ئەزەلدىن قارشى ئىدى. ئۆيدە بۇنداق گەپلەر بولغاندا بايقۇش مومىيغا ۋارقىراپ كېتەتتى:

— بولدى بەس!... قىز بالىغا ئۈرۈمچىدەك يىراق يەرگە بېرىشنى كىم قويۇپتۇ... ئۇنىڭدىن كۆرە پاتراق توينى قىلىۋەتكەن تۈزۈك.

— قىزلار ئوقۇسا بولمامدىكەن؟ — دەيتتى بۇنداق چاغلاردا مومىيى نارازىلىق قىلىپ، — بىزدەك بىر ئۆمۈر مۇنۇ ئاۋۇلغا قاپسىلىپ قوي بېقىپ، تېزەك تېرىپ ئۆتسۇن دېمەكچىمۇ سەن؟!... تېخىمۇ ئۆرلەپ ئوقۇسا، چوڭ يەرلەرنى، دۇنيانى كۆرسە، ئۇنىڭ نېمىسى يامان؟...

— ئىشقىلىپ مەن قەتئىي قوشۇلمايمەن! ...، — ئۇ قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

جەزىرە يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن شۇ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى بىچارە ئانا بوۋىيىنىڭ تاغقا قوي باغقىلى چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئالدىراپ - سالدىراپ، ئۆيگە كىردى - دە، قىزىنى قۇچاقلاپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

— بول، قىزىم، چاپسان بول، — دەيتتى ئۇ تاقەتسىزلىنىپ، — داداڭ قايتىپ كەلگۈچە بۇ يەردىن كەت. شەھەرگە بار... ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇ، ئەبەدىلئەبەد گۈللەپ ياشنا، مەن سەندىن رازى، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم! ...

جەزىرە ئەرەنچە ياسىنىپ، سۆيۈملۈك ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئانا ئۇنى تاغ باغرىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— قىزىم، — دېدى توساتتىن نېمىدۇ بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك، — توختاپ تۇرغىن، — ئانا ئۆيدىن چىرايلىق ئىشلەنگەن، پۆپۈكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر قامچىنى ئاچىقتى، جەزىرە بۇ قامچىنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى، بۇ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تەۋەررۈك قالغان، دادىسىنىڭ ئەتىۋارلىق قامچىسى ئىدى.

— قىزىم، — دەيتتى ئانا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — بۇ قامچىنى ئېلىۋال، يولدا ساڭا ھەمراھ بولىدۇ... ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ روھى سېنى قوغدايدۇ! ...

ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن قازاق قىزى جەزىرە ئادەم ئايىغى يەتمىگەن قارلىق تاغلاردىن ھالقىپ، چاتقاللارنى يېرىپ ئۆتۈپ، سازلىقلارنى كېچىپ، بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئېيىقلارنى پەم بىلەن يېڭىپ، مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە ئالتاي

شەھەرگە كىرىۋالدى، بۇ يەردە ئۇنى ساۋاقداشلىرى كۈتۈپ تۇراتتى، بۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىلار ئالتاي شەھىرىدىن قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، توپىلىق، كاتاڭ يوللاردا چايقىلىپ، نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا ھېلىقى قامچا ئىزچىل تۇردە ھەمراھ بولۇپ كەلدى.

كەچكە يېقىن ساغدات ئاقساقال ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

— جەزىرە قېنى؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟— دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا خۇددى يۈرىكى بىر نەرسىنى سەزگەندەك گۇمانسىراپ.

— جەزىرە... ئۇ... ئۇ... ئەتىگەن...

— ئەستاغپۇرۇللا!...— بوۋاي بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ مومىيىغا قاتتىق كايىدى،— مەن نېمىلا دېگەنبىلەنمۇ بالىنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ؟ باغرىم ئۇنچە قاتتىق ئەمەسقۇ!... ھەي - ي، بۇنداق بولارىنى بىلسەم، شەھەرگە ئۆزۈم ئاپىرىپ يولغا سالماسمىدىم!...

ئۇ ئاچچىقتىن ساقاللىرىنى يۇلۇپ، مومىيىنى سوراق قىلدى:

— ئۇ قاچان ماڭدى؟

— ئەتىگەن.

— بىرەرىگە قوشۇپ قويدۇڭمۇ؟

— ياق.

— ئاتلىق كەتتىمۇ؟

— ياق، پىيادە ماڭغان.

— ئەستاغپۇرۇللا... ماۋۇ موماينىڭ قىلغان ئىشىنى قارا... شۇنچە كەڭ ئاي - دالىدا - ھە؟! بۆرىلەرگە ئۇچراپ قالسىچۇ، يالغۇز قىز ئۆزى... خەپ، سېنى، خەپ!...

ئۇ ئېتىنى ئېگەرلەشكە ئۈلگۈرەلمەي، ياۋىداق مىنگەن پېتى

شەھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چىپپىپ كەتتى.

ئــەتىسى ئەتىگەن، ئۇ روھىي چۈشكەن، سالپايغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى، قاراگىر ئات كىچىچە چاپقانلىقتىن قارا تەرگە چۆمۈپ، ئاياغلىرىنى تەسكە يۆتكەپ كېلىۋاتاتتى، ھالسىز پۇشقۇرۇپ قوياتتى. ئادەملەرنىڭ ئەندىشىسى كۈچەيدى. ئۇلار جەزىرەنى بۆرىلەرگە يەم بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ يىغا ـ زار قىلىشتى. ئارىدىن بىر ـ ئىككى ئاي ئۆتۈپ، ئۇرۇمچىدىن بىر پارچە خەت كەلدى، بۇ جەزىرەنىڭ خېتى ئىدى. ئەنە شۇندىلا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، يېنىككىدە تىنىۋەتتى...

چــــرايــلىق ئىشلەنگەن، پۆپۈكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى قامچا زامانلارنىڭ ئۆيدە قىممەتلىك تەۋەررۇك سۈپىتىدە ھېلىھەم ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇيغۇر يىگىتى تاھىر بىلەن قازاق قىزى جەزىرەنىڭ مۇھەببىتى گۈل ـ چېچەككە پۈركەندى، ئۇلار ئاخىر توي قىلىپ كۆپ پەرزەنت يۈزى كۆردى، پەرزەنتلىرىنىڭ كەنجىسى مانا مۇشۇ زامان ئىدى...

※ ※

ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانچە چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىن رەھمەتلىك ئانىسى ھايات چاغدىكى مەنزىرىلەر خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك يەنە بىر ـ بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى: ئەنە، قورۇ ئىچىدىكى لاپاس ئاستىدا جانجان ئانىسى ئــاغــرىــق ئــازابىدىن ئىڭراپ ياتماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، لەۋلىرى گەز باغلىغان. چىرايىدا قان دىدارى يوق. بــەئــەينى ھاكلانمىغان تامدەك تاتىرىپ كەتكەن. ئۇ ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرمەكتە. بىر چاغلاردا، دەرۋازا قــوپــال تــاراقــلاپ ئــېــچىلىپ، سىرتتىن دادىسى ۋېلىسىپىتنى ئــىتتەرگىنىچە كىرىپ كەلدى. دەرۋازىدىن كىرە ـ كىرمەيلا،

ئاللىكىملەرنىدۇر تىللاشقا باشلىدى، ئۇ دادىسىغا قەۋەتلا ئۆچ، ئۇنى قىلچە ياقتۇرمايدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ ئائىلىسىگە، بولۇپمۇ، دادىسىغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىدۇ. نېمىدېگەن ئېسىل دادىلار ـ ھە؟ بالىلىرىغا چەكسىز مېھرىبان. بالام دەپ كۆيۈپ ـ پىشىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ دادىسىچۇ؟ دادىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق. خۇددى بالىلىرى ھارامدىن بولغاندەك كارى بولمايدۇ. خالىغانچە ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ. تىللاپ خىجىل بولمايدۇ. ئۇ يەنە پەزىلەتلىك ئائىلە خوجايىنى ئەمەس، ئاياللىغا قىلچە كۆيۈنمەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئەمەس، بۇ خوتۇن ئۇنىڭ ئەمەس، بۇ بالىلار ئۇنىڭ ئەمەس، ئاۋۇ تۇرغان يامغۇر ياققان كۈنلىرى تامچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆگزە ـ لاپاسلار ئۇنىڭ ئۇچۇن يات، بەئەينى بۇ ئۆينىڭ ئادىمى ئەمەس. بۇ ئۆيدىن تاماق يېمەيدۇ، نان يېمەيدۇ. گويا ئۆتەڭدەك ئەتىگىنى چىقىپ كەتسە كەچتە ئاران قايتىپ كېلىدۇ ياكى تۈن ـ تۈنلەپ سىرتلاردا، قايسىبىر جوۋانلارنىڭ ئۆيىدە ئەيش ـ ئىشرەت قىلىدۇ.

— بالىلارنىڭ دادىسى، — رەھمەتلىك ئانىسى يېلىنىپ سۆزلىمەكتە، — ئوغلىمىز غەپلەتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلدىڭىزمۇ؟

— قوي ئۇنىڭ گېپىنى، ئىككىنچى تىلغا ئالما! ... مېنىڭ ئۇنداق بالام يوق، ئۆلسۇن ھارامىلىق! ...

— ئۇنداق دېمەڭ، دادىسى، — ئانىسىنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، — بالا ئەمەسمۇ، كىم خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ.

— ھىم، ئۇنداق ھارام تاماقنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دادىسى، ئوغلىمىز غەپلەتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى يەنە بىر قىلىپ بېقىڭ.

— ياق!

— ئوتتۇز يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن... ئۆتۈنۈپ قالاي...

— ھىم.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن... بۇ مېنىڭ سىزگە قويغان ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم بولۇپ قالسۇن، — بايقۇش ئانا ئېزىلىپ - ئېزىلىپ يىغلايتتى.

دادىسىنىڭ تاشتەك قاتتىق يۈرىكى ئېرىپ قالدىمۇ ياكى پاتراق قۇتۇلاي دېدىمۇ، نېرىدا ياتقان ئايالىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ئالىكىملەرنى تىللاپ غودۇڭشىغىنىچە ۋېلىسىپىتنى سۆرەپ سىرتقا ماڭدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تېلېۋىزوردا ئادەم ئىزدەش ئېلانى بېرىلدى.

بىراق، ئىنىسىنىڭ دېرىكى تېخىچىلا بولمايۋاتاتتى. غەلىبەنىڭ بارمىغان يېرى، كىرمىگەن تۆشۈكى قالمىدى. مانا، ئۇ شەھەرنىڭ ئەڭ رەزىل، چاكىنىلىق بىلەن تولغان قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا، خۇپىيانە كوچىلاردا ئىنىسىنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى. يول ياقىسىدىكى چېكەرمەنلەر - ئىچەرمەنلەر ئۇنىڭغا شەھۋانىي ھەۋەستە قاراپ تىللىرىنى يالاشماقتا. ھەرەڭ - سەرەڭ ئىسقىرتىپ كۈلۈشمەكتە. يول بويىدىكى ئېرىقلاردا مەستلەر ئۆلۈكتەك خىرقىراپ ياتماقتا. چىرايى خۇددى سېڭكىدەك كۆكىرىپ كەتكەن قىز - جۇۋانلار ئەسەبىيلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە. ئىككى - ئۈچ ئادەم يالىڭاچ بولۇۋېلىپ مۇشتلاشماقتا... ئۇ رېئال دۇنيادىكى بۇ ئادەملەرگە ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم يىرگىنىپ قارايتتى. ئەتراپىنىڭ ھەممە نەرسىسى ئۇنىڭغا تولىمۇ يات، چۈشىنىكسىز بىلىنمەكتە ئىدى. ئۆزىنى خۇددى مەدەنىيەت دۇنياسىدىن يىراقلاپ، قورقۇنچلۇق بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك سېزەتتى، ئەتراپىنى ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر توپ سۆزلىيەلەيدىغان مودېللار قورشاپ تۇرغاندەك

بىلىنىپ، بەدەنلىرى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.
— بىرەرنىنى ئىزدەمسىز، سىڭلىم؟
— ياق... ھە...، — غەلىبە چۆچۈپ كەتتى، قارىۋىدى، كۆز ئالدىدا ساقاللىرى پاكىز قىرقىلغان بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپىدىكى بىر - بىرىدىن خۇنۇك، رەزگى چىرايلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ كۈلكىسى ئۆزگىچە يېقىملىق كۆرۈنەتتى.
— بۇ مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، — دېدى قىز يانچۇقىدىن بىر پارچە رەسىمنى ئېلىپ، خۇددى خىزىرغا ئۇچراپ قالغاندەك سۆيۈنۈپ، — بىر ئاي بولدى. ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن... كۆرگەنلەر بارمىكىن؟...
— ۋاي... بۇ... ھېلىقى كىمغۇ!... ئىسمى نىمىدا ئۇنىڭ؟!...
— ئۇنىڭ ئىسمى غەيرەت، — ئالدىراپ سورىدى قىز، — سىز ئۇنى تونۇمسىز؟
— ۋاھ، تونۇمايچۇ... ئوبدان تونۇيمەن ئۇنى...
— ئۇ ھازىر قەيەردە؟ بىلەمسىز، ئاكا؟
— ئۇ ھازىر ئەنە ئاۋۇ ئۆيدە ئەمەسمۇ، — يىگىت نېرىدىكى قورۇنى كۆرسەتتى، — يۈرۈڭ، سىڭلىم، مەن سىزنى باشلاپ باراي!...
ئىنىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ كەتكەن غەلىبە گەپ - سۆزسىزلا ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇلار بىر قورۇنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر قورۇغا كىردى. قورۇ ئىچى ناھايىتى سۈرلۈك، گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق قاپلاپ تۇراتتى، ئۇلار قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. قايسىبىر ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدىن ئىچكىرىكى مەنزىرە غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى. ئەنە، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز - يىگىت ئىشپىرىسنى بىلىكىگە توغرىلاپ ئۇرماقتا. غەلىبەنىڭ يۈرىكى نامەلۇم بىر شۈملۇقنى سەزگەندەك «قارتتىدە»

قىلىپ قالدى. بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى، ئەمما ئۇ كىچىككەندى. ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە، بايىقى يىگىت ئۇنى تۇيۇقسىزلا ياندىكى ئۆيگە سۆرەپ كىردى ـ دە، كارىۋاتقا بېسىۋالدى، ئۇنىڭ پۇتكۈل تۇرقىدىن قوي تېرىسىنى سېلىپ تاشلىغان چىلبۆرىدەك ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يوغان ئالىقانلىرى بىلەن قىزچاقنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىۋالغانىدى. قىزچاق تېپىرلايتتى، ۋارقىرىماقچى بولاتتىيۇ، ۋارقىرىيالمايتتى. ئەنە شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ خىيالىغا «يالىتتىدە» بىر ئەقىل كەلدى، راسا كۈچەپ تۇرۇپ يىگىتنىڭ چاتىرىقىغا بىرنى تەپتى.

— ۋايجان! !…، — يىگىت يەردە تولغىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

— خەپ! … پاسكىنا جالاپ! …— ئارقا تەرەپتىن ۋايىسىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە پىنھان يەرگە بېرىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن بۇقسۇپ چىققان خورلۇق ـ ئازاب دەستىدىن، مۆڭگىلىنىپ تۇرغان دەرەخ شاخلىرىنى قۇچاقلاپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

غەلىبە خىيالغا تىزگىن سىيرىدى، چاناقلىرىدا لىغىرلاپ قالغان ئەلەم ياشلىرىنى ئالدىرىماي سۈرتتى. ھويلا ئىچىگە يېگىۋاشتىن سەپسالدى. ئاۋۋالقى چۇۋالچاق، كۆرۈمسىز ھويلا مانا ئەمدى خېلىلا ئاۋاتلىشىپ، گۈزەللىشىپ، باشقىچە ئىللىق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى، يەردە غازاڭلا كۆرۈنمەيتتى. چىنىلەر پاكىز يۇيۇلغان، تاملار ئاپئاق ئاقارتىلغان، ئوچاقتا ئوتلار گۈرۈلدەپ ياناتتى. كۆمۈرخانىنىڭ ئاۋۋالقى سۇنۇق ئىشىكى ھازىر يوق، رېمونت قىلىنىپ، يېپيېڭى تۈسكە كىرگەن. بۇ ئىشىكنى ساھىل قايسى كۈنى كېلىپ ئوڭشاپ بەرگەنىدى.

ئۇنىڭ سىلكىپ ـ سىلكىپ ماڭىدىغان ئولڭ پۇتىنى دېمىسە،

پۇتكۇل تۇرقىدىن ئىلگىرىكى خامۇشلۇق، ئۈمىدسىزلىك، ھاياتتىن جاق تويغان ئادەملەردە بولىدىغان قايغۇ ـ ھەسرەتتىن نامۇ ئەسەر كۆرۈنمەيتتى. ھەئە، ئۇ ھازىر ھاياتقا كۈلۈپ قارايدۇ. بىر قېتىم ئۆلۈپ قايتا تىرىلدى، ئىلگىرىكى مەجرۇھ، دىلى سۇنۇق غەلىبە ھازىر مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنى قايناملار يۇتۇپ كەتتى. ئورنىغا يىپيېڭى، ئېقىن سۇيىدەك تاپتازا غەلىبەنى ئاپىرىدە قىلدى، پەقەت ئاشۇ مېيىپ پۇتىلا ئىلگىرىكى بەختسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇ بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى.

تەبىئىيكى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش سائەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش ئالدىدا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى ئاداققى قېتىم ئەسكە ئېلىشىدۇ، بۇ خۇددى تولا ئىشلىتىپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىش ئالدىدا ئاخىرقى نۆۋەت سىنچىلاپ قارىۋەتكەندەك بىر ئىش، خالاس. مانا شۇ تاپتا بىزنىڭ غەلىبەمۇ ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يادىغا ئالماقتا:

قايسى يىلى يازلىق كانىكول ئاخىرلىشىپ، زامان مەكتىپىگە قايتماقچى بولدى، غەلىبە ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ ئىشتىن چۈشۈپلا ئالدىراپ ـ سالدىراپ بېكەتكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېكەتكە ۋاقتىدا يېتىپ بارالماسلىقىدىن، ئاپتوبۇسنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. كۆندە نەچچە نۆۋەت مېڭىپ تۇرىدىغان بۇ يوللار ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇندەك، تۈگىمەيۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى، ئۇ بارغانچە تېتىلداپ قەدىمىنى تېزلەتتى، ئىتتىك ماڭىمەن دەپ يولدىن ئۆتكەن بىرقانچە ئادەملەرگە سوقۇلۇپ كەتتى. ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراشقا باشلىدى، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ خىيالىغا ھېچ نەرسە كىرمەيتتى، مۇھەببەت تەلۋىلىكى كۆزلىرىنى توسۇپ، قۇلاقلىرىنى پاك قىلىپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ يان كوچىدىن

ئۇشتۇمتۇت ئەگىپ چىققان بىر ماشىنىنى كۆرمەي قالدى، ماشىنا ئۇدۇل كېلىپ ئۇنى سوقۇۋەتتى، «ۋايجان!»… ئۇ ئازابلىق چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى - دە، ھوشىدىن كەتتى!…

ئۇ ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى دوختۇرخانىدا كۆردى، رەھمەتلىك ئانىسى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرەتتى، كۆزلىرىدىن تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل شۈبھىسىزلىك، يوشۇرۇن قايغۇ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئانا ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىپ كۈلۈمسىرەيتتى. بىراق، ئۇنىڭ كۈلكىسى زادىلا قوۋۇلاشمايتتى، كۈلىمەن دېگەنسېرى ئەكسىچە مۇڭلىنىپ يىغلىۋەتتى، ئۇ ئاخىر ھەممىنى چۈشەندى، ئەسلىي… ئەسلىي… ئۇنىڭ… ئاھ، ئۇنىڭ پۇتى مېيىپ بولۇپ قالغانىكەن!…

— ياخشىمۇسىز غەلىبە؟— ساھىل دەرۋازىدىن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز ساھىل ئاكا؟ — غەلىبە مەڭدەپ ئېسىگە كەلدى، باھار ئاپتىپىدەك كۈلۈپ يىگىتنى قارشى ئالدى، — بۈگۈن ئۆزىڭىز يالغۇز كەپسىزغۇ؟

— گۈلھايات ئىشقا كەتكەن، — دېدى ئۇ جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ.

— ساھىل ئاكا، — دېدى ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — مەن مۇشۇ كۈنلەردە كۆپ ئويلاندىم. ئەمدى يېڭىچە ھايات باشلىدىم، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇۋشۇم كېرەك ئىكەن. قايسى كۈنى نۇرغۇن يەرلەرگە بېرىپ خىزمەت ئىزدىدىم. بىراق، مېنىڭدەك ئىگە - چاقىسىز مېيىپ ئادەملەرگە ئاسانلىقچە خىزمەت تېپىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەدەمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىم، ئۇنى دوختۇرخانىدا داۋالىتىشىم كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىقتىساد لازىم. بىرلا سىزگە يۆلىنىۋالسام

بولمايدۇ... دادامنىڭ ئەھۋالى سىزگە ئايان. بىز بىلەن قىلچە كارى يوق، ئۆلۈك - تىرىكلىكىمىز ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىبىر. شۇنداق ئىكەن، بارلىق ئىشلار بىرلا ئۆزۈمگە باغلىق بولۇپ قالدى... مەن كۆپ ئويلاندىم، رەھمەتلىك ئانام تۇتقان بۇ ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىكىم، ئۇ ياندۇرغان ئوچاقتىكى ئوتنى داۋاملىق ياندۇرۇشۇم، ئىنىم غەپلەت قايتىپ كەلگۈچە ئانا سۈپىتىدە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىشىم كېرەك ئىكەن! ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا يەنىلا ئىقتىساد لازىم. شۇڭا مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئۆز كۈچۈمگە يارىشا ئىگىلىك تىكلەيمىكىن دېگەن ئويدا.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! — دەۋەتتى ساھىل ھاياجانلىنىپ، — مەن بۇ ئويىڭىزنى قەتئىي قوللايمەن، سىڭلىم، پەقەت ھايات دولقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قەيسەر ئادەملەرلا ئۆز قىممىتىنى قايتا يارىتالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، سىڭلىم، سىزمۇ شۇنداق قىلالايسىز، بۇ رەزىل، تەڭسىز دۇنياغا پەقەت غەلىبە بىلەنلا جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. مانا ئۇ ئەڭ ئۈتكۈر، ئەڭ سۆيۈملۈك قىساس ئېلىش چارىسىدۇر! ... خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن... سىز ئەمدى قانداق ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ مەسىلەن، قايسى جەھەتلەردە؟

— دۇكان ئاچايمىكىن دەيمەن، — دېدى قىز ئويلىغانلىرىنى قىلچە يوشۇرماي، چۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە ساھىل ئۇنىڭغا قېرىنداشلارچە خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ، قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ كېلىۋاتاتتى، — ئىلگىرى رەھمەتلىك ئانامدىن كەشتە تىكىشنى ئۆگەنگەنىدىم ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ قولۇم - قوشنىلارنىڭ دېرىزە پەردە، ياستۇق قاپ دېگەندەك نەرسىلىرىنى كەشتىلەپ بەرگەنىدىم... ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىپ بۇ خىزمەتنى

ياخشى ئىشلەپ كېتىشىمگە ئىشەنچىم كامىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەشتىچىلىك دۇكان ئېچىشقا مەبلەغ كۆپ كەتمەيدىكەن، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئۆيىمىزدە بار!...

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى پىلان بوپتۇ، بۇ، — ساھىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەمدىكى گەپ دۇكاننى قايسى ئورۇنغا ئېچىشتا... دۇرۇس، بىز بۇ دۇكاننى شەھەرنىڭ ئەڭ قايناق رەستىسىگە ئېچىشىمىز كېرەك، شۇنداق، ئەڭ قايناق رەستىسى، ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرگەن كوچا ئېغىزىدا بولۇشى لازىم!

— بىراق... ساھىل ئاكا...

— بولدى، سىڭلىم، سۆزلىمەڭ، — ساھىل قىزچاقنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — سىزنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى مەن ئوبدان چۈشەندىم، خاتىرجەم بولۇڭ، قالغان ئىشلارنى ماڭا تاپشۇرۇڭ!

— لېكىن...، مەن...

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، خىراجەت مەسىلىسى مۇھىم ئەمەس، بۇنىڭغا كېرەكلىك خىراجەتنى مەن بېرىپ تۇراي، كېيىن پۇل تاپقاندا قايتۇرۇپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، قايتۇرمىسىڭىزمۇ مەيلى...

ساھىل دېگىنىنى قىلدى، دۇكاننىڭ تىجارەت باشلاش رەسمىيەتلىرىنى كۆتۈرگىنىچە غەلىبەنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، دەرۋەقە، دۇكان شەھەرنىڭ ئەڭ قايناق رەستىسىگە جايلاشقان بولۇپ، مىغ - مىغ ئادەملەر ئارىسىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— دۇكاننى ئاخىر ئاچتۇق، — دەيتتى ساھىل نېرىدا ئالدىراشلىق بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان سۆيگەن قىزى گۇلھايات ۋە غەلىبەگە مەنىلىك قاراپ، — ئەمدىكى گەپ دۇكان مۇھىتى پاكىز،

رەتـلـىك، مۇئامىلىدە قىزغىن، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولۇشتا قالدى، بۈگۈنكىدەك كەسكىن بازار رىقابىتىدە ئۈزۈپ چىقمەن دەيدىكەنمىز قولىمىزدا چوقۇم بىر سىرلىق ئەڭگۈشتەر بولۇشى كېرەك، سىڭلىم غەلىبە، سىز بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟!

— ۋـيـيەي، مېنىڭ مۇشۇ ئۇنتۇغاق مېڭەمزە، — دەپ پىخىلداپ تۇرۇپ سۆزگە ئارىلاشتى گۈلھايات، — ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن قاراڭ، بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە دېمەي قاچان دەيمەن؟... سىڭلىم غەلىبە، ساھىل ئاكىڭىز بىلەن ئىككىمىز...، — ئۇنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى ۋە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كېلەر ئايدا توي قىلماقچى بولۇۋاتىمىز، قاراڭ!...

— ۋـيـيەي، راستىما؟... سىلەرگە مەڭگۈ بەخت تىلەيمەن! — دېدى غەلىبە چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ، بۇ بىر جۈپ ھېرىسمەن ئاشىق ـ مەشۇقلارغا قاراپ بىردىنلا ھەۋىسى كەلدى.

— ساھىل، ماڭا قاراڭە، — دېدى گۈلھايات خۇددى نېمىدۇ بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك شۇئان يىگىتكە تەبەسسۇملۇق بېقىپ، — بىز نېمە ئۈچۈن يېڭى ئۆيىمىزنىڭ دېرىزە پەردىسى، ياستۇق قاپلىرىنى غەلىبەگە تىككۈزمەيمىز؟!

— ۋاي راست!... ناھايىتى بەلەن گەپقۇ بۇ!...، — ساھىل ئۇنىڭ سۆزىنى خۇشاللىق بىلەن قۇۋۋەتلىدى، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، بىز سىزنىڭ تۈنجى خېرىدارىڭىز بولايلى، قېنى، سىڭلىم، قولىڭىزدىن گۈل چىقىرىۋېتىڭ، ھەممە ئادەم ھەيران قالسۇن!...

ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن غەلىبە پۈتكۈل يۈرەك ـ قېنىنى سەرپ قىلىپ تويلۇق جابدۇقلارنى تىكىپ كەشتىلەشكە باشلىدى. ئۇ كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە چىراغ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ھارماي ـ

تالماي ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئەمدىلا كىرگەن ئۆسمۈر ـ باللارغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. چەكسىز ئىشتىياق، ھەۋەس، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىشلەيتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى خەلقئالەمگە نامايان قىلماقچى بولاتتى...

ھەئە، ھايات خۇددى سەھنىدە ئوينالغان بىر پەردىلىك كومېدىيىگە ئوخشايدۇ، سېنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىڭ بەئەينى ئاللىكىملەر تەرىپىدىن ئۇشبۇ سەھنىگە مەجبۇرىي تارتىپ چىقىرىلغىنىڭدەك بىر ئىش. مەيلى سەن ماس كېلەمسەن ياكى ماس كەلمەمسەن، ئەمدى ئاللىقاندىقتۇر بىر رولنى مەجبۇرىي ئالماقتىن باشقا چارە يوق! ... مانا بۇ زامانىنىڭ ھاياتقا بولغان ئەڭ ئاخىرقى چۈشەنچىسى. بىرقانچە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئۇنىڭغا بۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنياغا ۋاقىتسىز يارىلىپ قالغاندەك، بەئەينى ئارتۇقچە ئادەمدەك سېزىپ ئازابلانماقتا. ئەسلىي ئۇنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇلىرى بار ئىدى، ئېھ، ئۇ كەلگۈسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك يارامىلىق ئادەم — كاتتا يازغۇچى بولماقچى ئەمەسمىدى ـ ھە؟ مۇشۇ ئوينىڭ تۆرتكىسىدە ئالىي مەكتەپكە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن كەلگەنىدىغۇ! ئاقىۋەتتە نېمە بولدى؟ نېمىنى ئۆگەندى؟! ... ئۇ خۇددى گۆشى قۇرۇپ تۈگەپ، سۆڭەكلىرى قالغان ئىسكىلىتكە ئوخشاپ قالدى.

— زامان، سەن ئەمدى ھوشۇڭنى بىلىپ يۈر، — تېخى بۈگۈن ئەتىگەن سىنىپ مەسئۇلى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قاتتىق تەنقىدلەپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم باشقا بىرىدىن، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئېغىر تەنبىھ ئاڭلىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى، — خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ساڭا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئېيتە، سېنىڭ زادى بۇ مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇش نىيىتىڭ بارمۇ، يوق؟! بۇ قېتىم يەنە ئۈچ ـ تۆت

دەرستىن ئۆتەلمەيسەن، سەن بۇ يەرگە زادى نېمە قىلغىلى كەلگەن ئادەم؟ ماۋۇ كاللىنى ئىشلەتمىسە قاپاقتا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزگە قاپاق لازىم ئەمەس!... ئاڭلىسام قايسى كۈنى رابىيەنىڭ ئالدىنى توسۇپ يەنە قول تەگكۈزۈپسەن، مېڭەڭنىڭ سۆيى بارمۇ نېمە؟ سېنىڭ ھېچ ئىشتىن ھېچ يوق، خەقنى دۇمبالايدىغان نېمە ھەققىڭ بار؟ رابىيە سېنىڭ تۇغقان قويغان بالاڭمىدى ـ ھە؟! ئەمدى سەن ھوش ـ كاللاڭنى يىغىپ يۈر. بۇ مېنىڭ ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىلغان نەسىھىتىم... بۇ يەردە داۋاملىق ئوقۇيمەن دەيدىكەنسەن قالايمىقان ئوي ـ خىياللارنى تاشلا... بولمىسا ھەممە ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ ئىگە!...

ئۇ مەكتەپ قورۇسىدىكى پىنھان يەرگە چىقىپ بۇقۇلداپ راسا يىغلىدى. ئەسلىي ئۇ ماھىيەت جەھەتتە باشقا بىر خىلدىكى ئادەملەرگە مەنسۇپ ئىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ھېچقاچان ئىمتىھاندىن نېئوت قېلىپ باقمىغانىدى، نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە ئەلا بولۇپ، ھەر يىلى ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ باھالىناتتى، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. بىراق، ھازىرچۇ؟

ئەھۋال تامامەن باشقىچە، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قارىماقتا، ئوقۇتقۇچىلار تەنقىد قىلماقتا.

ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ساۋاقداشلىرىم، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلىرىم شەيئىلەرگە يۈزەكى قاراپ، ماڭا خاتا باھا بېرىپ قويىدى دەپ ئويلايتتى. مانا بۇنىسى ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇ سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسىغا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئاشۇ جاپالىق يىللاردا سانسىزلىغان مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇپ، ئىبسىل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولاتتى. قانداشلىق نۇقتىسىنەزەرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىدا بار بولغان بۇ ئېسىل، سۈنماس روھنىڭ ئۆزىدە

بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى ھەقىقىي ئادەمدەك ياشايدىغىنىغا، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغىنىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئەمدىكى گەپ ئالدىدىكى مۇشۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالسىلا بولاتتى.

بۇ ئۆتكەل باشقا بىرى ئەمەس دەل رابىيە ئىدى، رابىيە، خەپ رابىيە، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت سەنىلا ئۈچۈن ئەمەسمىدى - ھە؟ مەن سېنى سۆيۈپ زادى نېمىگە ئېرىشتىم؟ ئەگەر بىلسەڭ، رابىيە، مەن سېنى سۆيگەندەك سېنى ئوتلۇق سۆيىدىغان ئىككىنچى بىر يىگىتنى ئەمدى مەڭگۈ ئۇچرىتالمايسەن! ئەنە شۇ چاغدا مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمگە يېتىسەن! ئەسلىي خالىساڭ مەن سېنى پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم، روھىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىر قوشۇق قېنىم قالغۇچە سۆيەر ئىدىم. خەير، زىمىستاننى كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىگە يەتمەس! ... بىراق، مەن بۇنداق دەپ ساڭا لەنەت ياغدۇرماقچى ئەمەسمەن، مەن يەنىلا ساڭا بەخت تىلەيمەن، گەرچە سېنى سۆيۈپ چەكسىز ئازابتا قالغان بولساممۇ مەيلى! ... زامان تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختىتالماي قالدى.

ھېلىمۇ ياخشى بالىلارنىڭ ھەممىسى دەرسكە چىقىپ كەتكەچكە، ياتاق ئىچى ئۇنىڭغا يالغۇز قالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالى بارغانچە چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى، كۆز ئالدىدا سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىسىنىڭ، ئاكا - ھەدىلىرىنىڭ ئوبرازى شەكىللەنگەندەك بولدى - دە، ئۇلار خۇددى ئۆزىگە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئېھ، ئۇ ئەمدى ئاتا - ئانىسىغا يۈز كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ نەرى يىگىت؟ ئۇ بۇ ئىسمىغا مۇناسىپ ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ! ...

تۇرۇپلا ئۇنىڭ خىيالىغا غەلىبە كىرىۋالدى. نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، مۇشۇ كۈنلەردە غەلىبەنى تولا ئويلايدىغان،

ئويلىغانسېرى ئەزايى ـ بەدىنى بىر خىل سېھرىي سېزىم ئىچىدە يېنىك تەۋرىنىپ لەرزىگە كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ۋىجدانىنى ئەقىل تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەپ بېقىۋىدى، ئۇنى تېخى ئۇنتۇپ كېتەلمىگىنىنى، ئۇنتۇش تۇگۇل ئەكسىچە تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئاخىر چۈشىنىپ يەتتى! دېمىسىمۇ، ئۇ پەقەت غەلىبە بىلەن بىرگە بولغاندىلا ئۆزىنى ھەممىگە قادىر، تايانچىسىز ئەركەكلەردەك، قەدىر ـ قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشقاندەك بىلىنەتتى. بۇنداق سېزىم رابىيە بىلەن بىرگە بولغان چاغلاردا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنى بارغانچە پەسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئىنسانىي غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەك سېزەتتى. رابىيە بىلەن غەلىبە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۆچلۈك سېلىشتۇرما پەرق غايەت زور چاقماق كەبى زامانىنىڭ سۆيگۈ تەشنالىقىدا چاك ـ چاك يېرىلغان يۈرىكىگە سەلدەك ئۇرۇلۇپ، ئەزايى ـ بەدىنىنى قاتتىق لەرزىگە سېلىۋەتتى ۋە ئويلىغانسېرى غەلىبە ئۇنىڭغا شۇنچە ساپ، شۇنچە گۈزەل ـ سۈمباتلىق، شۇنچە ئاق كۆڭۈل، يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى...

ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ھازىرلا قانات چىقىرىپ سۆيۈملۈك غەلىبەنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ بارغۇسى، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كەچۈرۈم سورىغۇسى كېلىپ كەتتى. نىھايەت، ۋاقىت ۋە زامان ئۇنىڭغا يار بەرمەيتتى!

ئۇ ئەمدى كوچىغا چىقىپ بىردەم سەگىدەپ كەلمەكچى بولدى. مانا ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئۈرۈمچى كوچىلىرى، قاچانلاردا ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالدى، بۇنىسى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەملەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ مۈرىدىشىپ تۇرۇشماقتا، ئاپتوبۇس بېكەت ـ بېكەتلەردە توختاپ يەنە ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ھەرىكىتىنى ھاياتلىققا ئوخشىتىپ قالدى. ئاجايىپ قىزىق ئىش، ھاياتلىقمۇ خۇددى

مۇشۇ ئاپتوبۇستەك ئېغىر يۈكنى سۆرەپ، بېكەت - بېكەتلەردە توختاپ، ئاندىن يەنە ئىنجىقلاپ ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاخىرقى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىكەن!... ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ كۆزى ئادەملەر توپى ئىچىدە تۇرغان بىر يىگىتكە چۈشتى. ئۇ «ھە» دەپ كىمدۇ بىرىنىڭ يانچۇقىغا قول سالماقچى بولاتتى. بۇ يىگىت ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا بىلىندى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىككى قېشى ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ يوغان بىر تال مېڭى ئۆزگىچە كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ مەڭنى نەدە كۆرگەن بولغىيتتى- ھە؟... بىر پەس ئويلىنىپ قالدىيۇ، بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ تونۇۋالدى، توۋا، بۇ غەلىبەنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ئىنىسى غەپلەتقۇ! غەپلەت!!...

زامان ئۇنىڭ قولىنى «كاپپىدە» تۇتۇۋالدى، ئۇ چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلەر ئۇچراشتى.

— غەپلەت، مېنى تونۇدۇڭمۇ؟... مەن ھەدەڭ غەلىبەنىڭ ساۋاقدىشى بولىمەن!... سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ ئۆيۈڭدىكىلەر سېنىڭ ئىز - دېرىكىڭنى قىلىۋاتقىنىغا نەۋاخ بولدى... ئاڭلىدىڭمۇ، ئاناڭ قازا قىلىپ كەتتى!...

ۋەھالەنكى، ئۇ بۇتتەك قېتىپ تۇرماقتا ئىدى، ھەتتا ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاۋاتقان چاغدىمۇ كۆزلىرىدىن مىت قىلىپ ياش چىقارمىدى.

— قويۇۋەت قولۇمنى، — دەيتتى ئۇ ھۆركىرەپ، — مېنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟ سەن كىم، تونۇمايمەن!...

شۇ ئەسنادا، ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى، ئۇ ئىشىككە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

— ھەدەم غەلىبەنى كۆرسەڭ يەتكۈزۈپ قوي، — دېدى ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىۋېتىپ، بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، — مەن بۇگۈن كۈلىنغا ماڭماقچى، ئەمدى مېنى ساقلىمىسۇن!...

مۇشۇ جۈملە سۆز ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە ئۇزۇنغىچە جاراڭلاپ كەتتى، ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالدى، ئۇ ئاخىرقى بېكەتكە قاراپ ئىنجىقلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى...

※ ※

غەلىبە پۈتكۈل يۈرەك ـ قېنىنى سەرپ قىلىپ تويلۇق بۇيۇملارنى ئاخىر كەشتىلەپ تۈگەتتى. دېرىزە پەردىلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە سىپتا، كۆركەم بولۇپ ئۇنىڭغا چېكىلگەن گۈل نۇسخىلىرى بەئەينى خان سارايلىرىنىڭ ياسىداق زىننەتلىرىنى ياكى چەكسىز بوشلۇقتا ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى ئەسلىتەتتى. تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل رومانتىك سېزىم، سېھرىي گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ گۈل كەشتىلىرىگە قاراپ غەلىبەنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— پاھ، پاھ!...، — دەۋەتتى گۈلھايات پەردىلەرنى كۆرگەن تۇنجى كۈنى ھاياجانلىنىپ، — ماڭا ئاتاپ تىكىلگەن پەردىلەر مۇشۇمۇ؟ نېمىدېگەن گۈزەل، قولىڭىزغا دەرد كەلمىسۇن، سىڭلىم!...

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ دوستلىرىنى دۇكانغا باشلاپ كېلىپ غەلىبەگە تونۇشتۇردى:

— بىزنىڭ ئۆيدىكى پەردىلەرنى مۇشۇ سىڭلىمىز تىككەن، — دەيتتى ئۇ پەخىرلىنىپ، — قانداق، قولى گۈلمىكەن؟

— ماڭا بىر يۈرۈش دېرىزە پەردىسى تىكىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، سىڭلىم!

— ماڭا بىر جۈپ ياستۇق قېپى!

— ماڭا بىر جۈپ ساندۇق ياپقۇچ!...

خېرىدارلار ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. مانا ھازىر، غەلىبە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. خىزمەتنىڭ كۆپلۈكىدىن «ئۇھ» دېگۈدەك ۋاقتى چىقمايدۇ. بىراق، ئۇ يەنىلا خۇشال، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە، يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا، ھايات ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىماقتا. ئۇ ھازىر كىچىك بولسىمۇ ئەمما پاكىز، رەتلىك، يېقىملىق بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى. پات يېقىندا دۇكىنىنى كېڭەيتىپ بىرقانچە ئادەم ياللاپ ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ تېخى! قول ـ ئىلكىدە خېلى ئىقتىساد جۇغلىنىپ قالدى. ئۇ بۇ پۇللار بىلەن سۆيۈملۈك ھەدىسىنى داۋالاتتى، ھەدىسى ھازىر خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ، دۇكاندا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ يۈرمەكتە.

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىسا ساھىلغا چەكسىز تەشەككۈر ئېيتقۇسى كېلىدۇ. ھەمىشە كۈلۈپلا يۈرىدىغان بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت ئۇنىڭغا يېڭىچە ھايات بەخش ئېتىپ، ياشاش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل قېنى ھەم جېنى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا رازى، بىراق··· ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە غەلىبەنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز لەرزىگە كېلىپ قولى ئىشتىن توختاپ قالدى. ئۇ ئالدىدىكى كەشتىلەرگە قارىغانچە ئويغا پاتتى: ئۇ ساھىل بىلەن گۈلھاياتنىڭ تويى بولغان ئاشۇ كېچىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇچىسىغا قارا كۆك كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، بوينىغا ئوتتاشتەك قىزىل رەڭلىك گالستۇكنى راۋۇرۇس قاتۇرۇپ باغلىۋالغان ساھىل تولىمۇ قامەتلىك، بەرنا، يېقىملىق ۋە روھلۇق بولۇپ كەتكەنىدى، يېقىملىق مۇزىكىنىڭ رىتىمىدە ئاپئاق تويلۇق لىباس كىيگەن سۆيگىنى گۈلھاياتنى قولتۇقلاپ ئاستا قەدەم تاشلاپ رېستورانغا كىرىپ كەلگەندە پۈتكۈل ئەتراپتىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. ئۇ بۇ ئالقىش سادالىرىدىن ساھىلنىڭ تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىناۋەتلىك، يۈز ـ ئابرۇيلۇق يىگىت ئىكەنلىكىنى

چوڭقۇر ھېس قىلدى. يۈرەكلىرى ئىختىيارسىز لەرزىگە كەلدى… تۇۋا، تويى بولغان قىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق گۈزەل، نازاكەتلىك بولۇپ كېتەمدۇ نېمە؟ گۈلھاياتنىڭ ئۇزۇن قاشلىرى قىياقتەك ئېگىلىپ، قىپقىزىل لەۋلىرى ھاياجاندىن لىپىلداپ، ئەتىياز پەسلىدىكى غۇزىمەكلەپ ئېچىلغان ئالما چېچىكىدەك ئاق رەڭلىك تويلۇق لىباسىنىڭ ئەكسىدە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ گويا رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن مەلىكىدەك جەزىبىلىك بىر تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئەكس ئەتكەن چەكسىز بەخت، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى غەلىبەنىڭ يۈرىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ھەئە، ئۇ مۇشۇ كۆزلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇ كۆزلەردە ئەكس ئەتكەن ئىشەنچ، بەخت، ھاياجان، رازىمەنلىك، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ قەلبىگە مۆھۈردەك چوڭقۇر ئورناپ كەتتى.

ئاشۇ كېچىسى، ئۇ تويدىن قايتىپ كېلىپ، ياستۇقىنى بېشىغا پۈركەنجەپ راسا يىغلىدى، نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى ئۆزىمۇ دەماللىققا بىلەلمىدى، پەقەت يىغلىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى، يىغلاپ - يىغلاپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋېلىشنى ئويلايتتى. بىراق، يۈرەكلەردە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياتقان ھېسلارنى بىرلا يىغلاش بىلەن ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش مۇمكىنمۇ؟ ئاخىر ئۇ ساھىلنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، بۇ مۇھەببەتنىڭ زامانغا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشكەنلىكىنى ئازاب ئىچىدە چوڭقۇر ھېس قىلدى.

غەلىبە مەڭدەپ ئەتراپقا قارىدى، كۆز ياشلىرىنى ئالدىراپ سۈرتتى. دۇكان ئىچى جىمجىت. ھەدىسى چۈشلۈك غىزا تەييارلاش ئۈچۈن ئۆيگە كەتكەنىدى، تېخى پۈتمىگەن بىرقانچە دېرىزە پەردە نېرىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۇ كىيىم تىكىش

ماشىنىسىنىڭ تەپكىسىنى دەسسىدى، يىگنە گىژىلداپ ھەرىكەتكە كەلدى. مۇشۇ كۇنلەردە ئۇ ئىشقا پىشقان، تەجرىبىلىك ئۇستىلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كەشتىلىگەن دېرىزە پەردىلەر، ياستۇق قاپلار، ساندۇق ياپقۇچلار··· خىلىلا ئىناۋەت تىكلەپ ھەممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان بارچە غەشلىك ئازابىنى تىرىشىپ خىزمەت قىلىش يولى ئارقىلىق يەڭگىللەتمەكچى، ئۇنتۇماقچى بولدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ سۆيۈملۈك گۇلھاياتقا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پىلىلداپ كۆيگەن ياكى كۆيۈش ئالدىدا تۇرغان مۇھەببەت ئىستەكلىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە رازىكى، ئىنسى - جىنغا تىنمايدۇ. ساھىل مەيلى قانچىلىك ئاق كۆڭۈل، قانچىلىك جەلپكارلىققا ئىگە يىگىت بولمىسۇن، ئۇ ھامان گۇلھاياتقا مەنسۇپ. ئۇ ھەرگىز خەقنىڭ تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقىغا تۈكۈرىدىغان ئاشۇنداق نامەردلىكنى قىلمايدۇ!

— غەلىبە! ···

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. قاچانلاردا دۇكانغا كىردىكىن؟ ساھىل ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. بىراق، ھەمىشە كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىدا ھازىر كۈلكىدىن نامۇ ئەسەر يوق. كۆزلىرى مەلۇم بىر قايغۇ - ھەسرەتتىن قېتىپ قالغاندەك، يۈزلىرى نامەلۇم بىر جىددىيلىكتىن تاتىرىپ كەتكەندەك ئىدى، قوللىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇۋۇلاپ قوياتتى.

— غەلىبە، دادام··· ئاخشام مېڭىسىگە ئۇشتۇمتۇت قان چۈشۈپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى! ··· ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك··· دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلمىز، ئالدىنئالا ئون مىڭ يۈەن تاپشۇرۇڭلار دەيدۇ··· كېچىچە ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئازراق پۇل ھەل قىلدىم، لېكىن··· يەنە ئازراق كەم قالغان··· شۇ··· شۇڭا··· سىز··· سىزدىن···

غەلىبە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ساھىلنىڭ دادىسىنى ئىلگىرى تويدا كۆرگەنىدى. چاچلىرى تەكشى ئاقارغان، ساقال ـ بۇرۇتى پاكىز قىرقىلغان، يۈزلىرى قىپقىزىل، تولىمۇ مۇلايىم، مېھرىبان خىزىر سۈپەت بۇ ئادەم ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ھەتتا شۇ چاغدا بۇ ئادەم مېنىڭ دادام بولۇپ قالغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتكەنىدى.

— ساھىل... ساھىل ئاكا، — دېدى ئۇ جاۋابەن جىددىيلىشىپ، — مەندە يېتەرلىك پۇل بار، يۈرۈڭ، بىز تېزلىكتە دوختۇرخانىغا بارايلى!...

مانا، دوختۇرخانىنىڭ ئايرىم خانىسىدا، ئاپئاق كىرلىك تارتقان كارىۋات ئۈستىدە ساھىلنىڭ دادىسى ھوشسىز ياتماقتا. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، كۆكسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، كارىۋات ئەتراپىدا ساھىلنىڭ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چۆرىدەپ تۇرىدۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە تەشۋىش، بايقۇش ئانا قوللىرى بىلەن كۆكرىكىنى مۇجۇپ تۇرۇۋالغانىدى. غەلىبە دەسلەپ ساھىلنىڭ ئانىسى، ئاندىن گۈلھاياتنى قۇچاقلاپ تەسەللى بەردى، خىيالىغا ئىختىيارسىز ئەينى چاغدا ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان مەنزىرىلەر كەلدى. ئېھ، ئاشۇ چاغلاردا ساھىل دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى ئەجەل ئېغىزىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋالغان، دوختۇرخانىدا بىرقانچە كۈن ھوشسىز ياتقانىدى. مانا شۇلارنى ئويلاپ ئۇ ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر چۈشەندى.

— قان، دەرھال قان بېرىش لازىم، — دەيتتى دوختۇر جىددىي ھالدا، — ئەھۋال خەتەرلىك، خېلى كۆپ قان لازىم بولىدۇ. ئاراڭلاردا قان بەرگۈچىلەر بارمۇ؟...

— مېنىڭ قېنىم دادامنىڭكىگە ئوخشاش، — دېدى ساھىل

شۇئانلا، — مېنىڭ قېنىمنى ئېلىڭ، دوختۇر!
— مېنىڭ قېنىم O تىپلىق، — دېدى غەلىبەمۇ جىددىي هالدا، — مەنمۇ قان بېرىشكە تەييار دوختۇر.

ئەنە، غەلىبەنىڭ قىپقىزىل قانلىرى ئۆزۈن نەيچىلەرنى بويلاپ بىمارنىڭ تومۇرلىرىغا ئېقىپ كىرمەكتە. بۇ تومۇرلارغا يېڭىراقتا ساھىلنىڭ قېنىمۇ ئېقىپ كىرگەنىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ قېنى ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە مەڭگۇ گىرەلىشىپ كېتىدۇ! غەلىبە ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلماقتا، روھىي جەھەتتىن تەسەللى تاپماقتا. چۈنكى ئۇنىڭ قانلىرى سۆيۈملۈك ساھىلنىڭ قېنى بىلەن ئاخىر ئۇچراشتى، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتتى. ئېھ، ئۇ نېمىدېگەن تەلەيلىك - ھە؟! ئۇ ئۆزىنى خۇددى ئاپئاق تويلۇق لىباس كىيىپ ساھىلنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى ۋە ئاشۇ خىياللىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قېلىشىنى شۇ قەدەر خالاپ كەتتى...

يېقىنقى بىرقانچە كۈندىن بۇيان، غەلىبە كىمدۇ بىرىنىڭ كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇۋېلىپ، ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان قايناق ئادەملەر توپىغا مۆكۈنۈپ، دۇكان تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۆزىنى ئاستىرتتىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت بايقاپ قالدى. بۇ غايىب كۆلەڭگە ھەر كۈنى ئوخشاش ۋاقىتتا دۇكان ئالدىدا پەيدا بولاتتى - دە، تاكى كەچ كىرگۈچە ئەتراپنى ئەگىپ يۈرەتتى. دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇ بۇ كۆلەڭگىنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي، مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن ئوغرى - لۈكچەكلەر ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ يۈردى. كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەۋەردى، بىراق ئەھۋالدا ھېچ ئۆزگىرىش يوق. ھېلىقى كۆلەڭگە ئۇنىڭغا قارا نىيەتلىك قىلىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ. تۇۋا، ئۇ زادى كىم بولغىيتتى - ھە؟... ئۇ تولىمۇ ئەجەبلەندى. نەچچە قېتىم دۇكان ئالدىغا چىقىپ قاراپمۇ باقتى. ۋەھالەنكى، ھېلىقى

كۆلەڭگە قارىسىنى كۆرسەتمەي قېچىپلا يۈرەتتى. ئاخىر بىر كۈن، ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى بۇ كۆلەڭگىنى تونۇپ، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى: ئاھ، زامان... بۇ... سەنمۇ؟!... چەكسىز ئازاب - ھەسرەتتىن لەختە - لەختە قان بولۇپ، شۇ كېچىسى ياستۇقنى بېشىغا پۈركۈنجەپ تاڭ ئاتقۇچە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ چىقتى. ئاھ، بىچارە قىز ھەي!... زاماننىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئەمدىلەتىن ساقىيىشقا باشلىغان كونا جاراھىتىنى ئۆتكۈر تىغ بىلەن قوچۇپ، تۇز سەپكەندەك ئېچىشتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭدەك ئاجىز بىر قىز ئۈچۈن بۇنىڭدەك ئېغىر روھىي زەربىگە ئۇچراش ئاسان گەپمۇ؟ كۆل سۈيىدەك تىنىچ، تەرتىپلىك روھىي دۇنياسى بۇزۇلۇپ بېشى گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ئەسلىي زاماننى كۆرەر كۆزۈم يوق، خاتىرە بەتلىرىمدىن پاك - پاكىز ئۆچۈرۈۋەتتىم دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدى. بىراق، ھازىر... مەيلى ئۇنى قانچىلىك تىللىمىسۇن، ئۇنىڭدىن قانچىلىك نەپرەتلەنمىسۇن، يۈرىكىنىڭ بۇرجەكلىرىدە زاماننىڭ تەسىرىنىڭ تېخىچە ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى، بۇ مەۋجۇدىيەتلىكنىڭ خۇددى ئەتىياز پەسلىدىكى جىرىم تالدەك يوشۇرۇن بىخ سۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلدى!... ھەئە، قىزلار ھامان كەڭ قورساق كېلىدۇ، گەرچە سۆيگەن ئادىمى كەچۈرگۈسىز خاتالىق سادىر قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى يەنىلا ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پاتراق ئۆز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ئىستەيدۇ!... مانا شۇ تاپتا، غەلىبەمۇ زاماننىڭ ئىلگىرى قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشماقتا. ئۇ ئۇنى ئەپۇ قىلدى، ئەمدى ئۇنىڭ دۇكانغا كىرىپ خۇددى ئەينى چاغدىكىدەك ئۆزىگە قايتىدىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىنى كۈتىدۇ!

بىراق، زامان يۈرەكلىك ھالدا دۇكانغا كىرىشكە پېتىنالمىغاندەك ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپلا يۈرەتتى. مانا بۇنىسى

غەلىبەگە تولىمۇ ئار كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاشۇ كۈننىڭ ئاخىر يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئەگەر مۇشۇ كۈن يېتىپ كەلسىلا چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان موماي بولغۇچە كۈتۈشكە رازى ئىدى!...

زامانىنىڭ بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگىنىگە بىرقانچە ئاي بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك غەلىبەنىڭ دۇكىنى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئەسلى ئۇ غەلىبەدە بۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ ھازىر نېمە دېسە «ھە» دەپ تۇرىدىغان ھېلىقى سەبىي، مەيۈس، يىغلاڭغۇ قىز ئەمەس، ئەكسىچە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدا پىشىپ يېتىلگەن، ئېغىر - بېسىق، قول - ئىلكىدە بار دۇكان خوجايىنى. قول ئاستىدا بىرقانچە قىزلار ئىشلەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇچۇ؟... بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا ئاچىقالمىدى. خۇددى ئەسكى پالازدەك سۆرىلىپ، نەچچە پەندىن نېئوت قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى ئارانلا تاماملاپ كەلدى. ئۇ بىر چولاق زىيالىي، ئەگەر ئۇنىڭ بېشىدىكى «زىيالىي» دېگەن مۇشۇ قالپاقنى دېمىسە، ھېچقانداق جەھەتتە غەلىبە بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ غەلىبەنىڭ ئالدىغا كىرىشتىن يۈزى قىزىرىدۇ. بۇنىڭسىزمۇ بىچارە قىزچاقنىڭ يۈرىكىگە ئاز زەربە بەردىمۇ؟ ئۇنىڭ سەممىمىي ساپ مۇھەببىتىنى قارىغۇلارچە يەرگە ئۇرۇپ دەپسەندە قىلدى. ھەئە، ئۇ نېمىدېگەن رەھىمسىز، كالتە پەم، ئەقىلسىز - ھە؟!...

— غەلىبە بولسا بىر ئىشچى چۈمۈلە، — دېدى ئۇ بىر كۈنى كوچىدا هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، دېمىسىمۇ ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە قاپساپ كەلگەن دىل ئازابىنى هاراق بىلەن ئالماقچى بولغاندەك تولا هاراق ئىچىدىغان بولۇۋالغانىدى، — ئۇ چۈمۈلىدەك ھارماي - تالماي ئىشلەپ ئاخىر ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان دۇنيانى

ياراتتى. بىراق مەنچۇ؟... مەن دېگەن تاشپاقا بىلەن يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن توشقان! ... ها، ها، ها! ... توشقان! ...

ئارقىدىنلا ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— مەن ... مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن! ... بىز... بىز ھەممىمىز بىر توپ ئالۋاستى! ...

— ھــاي، زامان، — دېدى ئۇلپەتداشلارنىڭ بىرى، — مەست بولۇپ قاپسەن ئاداش.

— ياق، مــەن... مــەن مەس ئەمەس، كاللام سەگەك... يۈرىكىم يىغلاۋاتىدۇ... ئىشەنمىسەڭ تىڭشاپ باق... كۆز يېشى دېگەن نېمانچە ئاچچىق - ھە؟... ئىچكەن هاراقلىرىم كۆزۈمدىن ئېقىۋاتىدۇ! ... ها، ها، ها! ...

ئۇ ئورنىدىن دەلدەڭلەپ تۇرۇپ نېرىدا تىكلەكلىك تۇرغان ۋېلسىپىتكە مىندى.

— ھاي، ئۇكىلىرىم، — دېدى قوشنا جوزىدا ئولتۇرغان چوڭلارنىڭ بىرى ۋېلسىپىتنى دەلدۇگۇنۇپ مىنىپ كېتىۋاتقان زامــانــنــىــڭ ئــارقــىــســىــدىــن خاۋاتىرلىنىپ قاراپ، — ئاۋۇ ئــاغــىــنــەڭلارنى يالغۇز قويۇپ بەرمىسەڭلار بوپتىكەن... بىرەر ھادىسە چىقىپ قالسا...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىچىدە قالدى. يان كوچىدىن ئەگىپ چىققان بىر ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىپ ئۇنى سوقۇۋەتتى. ھەممە ئادەم پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى...

※ ※

ئۈستىگە ئاپئاق يوپۇق يېپىلغان بىر جىنازا ئادەملەر توپى ئۈستىدە گويا ئاق بۇلۇتتەك لەيلەپ، ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بېلىگە ئاق باغلانغان بولۇپ، كۆزلىرى قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتتىن قېتىپ قالغاندەك ئىدى. گاھ - گاھىدا ئېغىر

خـۇرسىنىپ قوياتتى. ئۇلار توپىلىق كاتاڭ يوللارنى بىغىرلاپ مىڭىپ قەبرىستانلىقتىكى يىڭى يەرلىك يېنىغا كېلىپ توختاشتى. بۇ يەرلىك تېخى بايىلا كولانغاچقا، قاپقارا تۇپراقتىن زەي ئۇرلەپ تۇراتتى. ياشلارنىڭ بىرى يەرلىككە سەكرەپ چۈشۈپ، ئىچ گـۆرلـۈكـكـە كـىـرىپ ئوڭدىسىغا يېتىپ، گۆرنىڭ ئۇزۇن ـ قـىـسقىلىقىنى، كەڭ ـ تارلىقىنى تەخمىنەن ئۆلچەپ چىقتى، بولىدىكەن دەپ يۇقىرىدىكىلەرگە ئىشارە قىلدى. ئۇلار مېيىتنى ئىچ گۆرلۈككە ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ، گۆرلۈك ئاغزىنى خام كېسەك بىلەن پۈختىلاپ ئەتتى.

يەرلىك ئىچىگە ئەمدىلا توپا تاشلىناي دەپ تۇرغاندا، ئادەملەر ئـۇشـتـۇمتۇت يەرلىك بېشىدا بىر دەستە ئەتىرگۈل كۆتۈرگەن نـاتـونـۇش بـىـر قىزنىڭ تۇرغانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپ قالدى. قاچانلاردا پەيدا بولۇپ قالدىكىن؟ قىزچاق كۆزلىرىدىن تـارام ـ تـارام ياش تۆككـىنـىـچە قولىدىكى ئاپئاق ئېچىلغان ئـەتـىرگۈلنىڭ ياپراقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يۇلۇۋېلىپ يەرلىك ئىچىگە تاشلىماقتا ئىدى. تەڭگىدەك چوڭلۇقتىكى ئاپئاق ياپراقلار بوشلۇقتا خۇددى كېپىنەكتەك لەيلەپ يۇمشاق توپىلار ئۈستىگە قـونـۇشاتـتـى. ئـۇنـىـڭ بـۇ ھەرىكەتلىرىدىن جامائەت قاتتىق تەسىرلىنىپ، بىردىنلا تەۋرىنىپ كەتتى.

مـېـيـىـت يـەرلىككە قويۇلۇپ بولدى. ئادەملەر مېخانىك رەۋىشتە ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. پۈتكۈل ئـەتـراپ تـىـمتاسلىققا چۆمدى. بېشىغا سەللە يۆگىگەن ئاپئاق ساقاللىق قارىي ئەتراپقا تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن، گېلىنى قـىـرىپ قويۇپ قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق قىرائەت ئـاۋازى تاقىر ساي ـ تۆپىلىكلەرنى بويلاپ يىراق ـ يىراقلارغا تارالدى.

— ئامىن! ...، — قارىي قىرائەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى.

ھەممە ھازىرلىقلار، قائىدە- يوسۇنلار تاماملاندى، جامائەت كەلگەن يولنى بويلاپ قەبرىستانلىقتىن ئايرىلدى، ئۇلار بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

بىراق، ھېلىقى قىز تېخىچىلا قەبرە بېشىدا تۇراتتى. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى مەڭزىلىرىنى چىلىق- چىلىق ھۆل قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئۈنسىز نىدا قىلماقتا ئىدى:

«ئېھ، سۆيۈملۈك زامان!... سەن ئەسلىي ياشىشىڭ كېرەك ئىدى، ھايات ساڭا ھامان كەڭرى قۇچاق ئاچاتتى!... ئېھ، ئىككىمىز توي قىلغان بولساق، يېڭى ئۆيىمىزنىڭ دېرىزە پەردىلىرىنى، ياستۇق قاپلىرىنى، ساندۇق ياپقۇچلىرىنى ئۆزۈم تىككەن، سېنىڭ ھالىڭدىن مەڭگۈ خەۋەر ئالغان بولاتتىم!... ئېھ، مەن سېنى ئەبەدىلئەبەد سۆيىمەن. سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن، سېنى ئۆلگۈچە ساقلايمەن!... ئەلۋىدا، ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن، ئەلۋىدا!...»

قىزچاق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. كۆپكۆك ئاسماننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە قاپقارا بىر داغ غىل- پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى بۇلۇتتەك سىلجىپ بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، ۋاقىت تېخى كەچ بولمايلا گۇگۇم پەردىسى ئەتراپقا يېيىلىپ كەتكەنىدى.

# قانات

ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ، ئانىسى بىلەن بىللە مۇشۇ مەھەللىدە چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا گويا تىنىق دېڭىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى يېتىم ئارالدەك چوقچىيىپ تۇرغان مۇنۇ خارابىلىكتە ياشاپ كېلىۋاتاتتى. مەھەللە سىرتىدا ئۆركەشلىنىپ تۇرغان كۆچمە بارخانلار گويا چىشىنى بىلەپ تۇرغان جادۇگەردەك ھەر دائىم بۇ مەھەللىنى يۇتۇۋېلىشنى ئويلاپ، ئاچ كۆزلەرچە خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئەتىدىن كەچكىچە بوران ئۇشقىرتىپ قۇم - توپىلار يامغۇردەك قۇيۇلاتتى.

ھېلىلا سۇپۇرگە سېلىنغان ھويلىلار، سۇپا ياكى باراڭلار توپىغا مىلىنىپ ئۆلۈكتەك بوزىرىپ تۇرۇشاتتى ھەم ئەتە - ئاخشاملىرى ئىشىك - دېرىزىلەر قۇم ئاستىدا قېلىپ، زىنھار ئېچىلماي قالاتتى. ئىلگىرى مەھەللىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كونا قۇدۇقتا سۇ خېلى كۆپ ئىدى. كېيىن بەئەينى قىسىر ئىنەكتەك بارغانچە سوغۇلۇپ، ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەھەللە كىشىلىرى ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ مۇقەددەس ماكاننى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. پەقەت ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماكانىدا ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېشارىتى بولۇپ قېلىپ قالدى. ياق، يەنە مەھەللە سىرتىدىكى ئاتىنىڭ يالىدەك قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان جىگدىلەرمۇ بار.

ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ، بۇ قاتار جىگدىلىك ئاشۇ يەردە

بار ئىدى. ئۇ ئىلگىرى مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن جىگدىلىكتە كېلىپ ئويناپ، جىگدىلەرنى تويغۇچە يەپ، سېۋەتلىرىگە لىق تولدۇرۇپ ئەكېتەتتى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يوق، جىگدىلەرگە ھەمراھ بولۇپ پەقەت ئۆزى تەنھا قالدى. ئۇ جىگدىلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ تىلىنى چۈشىنەتتى، قاچان ئۇسساپ قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ياپىراقلارنىڭ شامالدا سىلكىنىشى ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھايات سىمفونىيىسىدەك بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. ئاجايىپ سېھرىي تۇيغۇلارغا چۆمدۈرەتتى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ جىگدىلىك ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ بىردىنبىر ئوزۇقلۇق مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قان بىلەن گۆشتەك چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئانىسى تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقى تۈپەيلىدىن بالدۇرلا قېرىپ، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، بەللىرى مۈكچەيگەن ئەمما يىگىرمە توققۇز - ئوتتۇز ياشلاردىكى چوكان ئىدى. ئۇ دادىسىنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، دادىسى يىراق بىر جايغا كەتكەن بولۇپ ئاخىر بىر كۈنى قايتىپ كېلەرمىش، دەسلىپىدە ئۇ بۇ گەپلەرگە راستتىنلا ئىشىنىپ يۈردى، كېيىنچە ئەقىل يېشىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ مەھەللە سىرتىدىكى ھېلىقى كونا قەبرىنىڭ دەل ئۆزى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان سۆيۈملۈك دادىسىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ يەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى بىلەن قەبرە ئوتتۇرىسىدا خېلى ئارىلىق بار ئىدى. ئانىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنى قەبرىگە باشلاپ بېرىپ تاۋاپ قىلاتتى. بەزى كۈنلىرى كۆچمە بارخانلار يوللارنى كۆمۈپ، قەبرىنىڭ ئورنىنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى. قۇم بارخانلىرى قەبرىنى مەيلى قانچىلىك چوڭقۇر كۆمۈۋەتسۇن، ئانىسى بەرىبىر ئۇنى تېپىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار قۇم

بارخانلىرى بىلەن كۆن ـ تۈنلەپ كۆرەش قىلىپ، ئاخىر قەبرىنى قايتىدىن ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرەتتى.

ئۇلارنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بىرلا ئېغىز ئۆي، ئالىقانچىلىك قورۇ ئىدى. قورۇنىڭ سوقما تاملىرى پۇچۇلۇپ، بەلدەمگىچە قۇمغا پېتىپ تۇراتتى. سۇۋاقلىرى چۇشۇپ كەتكەن ئۆينىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ خاراب ئىدى. قېيىپ كەتكەن ئىشىك ـ دېرىزىلەردىن بوران گۇركىرەپ كىرىپ، ئۆي ئىچىنى ئاپئاق توپا ـ قۇملارغا كۆمۈۋېتەتتى. شۇڭا داق يەرگە سېلىنغان كونا كىگىز، يوتقان ـ كۆرپىلەرنىڭ رەڭگى بوزىرىپ بەئەينى كىشىگە بىر يېقىمسىز تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى.

قۇملۇقنىڭ كېچىسى ناھايىتى قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق بولاتتى. ھاۋا سوغۇق، بوران ۋەھىمىلىك گۈركىرەيتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئانىسى بىلەن بىللە يېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاخشاملىرى ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلىرىگە قۇلاق سېلىپ يېتىپ، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى سىلىغانچە ئۇخلاپ قالاتتى. ئىلگىرى ئانىسىنىڭ تولغان ئەمچىكى ئاجايىپ سۈتلۈك ئىدى، گويا ئاقسا ـ ئاقسا تۈگىمەيدىغان بۇلاقتەك ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئىسسىق، قويۇق ۋە مەززىلىك سۈت ئېغىزلىرىغا پاتماي جاۋغايلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چىقاتتى. كېيىن ئانىسىنىڭ ئەمچىكى بارا ـ بارا قورۇلۇپ، سۈت كۈنسېرى سوغۇلۇپ، ئاخىر چىقماس بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ قورۇق ئەمچەك ئۇنىڭغا ھامان سۆيۈملۈك ھەم مەززىلىك تۇيۇلاتتى. ئەگەر بىركىم ئۇنىڭدىن: «دۇنيادا ھەممىدىن بەك قانداق نەرسىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىسا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي: «قاتار جىگدە بىلەن ئانامنىڭ ئەمچىكىنى» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. كېيىنچە ئۇ ئانىسى بىللە يېتىشتىن بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەمچىكىنى سىلاپ ئېمىشتىن خىجىل بولىدىغان بولدى. گەرچە ئۇ ئايرىم يوتقاندا بولسىمۇ كېچىسى ئۇيقۇسىدا سەزمىگەن ھالدا ئانىسىنىڭ ئىللىق

باغرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، يەنە ئەمچىكىگە ئېغىز سالاتتى. ھەر كۈنى قۇياش تېخى ئويغانماستا ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. كېچىچە قۇملار ئىشىك- دېرىزىلەردە دۆۋىلىنىپ قالغاچقا، ئانىسى شۇتىغا يامىشىپ، تۈڭلۈكتىن تالاغا چىقىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئوغلى ئويغانغىچە قۇملارنى ئادالاپ، يوللارنى ئاچاتتى، بۇنىڭ بىلەن ھارغىنلىق ئىچىدىكى جاپالىق بىر كۈنلۈك تۇرمۇشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىناتتى. ئانىسى تاكى كەچكىچە بەئەينى جاپاكەش ئىشچى چۈمۈلىدەك بەللىرىنى مۈكچەيتىپ، تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى.

ئانا چۆچەك ئېيتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ خىلمۇخىل مەزمۇندىكى چۆچەكلىرى بار ئىدى. بەزىلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك بولسا، بەزىلىرى ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ بۈركۈت بالا ھەققىدىكى رىۋايەتنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇ چۆچەكنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى سىلكىنىپ، نەچچە كېچە ھاياجاندىن كىرپىك قاقماي چىققانىدى. ئۇ ھەمىشە بۈركۈت بالىدەك قاناتلىق بولۇشنى، كۆكتە پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بارا - بارا پۈتكۈل خىيالى قانات چىقىرىشتىلا قالدى. ھەئە قانات، ئېھ، مۇقەددەس قانات!...

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بۇ يەردە خەلقلەر ئېجىل - ئىناق ياشايدىكەن. بۇ يەرنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئوت- چۆپى مول ئىكەن. يېقىن ئەتراپتا ئېگىز تاغ بار ئىكەن. تاغدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر ئانا بۈركۈت ياشايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۆھقاپ پەردىسى تېشىلىپ كېتىپ، ناھايىتى يوغان، قورقۇنچلۇق بىر قارا تۆشۈك پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن چىققان دەھشەتلىك بوران قۇم - توپىلارنى ئۇچۇرۇپ، ھەممە ئەتراپنى يالماپ يۇتۇپتۇ، زېمىن بالايىئاپەت ئاستىدا قاپتۇ. خەلق خانىۋەيران بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. ئانا بۈركۈت قۇم يالماپ يۇتقان خارابىلىك ئارىسىدىن بىر ئوغۇل بوۋاق تېپىۋاپتۇ.

ئۇنى ئۆز ماكانى بولغان ئېگىز تاغقا ئەكېتىپ بېقىپتۇ. ئوغۇل ناھايىتى تىمەن، كۈچتۈڭگۈر چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. ئانا بۆركۈت ئۇنىڭغا: «سېنىڭ نەسلىڭ ئىنسان، قوۋم باسقان مۇنۇ زېمىن ئانا ماكانىڭ بولىدۇ. كۆھىقاپتا غايەت زور تۆشۈك بار. ئەگەر سەن شۇ تۆشۈكنى ئېتەلىسەڭ خەلقىڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلىدۇ» دەپتۇ. بۆركۈت بالا كۆھىقاپ تەرەپكە ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ ۋە ئاخىر يېتىپ بېرىپ، يوغان قارا تۆشۈكنى قاناتلىرى بىلەن توسۇپ يېپىپتۇ. بوران شۇئان توختاپ، خەلقىئالەم بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپتۇ... مانا مۇشۇ ھېكايە ئۇنىڭ يۇمران تەپەككۇرىغا ئالامەت چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنىدى. كۆز ئالدىدىن بۆركۈت بالىنىڭ قەھرىمان ئوبرازى بىر دەقىقىمۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا چەكسىز ھەۋەس قىلاتتى. بۇ ھېكايە ئۇنىڭغا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگەتتى.

ئۇ ھەر دائىم قاتار جىگدىلىككە بېرىپ، مەۋجلىنىپ تۇرغان قوۋم بارخانلىرىغا قارىغانچە چوڭقۇر ئويغا پاتاتتى. قوملار كۆچەتتى، يالماۋۇز تىللىرىنى يۆگەپ، نەرە تارتاتتى. ۋەھالەنكى بالىنىڭ خىيالى ئۈزۈلمەيتتى. ئىگىسىز قالغان تاشلاندۇق ئۆيلەر، قورۇلار تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالەت چوقچىيىپ تۇراتتى. بالا مەھەللىنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتىنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ئىلگىرى بۇ يەردە بالىلارنىڭ قوڭغۇراقتەك كۈلكىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىتلار ھاۋشىيتتى، قويلار مەرىشەتتى. ئالامەت گۈزەل چاغلار ئىدى. گويا چۈشتەك ھەممىسى بىر - بىرلەپ توزۇپ كەتتى. ئۇ ئانىسى بىلەن بۇ يەرگە يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى قوشنا كەنتكە نەچچە قېتىم بارغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى خارابتەك كۆرۈنەتتى. قوملىشىش تەھدىتى كەنت ئاھالىسىنى ئاچچىق جان قايغۇسىغا سېلىپ قويغانىدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن قاتار جىگدىلەرنىڭ تاۋلىنىپ پىشقان مېۋىلىرىنى سېۋەتكە قاچىلاپ

كەنت بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭغا تۇرمۇش لازىملىقلىرىنى ئەكەلگەنىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. ئىلگىرى بۇ يەردىمۇ كىچىككىنە بىر بازار بار ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قاتار تىزىلغان يايمىلار گۈلە، تاتلىق يايما قاقلاردىن تارتىپ سوپۇن، ئەڭلىك، چاي، تۇز دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېتىلاتتى. بازار بولغان كۈنلىرى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىن - قىنىغا پاتماي ئويىنىشىپ كۈلۈشەتتى. مانا ئەمدىلىكتە بۇ يەر ياۋۇز قۇم ئاستىدا قېلىپ تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى.

بالا جىگدە تۈۋىدە تۇرۇپ شۇلارنى خىيال قىلاتتى. خىيال قىلغانسېرى سەبىي يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئۇ ئانىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئانا ئۇنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئىدى. ئۇ ئانىسىز تۇرمۇشنى ئەسلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئىلگىرى ئۇ ئانىسىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە قۇم بىلەن ئېلىشىپ، قۇمنى تازىلاپ، ھېرىپ - ئېچىشلىرىنى ئانچە چۈشەنمىگەن بولسا مانا ئەمدى چۈشەندى، ئانىسىغا ياردەملىشىپ قۇملارنى تازىلايدىغان بولدى. لېكىن ئۇلار تەبىئەت ئالدىدا ھامان ئاجىزلىق قىلىشۋاتاتتى. ھېلى تازىلىغان يەرنى ھېلى قۇم بېسىپ كېتەتتى ۋە قۇم بارغانچە قوغلاپ، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىغا ھۇجۇم قىلاتتى.

ئىختىيارسىز بالىنىڭ خىيالى يەنە قانات چىقىرىشقا يۆتكەلدى. خۇددى بۈركۈت بالىسىدەك كۆپكۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلىپ كەتتىكى ھاياجاندىن چاناقلىرى ياشقا تولدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇ تويپتوغرا ئۇچۇپ بېرىپ كۈچلۈك قاناتلىرى بىلەن يوغان قارا تۆشۈكنى توسۇپ بوراننى توختاتقان، قۇملارنىڭ كۆچۈشىنى تىزگىنلىگەن بولاتتى. ئانىسى ئەتىدىن كەچكىچە بېلىنى مۈكچەيتىپ، قۇم تازىلاپ يۈرمىگەن بولاتتى. كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەرنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈرەتتى. بالا ھامان بىر كۈنى قانات چىقىرىشىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنەتتى. شۇ كۈننىڭ پاتراق كېلىشىنى

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ئېگىز ئاسماندا ئاندا ـ ساندا ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشلارنى كۆرسە هاياجاندىن ئۆزىنى بىسمۇاللاماي قالاتتى، هەۋەس بىلەن قاراپ كېتەتتى. ئەگەر ئاشۇ قانات بولسا ئانىسى هەم يەنە قوشنا كەنتكە بارىمەن دەپ ئۇزاق يول يۈرۈپ ئاۋارە بولمايتتى. ئۇ ئانىسىنى دۈمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆكتە پەرۋاز قىلغان پېتى هەش ـ پەش دېگۈچە كۆزلىگەن نىشانىغا يەتكۈزۈپ قوياتتى. ئۇ چۈجىلەرنىڭ قانات چىقارغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەنىدى. قىپقىزىل يۇمران ئەتتىن ئاۋۋال پەي چىقىپ، ئاخىر بېرىپ قاناتقا ئايلىناتتى. دېمەك چۈجىلەردە بار يۇمران گۆش ئۇنىڭدىمۇ بار، مانا ماۋۇ ئىككى قولى قانات چىقىرىشقا تازا باب كېلىدۇ، ئۇچۇشقا ئەپلىك. ئۇ هەر كۈنى دېگۈدەك بىلەكلىرىگە ئۇزۇنغىچە سەپسېلىپ قاراپ كېتەتتى، قارىغانسېرى تىت ـ تىت بولاتتى. بەزىدە ئۇ قۇشلارنى دوراپ ئىككى قولىنى كېرىپ ئۇچماقچى بولاتتى. بەزىدە جىگدە شېخىغا قونۇۋېلىپ تۆۋەنگە سەكرەيتتى ۋە يەرگە چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا بىلەكلىرىنى كۈچەپ قاقاتتى، ئۇچقاندەك تەسىراتقا كېلىپ مەمنۇن بولۇپ كېتەتتى.

قايسى كۈنى ئۇ مۇنداق بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئىككى بىلىكى پەيگە تولۇپ، قاناتقا ئايلىنىپ قالغانىمىش، كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلارمىش، يىراقتىن بىر ئانا بۆركۈت ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا: «بالام، دەرهال كۈمەقاپقا بېرىپ، يوغان قارا تۆشۈكنى ئەت! ...» دەۋاتقانىمىش، ئۇ كۈمەقاپقا قاراپ ئۇچۇپتۇ، ئاخىر قارا تۆشۈكنى تېپىپ قارىسا، جانجان ئانىسى بەدىنى بىلەن تۆشۈكنى توسۇش ئۈچۈن هەدەپ تىرىشىپ تۇرغانىمىش. «ئانا! ...» ئۇ ئۆزىنى تۆشۈك تەرەپكە ئاتقانىمىش، كۈچلۈك قاناتلىرى بىلەن تۆشۈكنى ياپقانىمىش... مانا مۇشۇ چۈش ئۇنىڭ قانات چىقىرىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى... دۇرۇس، بولمىسا ئۇ بۇ چۈشنى نېمىدەپ

كۆرىدۇ؟ بۈركۈت بالا قانات چىقارغان يەردە ئۇ نېمە ئۈچۈن چىقمىرالمايدۇ؟ ئەجەبا، بۇ چۈش خۇش خەۋەرنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟ دېمەك، ئۇنىڭ قانات چىقىرىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىشىغا يەنە ساناقلىقلا ۋاقىت قالدى. بالىنىڭ ھاياجاندىن يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

تۇرۇپلا ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان خىيال بىلەن بەند بولۇپ، جىگدىلەرنى سۇغىرىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى يادىغا ئالدى ـ دە، تايچاقتەك چېپىپ ئۆيگە كەلدى، ئۆيدە ئانىسى يوق ئىدى. ئانىسى ئەسلىي ئەتىگەن بىر سېۋەت جىگدىنى كۆتۈرۈپ قوشنا كەنتكە كەتكەنىدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ھېجىرنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. بىر قولىدا ھېجىرنى، بىر قولىدا چېلەكنى كۆتۈرۈپ، مەھەللىنىڭ بەلدىمىگە جايلاشقان كونا قۇدۇق تۈۋىگە كەلدى. پۈتكۈل مەھەللە سۈرلۈك سۈكۈنات ئىچىدە ئۇلۇكتەك ياتاتتى. تاشلاندۇق ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئېچىلىپ، قۇم ـ توپىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ قۇدۇق ئېغىزىغا يېپىلغان پۇچۇق تاختاينى بىر ـ بىرلەپ ئالدى. شۇئان كۆزلىرى ئالدىدا ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمما سۈيى ئازلاپ كەتكەن كونا قۇدۇق زاھىر بولدى. بالا چېلەكنى يىپقا باغلاپ، قۇدۇققا تاشلىدى ۋە خېلى ئۇزۇن ھەپىلىشىپ ئاران يېرىم چېلەك سۇ تارتىپ چىقاردى، ئاندىن تاختايلارنى يەنە ئاۋۋالقىدەك قۇدۇق ئاغزىغا رەتلىك تىزىپ، ئۈستىگە كونا پالاسنى يېپىپ قويدى. ئۇ مۇشۇ يېرىم چېلەك سۇ بىلەن جىگدىلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشى لازىم ئىدى. جىگدە ئەمەس ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ مۇشۇنچىلىك سۇغا زار ئىدى. جىگدىلەر بالىنىڭ بۇ خىلدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەزەلدىنلا كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇلارمۇ يىلمۇيىل ئايانماي مېۋە بېرەتتى.

كەچكە يېقىن ئانىسى روھى چۈشكۈن، غېرىبسىنغان ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى سېۋەتتە جىگدىلەر شۇ

پېتى تۈراتتى. بۇنى كۆرگەن بالا ھەيران قالدى. ئىلگىرى بۇنداق ئىش زادىلا بولۇپ باقمىغانىدى. جىگدىلەر سىپلىنغان سىپۇەتتە ئەكسىچە خىلمۇخىل لازىملىقلار... چاي، تۇز دېگەندەك نەرسىلەر تولغان بولاتتى. ئەجەبا بۇگۇن؟... ئانا تولىمۇ ھارغىن، مىسكىن ھالەتتە يۇگۇرۇپ چىققان ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى ـ دە، قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكەپ ئۆيگە كىردى، داق يەرگە سىپلىنغان ئەسكى كىگىز ئۈستىگە چىقىپ، گەپ ـ سۆزسىزلا تۈگۈلۈپ ياتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايى غال ـ غال تىترەيتتى، چىرايى تاتىرىپ، بەئەينى مۇردىدەك قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن بالا قورقۇپ كەتتى، خېلى چاغلارغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ قالغانىدى. بالا ئاخىر ئېسىگە كېلىپ، ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قايناتتى. ھورى ئۆرلەپ تۇرغان بىر ھېجىر قايناق سۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. پەشتاقتىكى ئېشىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بىر بۇردا قاتتىق ناننى ئالدى، چۈنكى ئۇلار كەچلىك غىزا يېمىگەنىدى.

— ئانا، چاي ئىچىڭ.

ئانىسى كۆزىنى ئېچىپ زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، يەنە يۇمۇۋالدى. سادىغالىڭ كېتەي، ئۇ ئانىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئىش قىلىپ بېرىشى لازىملىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنىمۇ پەقەت شۇلا ئىدى.

ئەتىراپ ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. بالا ئازابتىن تولغىنىپ ياتقان ئانىسىغا قاراپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ يەنە چۈش كۆردى. چۈشىدە بۇركۇت بالىغا ئايلىنىپ قانات چىقاردى. ناھايىتى ئۇزاق ئۇچۇپ كۆھقاپقا يېتىپ كەلدى. قارىغۇدى، ئانىسى ئۆز بەدىنى بىلەن ھە دەپ يوغان قارا تۆشۈكنى توسۇشقا ئۇرۇنماقتا ئىدى. «ئانا!» ئۇ

ئۆزىنى ئانىسىغا ئاتتى ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ تۆشۈكنى توستى،
تۆشۈك ئاخىر توسۇلۇپ، بوران توختىدى. توختىدىيۇ، ئەمما
ئانىسى ھالسىزلىنىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.
بولمىسا ئۇ ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئانىنىڭ قولى
ئوتتەك قىزىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ قولىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. «ئانا!
ئانا!» ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، يۇمران قولىنىڭ يەنە
ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى سەزدى. بىچارە
ئانىنىڭ پۈتكۈل ئەزايى — بەدىنى ئوت — تونۇر بولۇپ يانماقتا
ئىدى. ھوشىنى بىلمەي نېمىلەرنىدۇ دەپ جۆيلۈپ، ئازابلىق
ئىڭرايتتى. چۈشىدە قولىنى كۆيدۈرگەن بايىقى نەرسىنىڭ دەل
ئانىنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان قىزىق ھارارەت ئىكەنلىكىنى بىلدى،
يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوچاقتىكى ئوتنى پۈۋلەپ ياندۇردى.
قىزغۇچ يالقۇن شولىسىدا نېرىدا ياتقان ئانىسى گويا قانغا
ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. سىرتتا يەنە بوران
قوتراشقا باشلىغانىدى، ئۇ خۇددى تەلۋە يىرتقۇچتەك قورقۇنچلۇق
ھۆركىرەپ ئۇشقىرتتى. ئىشىك — دېرىزىلەر جالاقلاپ، قۇملار
ئۇچۇپ كىرىپ ئۆي ئىچىنى چاڭ — توزانغا لىق تولدۇرۇۋەتتى.
بالا ئەمدى نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلاندى، ئۇ قوشنا كەنتكە
بېرىپ، مەيلى كىم بولمىسۇن بىرىنى تېپىپ، باشلاپ كېلىشنى
مۇۋاپىق كۆردى. ئۇ ئىشىكنى مىڭ بىر تەسلىكتە قىينىلىپ
ئېچىپ بوران ھۆركىرەپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ
كىردى، بالا چەكسىز قۇم دېڭىزلىرى ئارىسىدا گاھ يىقىلىپ،
گاھ ئۆمىلەپ توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. قوترىغان قارا بوران
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قۇم — شېغىللارنى ئۇرۇپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ
كېتىشكە تىرىشاتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن قوشنا كەنتكە
بېرىپ ئادەم باشلاپ كېلىشى، سەكراتتا ياتقان ئانىسىنى
قۇتقۇزۇپ قېلىشى كېرەك ئىدى. مانا مۇشۇنى ئويلىسا قايتىدىن

كۈچكە تولۇپ، غەيرەتلىنەتتى، بارا - بارا ئۇنىڭ ئىغىزى، قۇلاق، بۇرۇنلىرى قۇمغا توشۇپ كەتتى.

بالا مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن قوشنا كەنتكە يېتىپ كەلدى. كۆردىكى، مەھەللە - كەنتلەرنى قۇم يۇتۇپ كەتكەنىدى، ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. ئەنە شۇندىلا ئانىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن سېۋەتتىكى جىگدىلەرنى ساتماي، ياندۇرۇپ كەلگەنلىكىنىڭ، ئۆيگە كېلىپلا قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئەسلىدە كەنتتىكى كىشىلەر ئاللىبۇرۇن ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكەنىدى. دېمەك، يىراق - يېقىندا ئانا - بالا ئىككىيلەندىن باشقا تىرىك جان قالمىغانىدى. بالا قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى، قۇم بارخانلىرى ئىچىدە ئۇيەر، بۇيەرلىرى كۆزگە سۇس تاشلىنىپ تۇرغان ئۆيلەرگە قاراپ يىغلىۋەتتى. بوران ئۇشقىرتاتتى. دۇمچەك - دۇمچەك قۇم بارخانلىرى گويا تىلسىماتتەك بىردەم ئۇ يەرگە، بىردەم بۇ يەرگە يۆتكىلىپ يالماپ يۇتۇشقا ئۇلجا ئىزدەۋاتقاندەك تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. بوران ئاخىر ئوچۇقچىلىقتا تەنها تۇرغان بالىنى سىزىپ قالغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىگە غالجىرلىق بىلەن تاشلاندى. «گۈپپىدە» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بالا قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالدى. جاھان شۇ هامان گويا قايناپ تۇرغان قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىنچلىنىپ قالدى، بالىنىڭ سىزىمى ئاستا - ئاستا خىرەلەشتى. ئۇنىڭغا گويا ھەممە نەرسە جىمجىت، تاپتازا بىلىنىشكە باشلىدى. كۆز ئالدىدا يالتىراپ تۇرغان كۈچلۈك يورۇقلۇق زاھىر بولدى. ئۆزىنى خۇددى يورۇقلۇق ئىچىدە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ يەنە بۇركۈت بالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى...

بالىنىڭ دىمىغىغا يېنىك بىر ھاۋا ئۇرۇلغاندەك بولدى، بارماقلىرى مىدىرلاپ كەتتى. تامامەن يىتكەن بايىقى سىزىملىرى مانا ئەمدى بارغانچە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ كۆزىنى

ئاچماقچى بولدىيۇ، ئاچالمىدى، پەقەت يەلكىسىدىن تاغدەك بىر نەرسىنىڭ بېسىپ تۇرغانلىقىنىلا سېزەلىدى. ئۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆملەشكە باشلىدى. قوم دۆۋىلىرىنى قولى بىلەن تاتىلاپ، بارماقلىرى قاناپ كەتتى. ئەمما قىلچە ئاغرىش ھېس قىلمىدى. ئۇ توختىماي كۆچەپ ئۆملەپ، مىڭ تەستە قوم دۆۋىسى ئاستىدىن يورۇق دۇنياغا چىقتى.

سىرتتا بوران تىنچىپ، قۇياش پىژ ـ پىژ كۆيدۈرۈپ تۇراتتى، ئەمما بالا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قوم تىقىلىپ، قارىغۇ بولۇپ قالغانىدى. قۇلىقى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمايتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. بالا يەنە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆملەشكە باشلىدى. شۇنداق بىر ئىلاھىي قۇدرەتلىك كۈچ چەكسىز قوم دېڭىزى ئىچىدە ئۇنى ھېچ ياققا ئېزىقتۇرماي توپتوغرا ئۆيگە باشلاپ ئاپاردى. ئۇلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئاللىقاچان قوم كۆمۈۋېتىكەنىدى. پەقەت ئۆينىڭ تۈڭلۈكىلا قوم دۆۋىلىرى ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. بالا تۈڭلۈكتىن شۇڭغۇپ ئۆيگە كىردى. ئۆيدە داق يەرگە سېلىنغان ئەسكى كىگىز ئۈستىدە جانجان ئانىسى كۆزلىرىنى يۇمغان ھالەتتە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قورۇلۇپ تېرىگە ئايلانغان سۆيۈملۈك ئەمچىكى بىر يانغا قىيسىيىپ تۇراتتى. بالا ئۆز سېزىمىدا مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردى، چۈشەندى. ئۇ ئانىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مەڭزىنى سىلىدى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ مۇزلىغان ئەمچىكىگە ئاغزىنى سالدى، ئەمچەك ئۇنىڭغا مەززىلىك، شۇنچىلىك سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتا ئىدى.

بالا تۈڭلۈكتىن ئۆملەپ سىرتقا چىقتى. پۈتۈن ئەتراپنى قوم بېسىپ كەتكەن، خارابىلىككە ئايلانغانىدى. ھېلىقى بىر قاتار جىگدە دەرەخلىرىمۇ قومغا غەرق بولۇپ پەقەت ئاندا ـ ساندا شاخلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن جىگدە تۈۋىدە

ئولتۇرۇپ خىيال قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا بارغانچە ئېغىرلىشىشقا باشلىغان جىسمىنى سۆرەپ، ئۆمىلەپ جىگدە دەرىخى بار يەرگە كەلدى. سىپاشتۇرۇپ بىرنەچچە تال جىگدە ياپرىقىنى تاپتى - دە، ئۇنى مەڭزىگە ياقتى...

بالا چوقچىيىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. بوران گاھ توختاپ، گاھ كۆچىيىپ قۇم بارخانلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچمەكتە ئىدى. بۇ چەكسىز قۇم دېڭىزى ئارىسىدا ئىلگىرىكى ھاياتلىقتىن بىشارەت بەرگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى، ئەمما بالا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇ ھامان بىر ئورۇندا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. ئاخىرقى قېتىم بوران چىققان كۈنى بىلەكلىرىدە يۇمران پەيلەرنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. پەيلەر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كۆككە كۆتۈرۈلدى. كۈھىقاپ تەرەپكە قاراپ زەرب بىلەن قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى. ھەئە، ئۇ ئاخىر بۇركۈت بالىغا ئايلاندى.

# ياۋا بىخ

چۈشتىن كېيىن، شەھەرلىك كۈتۈپخانىنىڭ ئىشىكى ئەمدىلا ئېچىلىپ تۇراتتى. رەڭگى ئۆچكەن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن ياچمۋەكتەك ۋىجىك بىر كىشى تۇنجى بولۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىغا كونا بىر قارا سومكا تۇتۇۋالغان بولۇپ، سومكا ئىچىگە سىلىنغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قورساق سېلىپ تومپىيىپ كەتكەنىدى. ھەقدادىغا يەتكۈچە كىيىلگەن كونا شىبلىتى گويا ئەمدىكى دۇنيادا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا قىل چاغلىق ھەققى قالمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ سېزىپ، تەقدىرگە تەن بەرگەندەك تولىمۇ بىچارە قىياپەتتە ماكچىيىپ تۇراتتى. ئېھتىمال دائىم يۇيۇپ تۇرۇشتىن ئېرىنگەن بولسا كېرەك، پۇرلەشكەن قارا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كاستۇمنىڭ يەڭ ۋە پەشلىرى مايلىشىپ، بەئەينى خۇرۇم پارچىسىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. قېشىغىچە چۆكتۈرۈپ كىيىۋالغان كونا ئەت رەڭ شەپكىسى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قوشۇقتەك يۈزى ئاۋاق، بۇرنى قاڭشارلىق، تولا قىرىلغان ساقال - بۇرۇتلىرى تېگى - تېگىدىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى. بىر جۈپ ئورەك كۆزلىرى بولسا چوڭقۇر چاناقلىرىغا پاتۇرۇپ قويغاندەك بىلىنەتتى. قىسقىسى، ئورۇقلۇقىدىن چېكە تومۇرلىرى بۆرتكەن بۇلغۇن چومىقىدەك دىڭگىيىپ تۇرغان بۇغدىيىكى، خۇددى سوغۇقتىن كىرىشكەن رېزىنكىدەك تارتىشىپ تۇرغان تېرىسىنى ھېلىلا تېشىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ۋەيرانلىق، خارابىلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ كۆرۈمسىز تۇرقىنى ئىنكار

قىلغاندەك قويۇق ئۆسكەن قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى ئۆزگىچە نۇرلۇق ۋە جۇشقۇن ئىدى. بۇ كۆزلەر گويا بىر توپ ئازغان ئارىسىدا ئۆسكەن، ياۋا گۈلدەك كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى ھەم ئادەمگە قايناپ تۇرغان قازاندىن چاچراپ چىققان پولات ئېرىتمىسىنى ئەسلەتەتتى. لېكىن مانا شۇنداق جۇشقۇن، تېتىك، ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان بۇ كۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا يەنە قانداقتۇر بىر مۇڭ يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ مۇڭ گويا ئۆتكۈر چىراغ نۇرى ئارقىسىدىن خىرە كۆرۈنگەن تۇماندەك بۇ كۆزلەرنى تېخىمۇ تىلسىملاشتۇرۇۋەتكەنىدى! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ كۆزلەر نۇرغۇن ئادەملەردە بولىدىغان ھېلىقى ئاددىي كۆزلەردىن پەرقلىقتەك قىلاتتى. ئۇ مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ، جۇشقۇنلۇق بىلەن پەرۋاسىزلىقنىڭ، قىزغىنلىق بىلەن سوغۇق قانلىقنىڭ ۋە يەنە قانداقتۇر زىددىيەتلىك ئېقىملارنىڭ گىرەلەشكەن يادنامىسىدەك ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىيات - كەچمىشلىرىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ، چىگىش ئىكەنلىكىدىن مانا مەن دەپ دېرەك بېرىپ تۇراتتى، ئەلۋەتتە.

تىزى خالتىدەك چىقىپ تۇرغان ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى پۈكۈلگەن يەردىن سۆكۈلۈپ خۇددى پايتىمىدەك سۆرۈلۈپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ پوكەي ئارقىسىدا ئولتۇرغان سېمىز، دوغىلاق خىزمەتچى ئايال ئولتۇرغان يېرىدە مىدىرلاپ «خوش كەپسىز» دەپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ كىرگەنلىكى ئادەملەرگە بۇنداق خۇشخۇي مۇئامىلىدە بولۇۋەرمەيتتى. كۆپىنچە ھاللاردا بارمىقىدىن قاس چىقىرىپ، ئاللىقانداق خىياللارغا بەند بولاتتى ۋە پات - پاتلا مەڭدەرەپ ئېسىگە كېلىپ: «كىتاب - ژۇرناللارنى ئوغرىلاپ ماڭغان بولمىسۇن، يەنە» دېگەندەك چىقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن گۇمانسىراپ قاراپ قوياتتى.

سىرتنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا قارىغاندا، قەدىمىي رۇس

ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بۇ زال كۆپ ئازادە ۋە سالقىن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سان - ساناقسىز ئاياغلارنىڭ دەسسەپ - چەيلىشى بىلەن ئۇپراپ ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن تاختاي پولغا تەكشى سېپىلگەن سۇدىن نەملىك ھىدى گۇپۇلدەك ئۇرۇلماقتا. تام ياقىلىتىپ قويۇلغان جاھازلار كىتاب بىلەن لىق تولغان. ئارىدىكى بوشلۇققا ئۇستەل - ئورۇندۇقلار رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى - ئۈچ مېتىر ئارىلىققا بىر تەشتەكتىن سۇلياۋ گۈل قويۇلغان. تامنىڭ بوش يەرلىرىدىكى ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان ئەقلىيە سۆزلەر، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئوبرازى، بۇغا ۋە تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ باش سۆڭىكى دىگەندەك گۈزەل - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. قىيا قايرىلغان ھاۋا رەڭ دېرىزە پەردىلىرى ئارىسىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، ئۇستىلىق بىلەن بېزەلگەن، كىشىگە خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خاس قوبۇلخانىسىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان زال ئىچى تەگسىز تىمتاسلىققا چۆمگەن. پەقەت سۇپۇرگىنىڭ يېنىك شىپىرلاشلىرىلا بۇ تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئۇچىسىغا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، ئۇزۇن ئۆسكەن سۇمبۇل چېچىنى گاز ياغلىق بىلەن چىرايلىق باغلاپ ئالدىغا تاشلىۋالغان يىگىرمە يەتتە - يىگىرمە سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ياش بىر چوكان يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە، ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ ئاستىنى بېرىلىپ سۇپۇرمەكتە ئىدى. ئۇ ئارقا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ يول بوشاتماق بولدى - دە، يېنىدىكى چېلەكنى ئەمدىلا كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا خىيالچان مېڭىپ كەلگەن ھېلىقى كىشىنىڭ قەدەم ئېلىشىغا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، بىرلا سوقۇلۇش بىلەن چېلەك يەرگە تاراڭلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئورا كۆز كىشى سەنتۈرۈلگەن پېتى ئۇستەلگە يۆلىنىۋالغاندا بىر دانە تەشتەك گۈلى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى - دە، كۈكۈم -

تالقان بولۇپ كەتتى.

— ۋـيـيـەي...، — دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى چوكان ۋە ئارقىسىغا غەزەپ بىلەن ئۆرۈلدى. ئۇ ئۆرۈلدىيۇ كـۈتـۈلمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ شـاپـتـۇل چىچەكلىرىدەك ھال رەڭلىك مەڭزى دەسلەپ تاتىرىپ ئارقىدىنلا لېۋىگە سۇرتۇلگەن ئاشۇ لەۋ سۇرۇخنىڭ رەڭگىدەك ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— بۇ... بۇ...، — دېدى ئاڭغىچە ئورا كۆز كىشى ئۆزىنى دەررۇ رۇسلاپ، — سىز بۇ يەردە؟...

— ھەئە، مەن... مەن بولىمەن. مۇشۇ يەرگە يۆتكىلىپ كـەلـگـەن، — ئـۇ بـىـر خىل ئىمزىراپ ئىچىدە ھۆل بولغان ئېتەكلىرىگە قارىدى، — بىر ھەپتە بولدى...

ئـەنـە شـۇ چاغدا ئورا كۆز كىشىنىڭ قوشۇمىلىرى قايتا تـۈرۈلـدى. ئـۇنـىـڭ كۆزـىدىـكى ھەيرانلىق ئالامىتى قانداق ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل سوغۇق مۇڭ قاپلىدى ۋە ھازىر يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوقتەك دىمىغىنى قىرىپ ئۆتۈپ كەتتى. چوكان بۇنى ئار ئېلىپ تۇرۇپلا قالدى. ھـىـم، راسـت ـ دە، سوقـۇشـنى سوقۇۋېتىپ، بىرەر ئېغىز ئـۆزرىـخاھى يوق تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئۆتۈپ كەتكىنى ئادەمنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كەمسىتكىنى بولماي نېمە؟!... ئۇ ئىچ ـ ئـىـچـىدىن خورلۇق ھېس قىلىۋاتقان شۇ مىنۇتتا، ئورا كۆز كـىـشـىـنـىـڭ شۇ ماڭغان پېتى تام ياقىلاپ قويۇلغان كىتاب جاھازلىرىنىڭ بىرىگە روبىرو كېلىپ قېلىپ، ئۇسۇۋېلىشقا تاس ـ تاماس قېلىپ «ئوھوي!...» دېگىنىچە توختاپ قالغىنىنى كـۆردى ـ دە، بىردىن كۈلـكىسى قىستاپ «خوپ بولدى!» دەۋەتتى.

— ۋىيەي سىڭلىم، نېمە كارامەت بۇ، ئۇستۇۋېشىڭىز ساپلا

ھۆل؟...

ئۇ زال ئىچىنى يېڭىۋاشتىن سۈپۈرۈپ، پوكەي ئالدىغا كەلگەندە بايىقى سىڭىز، دوغىلاق ئايال ئەتەي ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولغاندەك پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— شۇ، شۇنى دەڭا، رابىيەدە، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ، — قىپقىزىللا سارالڭ ئادەمغۇ ئۇ؟!...

— ئاستا، ئاستىراق، راھىلە، خەق ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، سەت بولىدۇ!

— ۋىيەي تېخى، ئۆتەپ - تېشىپ شۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىپ...، — سىڭىز ئايال «راھىلە» دەپ چاقىرغان ھازىرقى چوكان نېمىنىدۇ ئېسىگە ئالغاندەك بىردىن توختاپ سورىدى، — ئۇ ئۆزى كىم؟

— كىم دەمسىز! تونۇمامسىز؟ توۋا دەڭا... ياش يازغۇچى رەھمجان دېگەن شۇ ئەمەسمۇ. ئۇ بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرىدۇ.

— نېمە؟!

راھىلە بىردىن ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ گۆردىن چىققان ئەرۋاھتەك كۆرۈمسىز كىشىنى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ھۆرمىتى قوزغالغان، قەلىمىدىن سىياھ ئەمەس لاۋىلار تامچىيدۇ دەپ قارىغان ھېلىقى داڭلىق يازغۇچى دەپ ئويلىمىغانىدى. توۋا، ئىلگىرى ئۇ ئۇنى تالاي قېتىم ئۇچراتقان، ئۇنىڭ بىلەن كوچىلاردا، دوقمۇشلاردا، قايناق ماگىزىننىڭ پوكەيلىرى ئالدىدا نۇرغۇن قېتىم دوقۇرۇشۇپ قالغان ئەمەسمىدى - ھە؟ شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىگە قاراپ، خۇدايىم بۇ كۆزلەرنى ئىگىسىگە تېپىپ بەرمەپتۇ، دېگەنلەرنى ئويلىغان. شۇ كۆزلەرنىڭ يەنە نېمە ئۇچۇندۇر باشقىلاردىن پەرقلىق قانداقتۇر بىر يېرى باردەك ھېس قىلغان. ئەمما بىرئاز ئىلگىرىلەپ بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى سوراپ

باقمىغىنى قىزىققۇ. ئادەم دېگەن ھەقىقەتەن دېڭىز ئاستىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ دۇنياغا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى كۆرۈنۈشكە قاراپلا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ئۆزى بىر بىمەنىلىك ئىكەن. مانا خىزمەتدىشى رابىيەم ئەسكەرتمىگەن بولسا يۇرۇش - تۇرۇشى بەئەينى ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان كىچىككىنە سەبىي بالىغا ئوخشايدىغان بۇ ۋەيرانە، چۇۋالچاق ئادەمنى ئۇ ۋە باشقا كىملەر داڭلىق يازغۇچى، تېخىمۇ نەرخىنى ئېيتقاندا يېرىم - يارتا بولسىمۇ كېرەككە كېلىدىغان ئادەم دەپ ئويلىغان بولاتتى دەيسىز؟...

راھىلە كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى، لېكىن ھەقىقەت تەۋرىمەس بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئەنە شۇندىلا ئۇ ئۆزۈندىن بېرى بىر كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلىۋاتقان بۇ ئادەمگە چوڭقۇر ھۆرمەت، ھېرىسمەنلىك بىلەن يېڭىۋاشتىن سەپسالدى. سەپسالدىيۇ، ئىختىيارسىز ھالدا نازۇك ئەۋرىشىم بارماقلىرى بىلەن ھېيقىقتەك لېۋىنى تۇسۇپ، پەس ئاۋازدا پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئەسلىي پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن نېمىدۇر يېزىشقا كىرىشكەن ئورا كۆز كىشى ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا شەپكىسىنى ئېلىپ بىر چەتكە شۇنداقلا تاشلىۋاتقان شۇ مىنۇتتا، چوققىسى تاقىر، ئىككى يېنىدىكى ئۇزۇن ئۆسكەن شالاڭ چېچى سويمىدەك بېشىنى بەئەينى كۈيە يېگەن چوتكىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئەنە شۇ يوسۇندا ئۆزىنى، ئەتراپىدىكى دۇنيانى تامام ئۇنتۇغان ھالدا باش كۆتۈرمەي يازاتتى. شۇ تاپتا سىرتقى دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھەرقانداق ئۆزگىرىش راھىلەنىڭ پەس ئاۋازدا پىخىلداپ كۈلۈشلىرى، كىرىۋاتقان - چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، يۆتەللەر، كىتاب ۋاراقلىرىنىڭ شاراق - شۇرۇقى ھەتتا يېگىراقتا چېلەكنىڭ ئۆرۈلۈشى بىلەن ئايىغى ئىچىگە تولغان سۇنىڭ بولۇمسىز غۇرتۇلداشلىرىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىگە كىرىپ -

چىقىدىغاندەك قىلمايتتى.

راھىلە شۇ يوسۇندا ئورا كۆز كىشىگە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن جاھازىدىكى كىتابلار ئارىسىدىن قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ ئىشلەنگەن ھېكايىلەر توپلىمىنى قولىغا ئالدى. بۇ دەل ئورا كۆز كىشى يازغان ھېكايە ـ پوۋېستلار ئىدى. كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىگە بولسا بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا يېڭى كاستيۇم كىيگەن، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ياشقىنە بىر ئادەمنىڭ سۈرىتى بېسىلغانىدى. دەسلەپ ئۇ بۇ سۈرەتكە ھەرقانچە قاراپمۇ ئۇنىڭ نېرىدا ئولتۇرغان ئورا كۆز كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىگە قىلچە ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى: «توۋا! سەنئەت دېگەن ئاجايىپ نەرسە ـ ھە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — توكۇرنى تاشقا دەسسىتىپ قارىغۇغا مىلتىق تۇتقۇزۇپ سۈرەتكە تارتسا توكۇر ساق ئادەمگە، قارىغۇ قارىغا ئېلىۋاتقانغا ئوخشاپ قالغاندەك، مانا ئۇنىڭغىمۇ يېپيېڭى كىيىم كىيدۈرۈپ گالستۇك تاقاپ تارتقان سۈرەت ئاجايىپ جەزىبىلىك چىقىپتۇ!...»

ئۇ خىيال قىلغىنىچە كىتابنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىكى ھېكايە ـ پوۋېستلار ئۇنىڭغا تونۇش. تونۇش بولغاندىمۇ قايسى ھېكايىنىڭ قايسى بەتتە، قايسى جۈملىنىڭ قايسى قۇردا ئىكەنلىكى بەش قولدەك ئايان. ھەتتا يېرىم كۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ بەزىبىر بۆلەك ـ ئابزاسلارنى خاتىرىسىگە شۇ پېتى كۆچۈرۈۋالغان، بەزى بۆلەكلىرىنى تېخى يادلاپمۇ ئالغان... ئۇنىڭ سۈرمە سۈرتۈلگەن قاپقارا قوي كۆزلىرى ھېچبىر تەمتىرىمەيلا مۇشۇ جۈملىلەر يېزىلغان بەتكە كەلگەندە ئالايىتەن توختاپ قالدى:

«... ھەي دۇنيادا ئايال كىشى بولماق نېمىدېگەن تەس. ئۇلار بويىغا يەتكەن ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ‹مۇھەببەت› تىن ئىبارەت بۇ سېھرىي كۈچنىڭ گاھ قىزىقتۇرۇش، گاھ ئېزىقتۇرۇشىدىن بىر دەقىقىمۇ خالىي بولالمايدۇ. مۇھەببەت دەپ

كۆلۈپ، مۇھەببەت دەپ يىغلاپ، مۇھەببەت دەپ ياشاپ، يەنە مۇھەببەتنى دەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئېھتىمال قايسىبىر دانىشمەننىڭ مۇھەببەت — يۇقۇملۇق كېسەل. ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغان ئاياللار خۇددى باللاردەك ئەخمەق، ساراڭلاردەك سەۋدايى كېلىدۇ. دېگىنى شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك!...»

راھىلەنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. تېخىچىلا باش كۆتۈرمەي بىر نەرسە يېزىۋاتقان ئۇرا كۆز ئادەمگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى-دە، ئاندىن يەنە مۇنۇ جۈملىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى:

«...ئالايلى، گۈزەل ئىستەك، رومانتىك ھېسسىياتقا باي بولغان قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى توي قىلىشى بىلەنلا ئەتىدىن كەچكىچە پۇت-قولى بېسىقماي ئىشلەش، كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش ھەتتا توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغۇشتەك ئېغىر-يېنىك مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئاسارىتىدىن باش كۆتۈرەلمەي ئاخىرقى ھېسابتا ئىلگىرىكى نازۇكلۇقىنى، زىلۋا قامىتىنى يوقاتقان، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىدىن بەزىدە قاقشاپ، بەزىدە كۆلۈپ يۈرىدىغان جاۋىلداق ئائىلە خوتۇنلىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ ئەر، بالا، ئائىلىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. دېمەك، ئۇلار دۇنياغا ئايال بولۇپ تۆرەلگەن ئۇشبۇ گۇناھى ئۈچۈن شۇنداق بىر تەڭسىز ھەقىقەت تەرىپىدىن جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ئورنى رەھىمسىزلەرچە بېكىتىۋېتىلگەنىدى...»

راھىلە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك تىرناقلىرى ھال رەڭ بويالغان بارماقلىرى بىلەن كۆز يېشىنى ئالدىراپ سۈرتتى.

نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان سۆزلەر-ھە؟ دۇنيادا ئاياللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان شۇنداقمۇ ئەرلەر بولىدىكەن. توۋا!...

ئۇ ئۇنىڭغا يالتىيىپ قارىدى. ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەك باش

كۆتۈرمەي يېزىش بىلەن بەند. «ھازىر ئۇ نېمىلەرنى يېزىۋاتىدىكىن؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە تۇرۇپلا ئىلگىرى يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە خىيالىغا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالدى:

بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى ھېرىپ- ئېچىپ خىزمەتتىن چۈشكەن راھىلە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپلا يوغان بىر تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ قوشۇق بىلەن ئويۇپ يېيىشكە باشلىدى (شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ يولدىشى تىجارەت بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەچكە كىچىككىنە ئوغلىنى قېيىنانىسىنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدا يېتىپ - قوپۇپ يۈرەتتى). ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بولۇپ، بىنا ئاستىدىن خىلۋەت بىر كوچا يانداپ ئۆتەتتى. مۇشۇ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق ئادەملەر مېۋە- چېۋە شۆپۈكلىرى، قوغۇن - تاۋۇز شاپاقلىرىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېتىشنى ئادەت قىلىۋالغاچقا، يولۇچىلار بۇ كوچىدىن پېتىنىپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ بازارغا قوغۇن - تاۋۇز چىققان كۈنلەردىن باشلاپ بۇ ئەھۋال ئالاھىدە گەۋدىلىنەتتى... ئۇ ئەنە شۇ يوسۇندا تاۋۇزنى ئالدىراپلا يېدى - دە، شاپىقىنى سىرتقا ئاتتى. كۈتۈلمىگەندە شاپاق ئېگىز ئۆسكەن شاخلارنىڭ بىرىگە تېگىپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ يول يۈزىنى باراڭدەك توسۇپ تۇرغان بۈك- باراقسان ياپراقلار ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا پالاق - پۇلۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋېلىسىپىتلىك بىرىنىڭ دەسلەپ يىقىلغىنىنى، ئارقىدىنلا ئىڭىرىغىنىنى ئاڭلىنىپ قالدى.

ئۇ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان چاغدا، ناتونۇش بىر ئەركەكنىڭ يەردە ئىنجىقلاپ ياتقىنىنى كۆردى. تاۋۇز شاپىقى ئۇنىڭ بېشىغا خۇددى قالپاقتەك كىيىلىپ قالغانىدى. يېنىدا بولسا تولىمۇ كونا، كونا بولغاندىمۇ بۇ مەھەللىگە پات - پات كېلىپ كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىپ

كېتىدىغان ھېلىقى نىمجان كىشىنىڭ ۋېلىسىپىتىدىن بەكرەك قوتۇر كەلگەن بىر ۋېلىسىپىت يىقىلىپ ياتاتتى. بۇنى كۆرۈپ راھىلەنىڭ كۈلكىسى بىردىنلا قىستاپ كەتتى. ئەمما ئۆزىنى دەررۇ بېسىۋېلىپ ئۆزرىخاھلىق سورىدى. مانا شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. خۇددى تاشلىۋېتىلگەن ياغاق كىگىزدەك يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان بۇ كىشى ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇردى - دە، يۈز - كۆزىگە مەڭدەك چاپلىشىپ قالغان تاۋۇز ئۇرۇقلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر خىل بىپەرۋا قىياپەتتە ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى. ئەمدى ئۆلگۈدەك ئىزاغا قالدىغان بولدۇم دېگەن ئەندىشىدە بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان راھىلە كۈتۈلمىگەن بۇ مۇئامىلىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ بۇنى كوچىلاردا، دوقمۇشلاردا، قايناق ماگىزىنىنىڭ پوكەيلىرى ئالدىدا بىر ئەمەس تالاي نۆۋەت ئۇچراتتى. مانا ئەمدى ئۇ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان بولدى. ئۇنى ھەر قېتىم ئۇچراتقىنىدا بولسا يەنە ئىلگىرىكىدەك كونا كاستۇم كىيگەن، ئىشتىنىنىڭ پۇچىقىقى پۈكۈلگەن يېرىدىن سۆكۈلۈپ پايتىمىدەك سۆرىلىپ قالغان، ئۆزىنىڭ يۈرگەن - تۇرغىنىنى بىلمەي خۇددى مېڭىسىدىن ئاداشقان ئادەملەردەك تەڭسىز ئويغا چۆمگەن ياكى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ يۈرگەن قىياپەتتە كۆرۈپ، راستتىنلا شۇنداق دەپ ئويلاپ قالغانىدى...

ئۇ چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى بىمەنە خىيالىدىن خىجالەت بولغاندەك ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇ تاپتا ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولۇپ قالغانىدى. ئورا كۆز كىشى ئولتۇرغان يېرىدە كۆرۈنمەيتتى. ھە، ئۇ بۇ يەردىن قاچان كېتىپ قالغان بولغىيدى؟... سېمىز ئايال بولسا ئادەمسىز چۆلدەرەپ

تۇرغان زالنىڭ يوغان ـ يوغان دېرىزە قاپقاقلىرىنى يېپىش بىلەن ئاۋارە. ئۇ غۇۋا قاراڭغۇلۇق سايە تاشلاپ قالغان زال ئىچىدىكى بۇغا ۋە تاغ ئۆچكىلىرىنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن باش سۆڭەكلىرىگە قارىغىنىچە بىر قىسما بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ بازاردىن چىرايلىق بىر تەشتەك گۈل سېتىۋېلىپ ئالدىنقى كۈنى چېقىلىپ كەتكەن ھېلىقى تەشتەكنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ قويدى.

چۈشتىن كېيىن ئورا كۆز كىشى يەنە ئاۋۋالقىدەك ۋاقتىدا كۈتۈپخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا راھىلە تاختاي پولنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ: «خۇش كەپسىز!» دەپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن خاپا بولۇپ كەتمىدى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ بىر ئىستاكان چاي دەملەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. راھىلە بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان چاغدا ئۇ يەنە پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتكەچكە ھېچنېمىنى سەزمەي قالدى. پەقەت ئارىدىن خېلى ئۆتۈپ بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدىلا ئالدىدىكى چاينى كۆرۈپ گويا ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك پوكەي ئارقىسىدا ئولتۇرغان چوكانغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

مانا شۇ چاغدا ئۇ باشقا بىر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى. «يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا بۇنىڭدەك ئېتىبار بەرمەيدىغان ئادەملەرنى ئىككى تىپقا ئايرىش مۇمكىن. بىر خىلدىكى يۇكسەك غايە، ئۇلۇغ ئارمانلارنى ھەمراھ قىلغانلار، بۇنداق ئادەملەردىن داڭلىق ئالىم، مەشھۇر شائىر ـ يازغۇچىلار كۆپ چىقىدۇ. ئۇلار بىر مىنۇت ـ سېكۇنتنىڭ ئۆزىنى ھاياتىدىن ئەزىز بىلگەچكە، ئاشۇ ۋاقىتنى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىشلارغا ئىسراپ قىلىشنى بىمەنىلىك دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۈلۈشنى بىلمەيدۇ، كۈلۈشكە ۋاقتىمۇ چىقمايدۇ. ئۇلار ئولتۇرسا ـ قوپسا نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەچكە، سىرتتىن قارىغان كىشىلەرگە خۇددى

ساراڭلاردەك تەسرات بېرىدۇ. يەنە بىر خىلدىكىسى بولسا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان لايغەزەللەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە قىل چاغلىق پايدىسى تەگمەيدۇ ھەتتا كىيىمىنىمۇ تۈزۈك ئوڭشاپ كىيەلمەيدۇ. تىرىكتاپلىقتا بەئەينى پارازىت قۇرتلاردەك چېكىدىن ئاشقان بۇنداق ئادەملەرگە تەگكەن ئايالالارنىڭ جېنىغا ئۇۋال!...»

ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاپ ئورا كۆز كىشىنى ئالدىنقى تىپتىكى ئادەملەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ ئۇنىڭدىكى بەزىبىر نۇقسانلارنى كەڭ قوللۇق بىلەن كەچۈرۈۋەتتى ۋە ئېرى شۇ قەدەر خاراب ھالغا چۈشۈپ قالغۇچە كارى بولمىغان ئايالنىڭ بىغەملىكىگە ھەيران قالدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسام... ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن چۆچۈپ كەتتى. توۋا، بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى ـ ھە؟ ئېرى دېسە ئېرى، بالا دېسە يۈگۈرگۈدەك بالىسى بولۇپ قالغان بىر چوكاننىڭ ناشايان خىياللاردا بولۇشى بەئەينى ساراڭلىقمۇ؟!... ئۇ خۇدۇكسىرەپ ئەتراپىغا قارىدى. ھېلىمۇ ياخشى خىزمەتدىشى — سېمىز ئايال قانداقتۇر خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرغاچقا، ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى سەزمەي قالدى. ئۇ يېنىككىنە تىندى ۋە تۇرۇپلا ھازىرقى بىمەنە خىيالىنى ئىنكار قىلىپ يولدىشىنى ئەسلەپ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدا نامەلۇم بىر بوشلۇق ھۇۋۇلداپ تۇراتتى. بۇ بوشلۇق گويا كۈچلۈك بىر تەن كېلىپ ئوتلۇق باغرىغا ئېلىپ سۆيمىگۈچە توشمايدىغاندەك تەشناسىز بوشلۇق ئىدى. بۇ ھالەت مۇشۇ ياشتىكى چوكانلاردا كۆپرەك كۆرۈنەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بۇنىسى نامەلۇم. بىر چاغلاردا ئۇ ئورا كۆز كىشىنىڭ پوكەي ئالدىغا كېلىپ نېمىلەرنىدۇ دەۋاتقىنىنى سېزىپ ئېسىگە كەلدى.

— ماتېرىيال كېرەك بولۇپ قالغانىدى، — دەيتتى ئۇ

تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.

— قا... قانداق ماتېرىيال؟ — دېيەلىدى ئۇ ھودۇقۇپ - تاتىرىپ.

— «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتاب.

— سەل تەخىر قىلىڭ، ئىسكىلاتقا كىرىپ ئىزدەپ باقاي.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تونۇشۇپ قالدى. ئۇرا كۆز كىشى ماتېرىيال دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇندايتتى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن راھىلە ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ شۇ قەدەر چىقىشقاق، پاراڭچى، ھېسسىياتقا باي ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپ قالدى.

دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى خۇددى ئوت شولىسىدەك ئاجىزلاپ قىزىرىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرى، كەچكە يېقىن، ئۇ قەلىمىنى بىردىنلا توختىتىپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. دېمەك، ئۇ ھازىرلا قويغان ئۇندەش بەلگىسى بىلەن ئۆزۈندىن بېرى يېزىپ كېلىۋاتقان تارىخي تراگېدىيىسىنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ گويا ناۋات يەپ دىلى يايراپ كەتكەن بالىلاردەك تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا ھەمىشە دېگۈدەك يوشۇرۇنۇپ ياتىدىغان ھېلىقى مۇڭ تۇمانلىرىمۇ ۋاقىتىنچە تارقىلىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ راھىلە باشقىچە خۇش بولۇپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ ئاخىر تۈگەتتىم دەڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ شۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ كېلىۋېتىپ.

— تۈگىدى، ھەممىسى تۈگەشتى! ...، — ئۇ بىردىن جىمىپ قالدى ۋە بايىلا تارقىلىپ كەتكەن مۇڭ تۇمانلىرى قارىچۇقلىرى ئارىسىغا قايتىدىن يىغىلىپ كۆزلىرىدە ئەلەم ياشلىرى لىغىرلىدى، — رەڭسىز، رەتسىز، ئەمما پاكىز كەلگەن ئۆلۈم

بىلەن ئاياغلاشتى! ...

راھىلە خۇددى چۈشىن چايىنىۋالغاندەك بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈن ئۇچىسىغا يارىشىملىق ھاۋارەڭ كوپتا - يوپكا كىيىۋالغان بولۇپ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. شەھەردە ئەڭ مودا بولۇۋاتقان قىزىل رەڭلىك ۋېلىسىپتى بولسا ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ نازاكىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئورا كۆز كىشى ئۇچىسىدىكى ئاشۇ قاسماق شەپكە، كونا چاپان، مايماق ئاياغ ۋە چاقلىرى ئويان - بۇيان تولغىنىپ «ئۇسسۇل» ئويناپ ماڭىدىغان ئەبجەق ۋېلىسىپتى بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى گۆردىن ھېلىلا چىققان ئەرۋاھتەك كۆرۈنەتتى.

— ھەي... ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ۋە ھۇۋقۇشتەك كۆرۈمسىز كەلگەن بىر ئەركەك بىلەن يانمۇيان كېلىۋاتقان ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىۋاتقان ئادەملەرگە پەرۋاسىزلا قاراپ قويدى، — بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. ئەمدى ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ. مۆھتەرەم يازغۇچى! ...

ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى كۈتۈلمىگەن يەردىن ئورا كۆز كىشىنىڭ مۇڭ ۋە ھەسرىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. راھىلە بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى ۋە يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر قەغەز «كەپتەر» نى ئېلىپ:

— مەڭ، بۇنى ئوغلىڭىزغا بېرىڭ، ئوينىسۇن، — دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ئەسلى ئۇ يىگىرمە ياشلاردا ئىكەن، كىچىكىدىنلا يوقسۇللۇق بولۇپ پوكەي ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ئاق قەغەزنى چىرايلىق قاتلاپ «كەپتەر» ياساپ يانچۇقىغا سېلىۋالغان ۋاقىتتا ئىشىنىڭ بۇنداق بولارىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى.

ئورا كۆز كىشى قاناتلىرىنى كەرگىنىچە بوينىنى سوزۇپ، غادىيىپ تۇرغان «كەپتەر» نى ئېلىپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ

ئېيتتى:

— مەن تېخى توي قىلمىدىم! ...

راھىلەنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. خەپ! ... قېرىشقاندەك ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان سۆزلىرىنىڭ ئۇنى تېخىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقىنىچۇ! ... لېكىن يېشى ئوتتۇز بەشكە تاقاپ قالغان بىر ئادەمنىڭ تېخىچىلا توي قىلمىدىم دېگىنى ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىماي قالمىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭدەك ئادەملەرگە قىز كەممىدى؟! ... ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئەمما ئۇ بولسا «راست دەۋاتىمەن!» دېگەندەك بىر خىل سوغۇق نەزەردە لەپپىدە قاراپ قويدى. راھىلە بۇ سوغۇق مۇئامىلىنى ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان بىزارلىقتىن كېلىپ چىققان دەپ چۈشەندى.

— مەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ بىر خىل قايغۇلۇق ئاھاڭدا، گويا ھېچكىم كۆرەلمىگەن قانداقتۇر بىرنېمىنى كۆرۈۋاتقاندەك كەچكى شەپەق قىزارتىپ تۇرغان ئۇزۇن كوچىنىڭ نېرىقى ئۇچىغا قاراپ، — دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىدىن كەلگەن ئادەممەن. سىز دۇنيانىڭ نېرىقى چېتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ... ھە، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي. ئۇ يەر چەكسىز كەتكەن مۇنبەت دالا، بىر يېقى خېلىلا كەڭ ئارىلىقتا شارقىراپ ئاقىدىغان سۇغا، بىر يېقى قارلىق تاغ - ئورمانلارغا تۇتاش كەتكەن. ياز كۈنى ئۇ يەردە جانغا ئارامبەخش ئېتىدىغان مەيىن شامال گۈركىرەپ چىقىپ تۇرىدۇ. قىشى بولسا كاڭدەك ئىسسىق كېلىدۇ. تۇرخۇنلاردىن چىققان ئېرىنچەك ئىس - تۈتەكلەر كۆپكۆك ئاسماندا پارچە - پارچە بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلىپ ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئۇ يەردە مۇنۇ يەردىكىدەك ئاسمان - پەلەككە تۇتاشقان ئىمارەتلەر، بۇنىڭدەك شاۋقۇن - سۈرەنلەر يوق. گويا پۈتۈن ئالەم يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان

چاغدىكىدەك تەگسىز تىمتاسلىققا چۆمگەن. بۇ تىمتاسلىقنى بوز تورغاينىڭ ۋىچىرلىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، قويلارنىڭ مەرىشى، مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا چاڭ چىقىرىپ چېپىپ يۈرگەن باللارنىڭ قۇۋناق كۈلكىسى بۇزۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە ياشايدىغان ئادەملەر خۇددى قېرىنداشلاردەك ئىجىل- ئىناق ئۆتكەچكە ھەتتا ئىتلارمۇ قاۋاشنى بىلمەيدۇ...، دېمەك، ئۇ ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك يەر. لېكىن ئۇ يەردە يەردىكىدەك مەكتەپلەر يوق. باللار بولسا تورۇسىدىن پاخال ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، دەز كەتكەن تاملىرىنىڭ يوچۇقىدىن يىراقتىكى قارلىق تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سىنىپلاردا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇيدۇ. بۇ باللار دەپتەر - قەلەمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنداق تىرىشچانكى، كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن قارىغاي شېخىنى سۇندۇرۇپ، يەرگە جىجاپ يېزىپ كەتسە، سادىغاڭ كېتەي. مۇشتۇمدەك جېنىغا باقماي خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى يەتكۈچە تارتقان چوڭ ئادەملەردەك ئاڭلىق. ئۇ يەردىكى مۇئەللىملەر ئۆزلىرىدىكى ئازغىنە بىلىم بىلەن بۇ باللارنىڭ ئەقىل - كۆزىنى ئىمكانىقەدەر ئاچماقچى بولىدۇ. ئۇ يەردە تەبىئەتنىڭ ئۆزى ياخشى ئۇستا. «يامغۇر» دىكى «ي»، «دەريا» دىكى «د». مانا شۇنىڭدەك نۇرغۇن نەرسىلەر. لېكىن ئەھۋالنىڭ شۇنچىلىك بولۇشىغا قارىماي، بۇ باللار ئەقىل - ھوشى جەھەتتە ئادەمنى ئاڭ قالدۇرىدۇ. «ئاسمان نېمە ئۈچۈن كۆك، ئۇنىڭ قىرى نەگە بېرىپ، نەگە تاقىشىدۇ؟» «بىزنىڭ ئۆيدىكى چىپار مېكىيان نېمە ئۈچۈن كەپتەردەك ئۇچالمايدۇ؟»... ئاھ نېمىدېگەن گۆدەك، مەسۇم سوئاللار - ھە؟! بىراق ئىچىنىشلىق يېرى شۇكى، تەقدىر ئۇلارنىڭ بارلىقىنى مۇشۇ زېمىنغا باغلىۋەتكەن. شۇڭا ئۇلار مەھەللىسىنىڭ نېرىسىنى بىلمەي چوڭ بولۇپ، ئاخىر يەنە ئەمگەكنىڭ قۇلى بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ... قىسقىسى، سىرتتىن

كۆچۈپ كەلگەنلەر ھەم سىرتقا كۆچۈپ كەتكەنلەرمۇ بولمىغان بۇ مەھەللىدە دۇنيا يېڭىدىن ئاپىرىدە بولغان چاغدىكى بارچە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان!...

ئۇنىڭ رومانتىك تۇيغۇغا باي بولغان بۇ ھېسسىياتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ راھىلەنىڭ كۆزى ئالدىدىن ھېلىقى مەنزىرىلەر — توپىلىق چىغىر يول، يولنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا جايلاشقان قەدىمىي مەھەللە. سوقما تاملىق ئۆيلەر، كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ئىس- تۈتەك، ئاددىي- ساددا كىيىنگەن يېزا ئاياللىرىنىڭ كالا سېغىۋاتقان، تېزەك پومىلاۋاتقان كۆرۈنۈشى، ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتقان، چۆپ چېپىۋاتقان دېھقانلار — قارايغان يۈزلەر، مۈكچەيگەن قامەت، شۇنداقلا قىپيالىڭاچ كەپسىز بالىلار... بىر- بىرلەپ ئۆتتى ھەتتا پىشقان سۈتنىڭ مەززىلىك ھىدى، دېھقان ئەرلىرىنىڭ بەدىنىدىن تارقالغان ئاچچىق تەر ھىدى ۋە بالىلارنىڭ سۈيدۈك ئارىلاش بالىلارچە پۇرىقى ئۆزىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلغاندەك مەڭدەرەپ كەتتى. ئەنە شۇندىلا ئۇ بۇ پۇراقنىڭ ئۆزىگە ياندىشىپ كېلىۋاتقان ئورا كۆز كىشىدىن تارقىلىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ راھەتلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئېھ نېمىدېگەن ساپ، ھەقىقىي، يېقىملىق پۇراق — ھە؟ ئىسسىت، ئىسسىت، تەڭگە ئارام بېغىشلايدىغان بۇ پۇراقنى نېمە ئۇچۇن بالدۇرراق سەزمىگەن، ھىدلىمىغان بولغىيدى؟... ئۇ ئۇشتۇمتۇت چۆچۈپ خىيالىغا تىزگىن سىيرىدى. تووا، نېمە ئىش بۇ- ھە؟ مەيلى تېرىقتەك ياكى پىلدەك بولسۇن، كۆڭلىگە پەقەت بىرلا ئادەمنى سىغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى خالاپ توي قىلىپ ھەتتا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شۇ كىشىگە تەقدىم قىلغانىكەن. ئەمدى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا ۋىجدانى قانداق چىدىسۇن؟!...

كۈنلەر بىر- بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئۆتمەكتە. مانا بۈگۈن ئورا كۆز كىشى يەنە ئاۋۋالقىدەك ۋاقىتتا كۈتۈپخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئورۇنغا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن

يەنە نېمىدۇ بىرنېمە يېزىشقا كىرىشتى. لېكىن ئۇ ھايال ئۆتمەيلا يېزىشتىن توختاپ، ئەتراپقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن راھىلەنى ئىزدەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئەپسۇس ئۇ بۇگۇن ئىشقا كەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، ئاغرىپ قالدىمۇ ـ يا؟...» دېگەن سوئاللار مېڭىسىنى چىرمىۋالدى ھەتتا ھېسسىياتلىرىمۇ ئۇ دەملىگەن ئاشۇ بىر ئىستاكان چاينى ئىچمەي قالغىنى ئۇچۇن باتناپ قالغاندەك بىردىنلا تورمۇزلىنىپ قالدى. شۇ يوسۇندا ئۇ گاھ يېزىپ، گاھ توختاپ خېلى ئولتۇرۇپ باقتى ۋە ئاخىر روھى چۈشكەن ھالدا كۇتۇپخانىدىن قايتىپ چىقتى.

بۇ — ياز ئۆتۈپ قىش كېلىپ، ئاندىن يەنە قىش ئۆتۈپ باھار پەسلى كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىگە توغرا كېلەتتى. شۇ كۇنلەردە راھىلە بىر ئىستاكان چاي دەملەپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدىغان ئادىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ رەڭسىز، رەتسىز، ئەمما پاكىز كەلگەن ئۆلۈم بىلەن ئاياغلاشقان تارىخىي تراگېدىيىسىمۇ جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇ كىتابىغا بېرىلگەن خېلى كۆپ قەلەم ھەققىنى يىراقتىكى يۇرتى — دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىگە جايلاشقان، تورۇسىدىن پاخال ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، سىنىپلاردا دەپتەر ـ قەلەمسىز ئوقۇۋاتقان ھېلىقى مەسۇم باللارنىڭ نامىغا ئەۋەتىپ، ئۆزى يەنە ئىلگىرىكىدەك قاسماق شەپكە، كونا چاپان، مايماق ئاياغ ۋە يەنە شۇ قوتۇر ۋېلسىپىتىنى سۆرەپ يۇرەتتى.

سىرتتا، باھار قۇياشى ئىللىق نۇرىنى يەر يۈزىگە تەكشى سەپمەكتە ئىدى. يول ياقىسىدىكى ۋاسىلانغان گۈللۈك ئارىسىدا ئاق يەكتەك كىيگەن بىر گۇلچى بوۋاي قولىغا يوغان بىر قايچا ئېلىۋېلىپ، ئەمدىلا كۆكلەشكە باشلىغان گۇل تاللىرىنىڭ ھارام شاخ، ياۋا بىخلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كەسمەكتە ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ دىققىتىگە كىرىپ چىقمايتتى. خۇددى غايەت زور بىر كۈچ يېرىق ئىزدەپ تاپالماي يەر ئاستىدا

بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياتقاندەك ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى.
ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كۆزى يان كوچىدىن ئەگىلىپلا چىقىپ كەلگەن راھىلەگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ سالاپەتلىك بىر يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىۋاتاتتى. يىگىت كىچىككىنە بىر بالىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى ۋە ئۇنى ھەدەپ ئەركىلىتەتتى. بۇ يىگىت دەل راھىلەنىڭ يولدىشى بولۇپ تېخى تۈنۈگۈن كېچىلا چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەنىدى.
بۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشنى كۈتمىگەن راھىلەمۇ ئورا كۆز كىشىگە قارىغىنىچە بىر دەقىقە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما، ئۆزىنى دەررۇ بېسىۋېلىپ، شۇنداق بىر قايغۇلۇق نەزەردە ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك، ئۇمۇ يىغلىغان، ئۇنىسىز يىغلىغانىدى! ...
ئورا كۆز كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق بىر ئەلەم چىشلىۋالدى ۋە ھودۇقىنىدىن كونتروللۇقىنى يوقاتقان ۋېلىسىپىتى بىلەن قوشۇلۇپ، يول بويىدىكى ئېرىققا غۇلاپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئەنە شۇ چاغدا بايىقى گۈلچى بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى:
— ئوھوي، بالاموي، شۇنچىلىك كەڭرى يول تۇرسا ماڭماي، بۇ يەردە مىتىلداپ يۈرگىنىڭنى قارا. دىققەت قىل، ئۆزۈڭگە ھېزى بول! ...
بوۋاينىڭ توغرىدىن توغرا ئېيتقان بۇ سۆزى گويا قانداقتۇر يوشۇرۇن مەنە ـ مەقسەتنى ئۆز قوينىغا ئالغاندەك، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە ھەيۋەت بىلەن جاراڭلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇپۇق تەرەپكە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ بىر جۈپ گەۋدە ھەم كىچىككىنە بالىنىڭ كۆلەڭگىسىگە قارىغىنىچە يا ھەۋەس، يا ھەسەت قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپلا تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالىقانلىرى ئارىسىدا ھېلىقى كۈنى راھىلە بەرگەن قەغەز كەپتەر تۇراتتى...

# دەز كەتكەن يۇرەك

قەلبى ئۇنىڭ پىنھاندىكى خۇش ئاۋاز بىر ساز،
چەكسە گەر كىم ياڭرايدۇ ئۇ شۇنچە مۇڭ ھەم ساز.
— بېيلائىر

ئارمان ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ قايسىبىر قىزنى بىر توپ لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بۇ يىل ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەنىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن ئىدىم، ئېھتىمال ئۆگىنىشىم ئۇنىڭدىن ياخشى بولغاچقىمۇ ياكى مېنىڭدە: «دەرستە ياخشى باللار يامانلار بىلەن ئارىلاشسا چىكىنىپ كېتىدۇ» دېگەن قاراشنىڭ بولغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتىم. تېخىمۇ نەرخىنى ئېيتسام، ئىككىمىز گەرچە بىر سىنىپتا بولساقمۇ، ئەمما ئالەمنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغاندەك بىر - بىرىمىزگە ئېرەن قىلمايتتۇق. كېيىن مەن ئۆز ئارزۇيۇمغا ماس ھالدا ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم. ئۇ بولسا ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىرقانچە ھېكايىلىرىم مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتكە خېلى تونۇلۇپ قالدىم.

لېكىن بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى تاماملاپ، قەدىردان يۇرتۇمنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم ئالا - ئالمايلا بۇنداق شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قالارمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدىمىز ئاللىبۇرۇنلا ئۈزۈلۈپ قالغان

بولسموٴ، قاتتىق بىر ئازابتىن يۈرىكىم خۇددى ھەرە چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ - تۆت يىللىق كونا ساۋاقداشلاردىن - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىز دېمەتلىك، ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ياشقىنە بالا تۇرسا!...

ساۋاقداشلار جەم بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كىرىپ قويدۇق. رەھمەتلىكنىڭ ئانىسى بىزنى كۆرۈپ ھەربىرىمىزنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. دادىسى بولسا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ بەختسىزلىكتىن گاڭگىراپ قالغاندەك قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى. ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگۈچىلەرنىڭ سانى مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ ئىدى: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىزنىڭ ئۆزى، ئاتا - ئانىسى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكىدىن تارتىپ، يىراق - يېقىندىن ئاڭلاپ كەلگەنلەر بار ئىدى. ئېھتىمال تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بولسا كېرەك، بېلىگە ئاق باغلانغان بىرقانچە يىگىت، سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتىنى بىردە ئۇنىڭغا، بىردە بۇنىڭغا توغرىلاپ يۈرەتتى. دېمەك، بۈگۈن چۈشتە «ئۇلگىلىك ياش ئارمان» غا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى خەلق كۈلۇبىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلمەكچى.

ھويلا ئىچىدە ئادەم مىغ - مىغ بولغاچقا ھايال بولماي قايتىپ چىقتۇق. ئەمدى مۇراسىم بولىدىغان يەرگە بارايلى دەپ تۇراتتۇق، رەھمەتلىكنىڭ دادىسى ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ چىقىپ كۈتۈلمىگەن يەردىن مېنى چاقىرىپ قالدى:

— سىز قۇربان يۇنۇس بولامسىز؟ — سورىدى ئۇ ئازابلىق ئاھاڭدا.

— ھەئە، مەن شۇ، — دېدىم سەل ئەندىكىپ.

ئۇ قوينىدىن دۇخاۋا تاشلىق بىر خاتىرىنى چىقىرىپ ماڭا سۇنۇۋېتىپ دېدى:

— ئۇ ... ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى دائىم قىلاتتى. بۇ... بۇ

خاتىرە مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ... كۆرۈپ باقامسىز...، — ئۇ شۇ سۆزلەرنى دەپلا كىرىپ كەتتى. ئېھتىمال ئاتا بولغۇچى بۇ ئادەم كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويماي، دېگەنلەرنى ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپمۇ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى، كۆز يېشىنى سۈرتكەندەك قولىنى يېنىش - يېنىشلاپ كۆتۈرۈپ قويۇشىدىن كۆڭلىنىڭ نەقەدەر بۇزۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى مەن تۈننى تاڭغا ئۇلاپ بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئەنە شۇندىلا رەھمەتلىك دوستۇمنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى خۇددى دېڭىز ئاستىدىن بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان سۇ ئاستى كېمىسىدەك، كۆز ئالدىمدا قايتىدىن نامايان بولدى. ياق، تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتسام، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بۇ خاتىرىنى نېمە ئۈچۈن باشقا بىرىگە بەرمەي، ماڭا بەرگەنلىكىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئەسلى ئۇ بۇ خاتىرىنى ماڭا بېرىۋاتقان چېغىدا كۆڭلىدە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغان ھەم شۇ مەقسەتتە مېنىڭ ئۈستۈمگە قانداقتۇر بىر ئېغىر مەجبۇرىيەتنى تاپشۇرغانىكەن!

تۆۋەندىكى رەھمەتلىكنىڭ ئۆز بايانى. مەن ئۈستۈمگە يۈكلەنگەن بۇ ئېغىر، باش تارتقۇسىز مەجبۇرىيەتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىيالىدىممۇ، يوق؟ بۇنىڭغا كىتابخان ئۆزى بىر نېمە دېسۇن! ...

※ ※

... ئۇھ نېمىدېگەن يېقىملىق. ئاخشام كۆرگەن سىن لېنتىسىنىڭ ھاردۇقى بۈگۈن يەتتىمۇ قانداق كېچە كۆرگەن لەززەتلىك چۈشلىرىمنى دېمەيلا قوياي، ۋاھ، ۋاھ... شۇ قىز،

شۇ نازلار ئوخشۇمدا بولغان بولسا ئىدى. كىچە ـ كىچىلەپ كىنوخانا ئىزدەپ ئاۋارە بولمىغان، كىنو كۆرۈۋېتىپمۇ: «ساقچى مانا كىلەر، ئەنە كىلەر» دەپ ئارتۇقچە ئەندىشىدە بولمىغان بولاتتىم، ئىسىتەي!...

بىر كەملەردە چۈشلىرىمنىڭ تازا شېرىن يېرىگە كەلگەندە، بىرى تۇرتۇپ ئويغاتتى. شۇنداق غەزىپىم كەلدى، كىلىشتۇرۇپ بىرنى تىللاي دەپ ئۇيقۇلۇق كۆزۈمنى «يالتتىدە» ئاچسام، قاپىقى يامان دادام قاشلىرىنى بۈتتەك ئۇچۇرۇپ تۇرامدۇ. «ياپىرىم، خۇدا ساقلاپتۇ!...» دەۋەتتىم ئىچىمدە ۋە تىلىمنىڭ ئۇچىغا كىلىپ قالغان ھېلىقى سۆزلەرنى ئىلاجىسىز يۇتۇۋەتتىم.

— قوپ ئورنۇڭدىن، — دېدى دادام ئالىيىپ قاراپ، — نېمىدېگەن تېتىقسىز ئۇخلاش بۇ؟!...

— ھەئە، مانا ھازىر...

ساڭا گەپ قىلىپ ئاغزىمنى ئۇپرانقۇچە دېدىمۇ، ئۇ ئۇندىمەي چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالدىم. توۋا، بىر نەرسىنى قىلما دېگەنسېرى قىلغۇسى كىلىپ كەتكەندەك، تۇر ـ تۇر دەۋەرسە ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كىلىپ كېتەمدۇ نېمە؟ مانا تۇرىمەن، ئەنە تۇرىمەن دەپ كۆزلىرىمنى زورىغا ئېچىپ ياتقىنىمچە يەنە ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىركەملەردە ئاپامنىڭ «ھوي، ئارمان!...» دېگەن چاقىرىقى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام ئاپام بايقۇش باش ئۇستۇمدە پېشانەمنى سىلاپ تۇرۇپتۇ.

— تارتقىنە قولۇڭنى نېرى!...، — مەن ئۇنى سىلكىۋەتتىم. ئەمما كۆڭلۈم شۇ ھامان بىر قىسما بولۇپ قالدى. ھەي، مەن ئۇنى نېمىشقا سىلكىيمەن، كۆڭلىگە نېمىشقا بۇنچە ئازار بېرىمەن؟...

ئاپام يېنىمدىن كېتىپ دېرىزە پەردىلىرىنى قايرىۋەتتى. شۇئان ئۆتكۈر كۈن نۇرلىرى ئۆيگە شۇڭغۇپ كىردى. دېمەك، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان يەنە بىر كۆڭۈلسىز كۈن ئاللىبۇرۇن

باشلىنىپ بولغانىدى.

— ئورنۇڭدىن تېزرەك تۇرغىن - ھە، بالام، مەن چۈشلۈك تاماقنى تۇتۇش قىلاي، داداڭ بازارغا چىقىپ كەتكەن... يوتقان - كۆرپىلەر تۇرۇۋەرسۇن، ھېلى كىرىپ يىغىۋېتەرمەن.

ئاپام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تورۇسقا قاراپ بىر پەس ياتتىم، قارىسام ئۇيقۇممۇ قېچىپ قاپتۇ. بوپتۇ تۇرسام تۇرايچۇ، دەپ ئورنۇمدىن قوپتۇم.

ئەتىگەنلىك ناشتىنى ھاپىلا - شاپىلا يەۋېلىپ بېلىيارتخانىغا — بوستان كىنوخانىسى ئالدىغا يۈرۈپ كەتتىم. قەدىمىي رۇس پاسونىدا سېلىنغان بۇ ھەيۋەتلىك كىنوخانىنىڭ ئالدى كەڭرى مەيدان ئىدى. بېلىيارت تاختىلىرى رەت - رېتى بىلەن تىزىلىپ تۇراتتى. كېلىپ - كېتىدىغانلارنىڭ ئايىغى كېچە - كۈندۈز ئۈزۈلمەيتتى. ئەتراپتىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا، سىنخانىلاردىن «ھايت - ھۇيت»، «جار - جۇر» دېگەن ئاۋازلار ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمە دېسەم بولاركىن؟ بۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ مېنىڭدەك ئىشسىز ياشلار بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، ئەپلەپ - سەپلەپ كۈننى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشنى ئادەت قىلىۋالغانمىز. بىزدەكلەردىن تۆت - بەشىمىز بىر يەرگە جەم بولساق، تاغدىن - باغدىن پاراڭ قىلىپ كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ قالغىنىنى سەزمەي قالىمىز. نەتىجىدە ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاربىكى بەزىبىر كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋاقتىنچە ئۇنتۇلۇپ كۆڭلىمىز ئارام تېپىپ قالىدۇ.

بايىقى چۈشۈمنىڭ مېھرى بىلەن خۇددى تۆت سەر قېقىۋالغاندەك يېرىم مەستخۇشلىنىپ، بېلىيارتخانا ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن مەڭدەرەپ كەتتىم. قارىسام بىزنىڭ ئۇلپەتلەردىن تۆت - بەشى ئالا - بۇلىماچ ئېلانلار بىلەن لىق تولغان پۈچۈق تامنى يۆلەپ

ئولتۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى ھەدەپ مازاق قىلىشىپتۇ. ئەمما ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بولسا ئۇلارغا يامان كۆز بىلەن ئالىيىپ قاراشماقتا ئىدى. «ھىم، — دېدىم ئىچىمدە، — ئالايساڭ ئالايماسەن. بۇ سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ، سېنىڭ ئالايغىنىڭدىن قورقۇپ قالىدىغان ئادەم يوق بۇ يەردە. چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىز. بىكار يۈرمەيلى، خىزمەت ئىشلەيلى دەپ شۇنچە يېلىنساق نەزىرىڭگە ئېلىپ قويۇشمايسەنۇ، ئەمدى بىزگە ھومىيىدىغان نېمە ھەددىڭ؟ ! ...»

ئۇلپەتلەرنىڭ سېپىگە مەنمۇ قوشۇلدۇم. بىر چاغدا يول ياقىسىدىكى سودا ساراي ئىچىدىن تولىمۇ قىسقا، قىسقا بولغاندىمۇ ساغرا ـ يوتىسى كۆرۈنۈپ قالايلا دەپ قالغان تار يوپكا كىيگەن، بۇدۇر چاچلىق بىر سەتەڭ غىتىلداپ چىقىپ كەلدى. ھەممىمىز تەڭلا «ۋەيت! » دەۋەتتۇق. ھەرەڭ ـ سەرەڭ ئىسقىرتىپ كۈلۈشتۇق. ئېچىرقاپ كەتكەن كۆزلىرىمىز بولسا ئۇنىڭ ساغرىسى، كۆكسى ئۈستىدە خالىغانچە قىلىقسىزلىنىپ يۇگۇرۈشكە باشلىدى.

— ئاۋايلاش، گۇيلار، — دېدى ئاغىنىچە ئارىمىزدىن بىرى چاقچاق قىلىپ، — شەيتان ئاتلاپ كەتمىسۇن يەنە! ...

كۈلكە تېخىمۇ ئەزۋىلەپ كەتتى. گاھىبىرلىرى قورسىقىنى تۇتقىنىچە دومىلىسا، گاھىبىرلىرى تىزىغىچە تۇرۇكلۇك شىمىنىڭ پۇچقىقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن شادىپاچاقلىرىنى ئۇرۇپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئېھتىمالىم ھېلىقى سەتەڭمۇ ئۆزىنى مازاق قىلىنىۋاتقانلىقىمىزنى سەزگەن بولسا كېرەك. بىزگە كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويۇپ، تېز ـ تېز مېڭىپ كېتىپ قالدى...

شۇ يوسۇندا تاكى كەچ كىرگۈچە كۈلۈشۈپ ئولتۇردۇق. ئاندىن بىرقانچە ھەمراھلار بىلەن شەھەر سىرتىغا جايلاشقان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئويناپ كەلمەيلىمۇ دېيىشىپ

ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق.
شۇنداق قىلىپ كەچقۇرۇن پەيداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوغۇللار ياتاق بىناسىدا «ئولتۇرۇپ» قالدۇق. ئوقۇغۇچى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىشى بىلەن ھاراق سورۇنى تاكى تۈن نىسپىغىچە داۋاملاشتى. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىنتاڭ بىلمەيمەن. ئەمما نېمىلەرنى ئويلىغىنىم ئېنىق يادىمدا: دەسلەپ ئۆزۈمنى، ئاندىن ئۇلارنى ئېغىزلىرىدىن شاللىرى ئېقىپ كەتكۈچە خۇشامىتىمىزنى قىلىۋاتقان ئالدىمدىكى مۇنۇ ساھىبخانىلارغا، تەلەتىدىن ئادەمگە ھېچبىر ئوقۇغۇچىدەك تەسىر بەرمەيدىغان بىر ـ بىرىدىن سۆرۈن چىرايلارغا قاراپ، توۋا شۇلارمۇ ئوقۇغۇچى ـ ھە؟ ئۇلار بىلەن بىزنىڭ نېمە پەرقىمىز؟ ئۇلار پەقەت ئاشۇ نىجىس ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەچكىلا بىزدەك جەمئىيەتتە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرمەي مۇنۇ جەننەتتەك ئىللىق مەكتەپ قوينىدا دۇنيادىن بىغەم ئويناپ يۈرىدۇ ـ ھە؟!...
دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم.
مۇزدەك تىترەكنىڭ ئولىشىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. بېشىم لۆمۈلدەپ ئاغرىيتتى. ياتاق ئىچى ئۇختەي ـ توختەي، ھەممىسى كېسەل ئادەمدەك خىرقىراپ يېتىپتۇ. تىنىقىمغا چىرىگەن پېتەكنىڭ بەتبۇي بۇسى «گۇپلا» قىلىپ ئۇرۇلدى. كۆڭلۈم ئايىنىپ كەتتى. قارىسام كىمدۇ بىرىنىڭ پۇتى بۇرنۇم تۈۋىدىلا كەپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ھۆ قىلىۋەتتىم ۋە ياتاققا قۇسۇۋەتمەي دېگەن ئەندىشىدە ئېغىز ـ بۇرنۇمنى تۇۋاقلاپ سىرتقا يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتىم.
سىرتتا ئەمدىلا سۇزۇلگەن ئۇپۇقتا يېرىم كۆتۈرۈلگەن قۇياش بەئەينى نومۇسچان قىزلارنىڭ بېتىدەك قىزىرىپ تۇرۇپتۇ. سانجاق گۈللەر ئارىسىدا ئۈچۈپ يۈرگەن كېپىنەكلەر بولسا سۈبھى پەرىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ زېمىنگە ھاياتلىق ئۇرۇقى چېچىپ يۈرۈپتۇ. قۇيۇق دەرەخزارلىق ئېچكىرىسىدىن كاككۇكنىڭ

مۇھەببەتلىك نەغمىسى ئاڭلاندى... ئەتىگەنكى ساپ، سالقىن ھاۋا كەيپىياتىمنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويدى. تۇرۇپلا مەكتەپ بېغىنى ئايلانغۇم كېلىپ قالدى ۋە قانچە ئايلانغانسېرى ئەتراپنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە شۇنچە مەپتۇن بولۇپ، كۆزلىرىمنى ئۈزەلمەي قالدىم. تۇساتتىن غايىبتىن «قارا! » دېگەن بىر ئىدا ئاڭلانغاندەك بولۇپ ئالدىنقى تەرەپكە يالتتىدە قارىسام، رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، قاپقارا شەھلا كۆزلىرى خۇددى مەجنۇنتال سايە تاشلىغان بۇلاقتا ئوخشايتتى، مەڭزى شاپتۇل چېچىكىدەك ھال رەڭدە ئىدى، مەيىن شامالدا تۇزۇپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى كىشىگە خۇددى ئاي يۈزىنى توسۇپ تۇرغان بۇلۇتلارنى ئەسلىتەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەنە شۇ سۈرەتتەك گۈزەل قامىتى، ئارقا تەرەپتىن ئەكس ئەتكەن رەڭدار شەپەق بىلەن قوشۇلۇپ، ئاجايىپ كۆركەم بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىگە، گۈللەر بىلەن جىپسىلاشقان قىپقىزىل كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسى، يارشىملىق ساغرىسىغا قارىغىنىمچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم: يا ھەزرەت، بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ئادەمزات نەسلىدىن بۇنىڭدەك ناتىۋان قىزلارمۇ تېپىلىدىكەن - ھە؟!...

كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇ مەن تەرەپكە يالتتىدە قاراپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. كىمگە قاراپ كۈلۈۋاتقاندۇ دەپ ئوپۇل - توپۇل ئارقامغا قارىدىم. ئەمما ئارقامدا دەل - دەرەخ، بىنادىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتىم. بىرەر يېرىم ئېچىلىپ قالدىمۇيا؟ ئۈستۈبېشىمغا سەپسېلىپ قارىدىم. خۇداغا شۈكرى، ھېچ يېرىم ئېچىلماپتۇ. ئەمىسە ئۇ نېمىشقا كۈلدىكىنە؟ كاللىسىنىڭ چاتىقى بارمۇيە؟!... دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭ قىزچاقنىڭ قەلبىمدىكى بايىقى گۈزەل ئوبرازى

بىر دىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى.
ئەنە ئۇ ھەدەپ كۈلمەكتە. زىلۋا قامىتى يوپۇرماقتەك تىترىمەكتە، شوخ، ئەركىن بۇ كۈلكىدىن باغلارمۇ بىردىنلا تەۋرىنىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئاخىر ئۇنىڭ كۈلكىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزۈمنى بىنا ئىچىگە ئېتىۋەتتىم. بىناغا كىرىپ دېرىزىدىن مارىسام گۈللەر قورشاۋىدا تۇرغان بايىقى قىز تېخىچىلا كۈلۈۋېتىپتۇ. غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم.
— ھۇ، نومۇسنى بىلمەيدىغان شاللاق!...
ياتاقتا كىرىپمۇ غەزىپىم ئۇزۇنغىچە بېسىلمىدى. قاق سەھەردە شاڭخوغا قالغىنىمنى ئويلىساملا ئىزا ـ ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. تاكى دېرىزە تەكچىسىدىكى ئەينەككە ئىختىيارسىز كۆزۈم چۈشكەندىلا، ئوچۇق ئاسماندا بىردىن چاقماق چاققاندەك بولۇپ «ئاپلا!» دەۋەتتىم. چۈنكى ئەينەك بەئەينى يەتتە باشلىق بالا قەغەز بېتىگە قالايمىغان سىزىپ قويغان «ئالۋاستى»غا ئوخشاش ئاجايىپ يۇمۇرلۇق بىر مەخلۇقنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى خۇددى بوراندا قالغان قوناق شېخىدەك ھەرەڭ ـ سەرەڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلىي بايا مەستچىلىكتە ئالدى ـ ئارقامغا قارىمايلا سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىكەنمەن. يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. بولۇپمۇ شەپەق نۇرى ئاستىدا بېرىلىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان بايىقى قىزنى بىھۇدە ئەيىبلىگىنىمنى ئويلاپ، خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ قالدىم...
ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، سىرلىق خىياللار ئىلكىدە دائىم مەستخۇش يۈرىمەن، ئۇنىڭ مۇزىكىدەك كۈلكىسى، زىلۋا قامىتى، ئىللىق قاراشلىرى زادىلا ئېسىمدىن كەتمىدى. نېمىشقىدۇ ئۇنى كۆرمىسەم تۇرالمايتتىم. قەدەملىرىم خۇددى مېنىڭ ئەمەستەك باشقۇرۇشۇمغا بوي بەرمەي شۇ ياققىلا ئېلىپ قاچاتتى. دەسلەپ ئۇنى مەقسەتسىز، مۇددىئاسىز، پەقەت

ئاڭسىزلارچە ئۇينىڭ تۈرتكىسىدە بىرلا كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىزدەپ بارغان بولسام، كېيىن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىمنىڭ ئاستا - ئاستا بىخ سۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى سېزىدىغان بولدۇم. دېمەك، بۇ بىرلا كۆرۈۋېلىش بىلەن چەكلىنىدىغان تۇيغۇ ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا ھەر قېتىم چۆچۈپ ئېسىمگە كەلگىنىمدە ئۆزۈمنى گۈللەر ئارىسىدا، دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا ئۇنى مارىلاپ تۇرغان ھالەتتە سېزەتتىم. قولۇمدا كىتاب، لېكىن ئۇنى قاچان، قەيەردىن ئېلىۋالغانلىقىمنى ئاڭقىرالماي ئاچچىق كۈلۈپ كېتەتتىم.

توۋا، شۇ كۈنلەردە نېمە ئۈچۈندۇر ھېلىقىدەك بولۇمسىز، چاكىنا چۈشلەرنى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەكسىچە ئۇنى دائىم چۈشەيتتىم. ئۇ چۈشلىرىمگە تولىمۇ گۈزەل، يارقىن، مەردانە، شوخ قىياپەتتە كىرىپ كېلەتتى. بىز باغلاردا، تاغ - ئورمان، داللاردا بىللە سەيلە قىلاتتۇق، قوغلاشماق ئوينايتتۇق. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىۋېلىپ مەھكەم قۇچاقلايتتىم، لېۋىدىن ئانارلار ئۈزەتتىم، ئەنە شۇ چاغدا كوھىقاپ تەرەپتىن بىردىنلا قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلەتتى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلەتتى، ئۇنى قاياقلارغىدۇ ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. مەن قارا قۇيۇنغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغان پېتىم، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم... مانا بۇ خىلدىكى چۈشلەرنى قايتا - قايتا كۆرەتتىم. خۇددى چوغ ئۈستىدە ياتقاندەك تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقاتتىم، تاڭ ئېتىپ سۈبھى ئاقىرىشقا باشلىغان ھامان ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە قاراپ چاپاتتىم.

شۇنداق قىلىپ مەن ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىدىغان بولدۇم. ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ ئۇنى يىراقتىن كۆزىتەتتىم (مەن قاچاندىن باشلاپ بۇنداق ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدىم؟...) دەسلەپ ئۇ ماڭا ئانچە ئېرەن قىلمىدى. كۈنلەرنىڭ

ئۆتۇشى بىلەن ئازدۇر – كۆپتۇر دىققەت قىلىدىغان ۋە يەر تېگىدىن قاراپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىمۇ نامەلۇم بىر ھېسسىيات بىخ سۇرۇۋاتقاندەك، ماڭا نېمىدۇ بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك، ئەمما دېيەلمەيۋاتقاندەك، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت بىر – بىرىمىزگە يىراقتىن قاراش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ چەكلىمە بىر قارىسا ناھايىتى يېقىندەك، بىر قارىسا نەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى خىيالىي مەنزىلدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇرۇمدىلا مۇناسىۋەت قىلاتتىمۇ، ئەمما يۈرەكلىك ھالدا پېتىنىپ بىرنېمە دېيەلمەيتتىم. دېمەك، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ياخشى كۆرگەندىمۇ خۇددى قايسىبىر چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن يېتىمچى تازنىڭ مەلىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم.

دۇرۇس، ئادەم ئۈچۈن ئۆز ھېسسىياتى، بەختىگە تەلپۈنۈش، شۇنى دەپ كۈرەش قىلىش ھەرگىزمۇ جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. ئەنە شۇ يېتىمچى تاز چېغىدا ئۆز بەختى ئۈچۈن ئىزدەنگەن، تىرماشقان يەردە مەن نېمىشقا سۈكۈت قىلىمەن. مېنىڭ يېتىمچى تازدىن نەرىم كەم؟ !… رېئاللىقنىڭ يەكلىشى ئىرادەمنى تەۋرەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا بولغان ساپ ئەقىدەم غەيرىتىمنى ئاشۇردى. ئاخىر قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقتى. ئالدى بىلەن بازار ئايلىنىپ، ئاندىن شەھەر مەركىزىدىكى كىتابخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ پات ئارىدا بۇ يەردىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئارقامغا جىنىدەك چاپتىم ۋە بىرقانچە ھەمراھلىرىمنىڭ ياردىمىدە ئەپچىلگىنە «تۇزاق» قۇردۇم.

خىلۋەت تار كوچىدا ھەمراھلىرىم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىمدىن چىقىپ ئارىغا چۈشتۈم. ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن خۇددى ئوخشىتىپ سىزىلغان، ئەمما رەڭسىز رەسىمدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ.

ئالدىن كېلىشىۋېلىنغان «ئۇشتۇمتۇت» تەگكەن مۇشتنىڭ زەربىسىدىن ئوڭدامغا چۈشتۈم. مۇشت شۇنداق زەرب بىلەن ئۇرۇلغانىدىكى، بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ، كۆزلىرىمدىن يۇلتۇز چاقناپ كەتتى. ئېغىزىمغا ئىلمان بىر نەرسە تولغاندەك بولۇپ، كۈچەپ تۈكۈرۈۋىدىم، بىر تال سۇنۇق چىش قانغا ئارىلىشىپ يەرگە چۈشتى. غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم، ھۇ ئاناڭنى! ... يالغاندىن ئۇر دېسە شۇنداقمۇ كۈچەپ ئۇرغان بارمۇ؟! ... ھەمراھلىرىم بۇنى كۆرۈپ ئەندىككىنىچە ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي بەدەر تىكىۋەتتى.

— ئادەم ئەمەس لۈكچەكلەر، خۇدايىم جازايىڭنى بەرسۇن! ...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى خۇددى ماڭا دارىتىملىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى.

— ۋىييەي، ئانامەي! ...، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا ئەنسىز شىۋىرلاپ، — قان... قان شۇرقىراپ كەتتى... مەن تاكسى چاقىراي، دوختۇرخانىغا ئاپىراي! ...

— بولدى، چاقىرماڭ! ...

قارىسام بىر قولۇمدا ئۇنىڭ بىلىكىنى «كاپ»لا قىلىپ تۇتۇۋاپتىمەن. شۇئان ئوڭايسىزلىنىپ قويۇۋەتتىم. ئۇنىڭ رىشلىيە گۈللۈك ئاق كوپتىسىنىڭ يېڭىدە قان ئارىلاش بارماق ئىزىم قېلىپ قالدى. تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندىم.

ئۇ خۇددى كېرەك يوق دېگەندەك پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇۋىدى، شاپتۇل چېچىكىدەك ھال رەڭلىك يۈزىدە شۇئان بىر

جۇپ چىرايلىق زىنىخ ھاسىل بولدى. ۋاھ، شۇ چاغدا يۈرىكىمنىڭ ئويناقلاپ كەتكىنىدىن تۇمشۇقۇمنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېسە، شۇنچىلىك بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەنىدىمكى، مەڭگۈ مۇشۇنداق بىر - بىرىمىزگە روبىرو قارىشىپ تۇرۇشنى ساراڭلارچە خىيال قىلىپ كېتىپتىمەن.

— ۋىييەي! ...، — دېدى ئۇ يەنە، — مېڭەمنىڭ يوقلۇقىنى قاراڭ، ئاۋۇ يەردە سۇ بار ئىكەن. يۈرۈڭ، كۆڭلىكىڭىزنى يۇيۇۋېتەي! ...

بولدى دېگەنگە ئۇنامدۇ، كۆڭلىكىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، يول ياقىسىدىكى ئۆستەڭدە يۇيۇشقا كىرىشتى. مايكىچان ھالەتتە يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ تەييار تۇردۇم (بۇرنۇمدىكى قاننىڭ ئېقىشى توختاپ قالغانىدى). تۇيۇقسىز كۆزۈم ئۇنىڭ قاردەك ئاپئاق بويىنىدىن ئۆتۈپ، كوپتا ياقىسى ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئىككى تىزى ئارىسىدا يانجىلىپ خۇددى توغاچ شاپتۇلغا ئوخشاپ قالغان يۇمران كۆكسىگە چۈشتى - دە، يۈرىكىم توك تەپكەندەك «جىغ» لا قىلىپ قالدى. شۇئان گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچتىم. ئاڭغىچە ئۇ ئالىقانچىلىك يۈزى بار سومكىسىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى. ئالاي دېسەم تېخى، ئالماي دېسەم تېخى، نومۇس قىلغىنىمدىن يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بىلىنىپ كەتتى. تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە يېنىمغا قولياغلىق سېلىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلماپتىكەنمەن، ئەمدى قولياغلىق دېگەننى يېنىمدىن زادىلا ئايرىمايمەن...

كۆڭلەكنى ھۆل پېتىلا كىيىۋالدىم. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ بايا قان بولۇپ كەتكەن يېڭىنى يۇيۇشقا باشلىدى. قاننى مەڭگۈ چىقىرالمىسىكەن دەپ ئويلاپ، يۈرىكىمنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدىم. ئەپسۇس ئۇنىڭ نازۇك، ئەمما ئىشقا پىشقان چېۋەر قوللىرى خۇددى مەن بىلەن زىتلاشقاندەك كوپتا يېڭىدىن قاننى بىردەمدىلا ئۈۋۈلاپ چىقىرىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم

باشقىچىلا يېرىم بولۇپ قالدىم.
— قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟ — ئادەملەر ئېقىمى ئىچىدە كېتىۋېتىپ، ئوڭايسىز ھالەتتە سورىدىم. جىسمىمىزنىڭ ھەربىر سۇركىلىشىدە ۋۇجۇدۇم خۇددى زەرەتلىك ئېقىم ئۆتۈشۈپ كەتكەندەك لەرزىگە كېلەتتى.
— فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن، ئۆزىڭىزچۇ؟
كۇتۇلمىگەن بۇ سوئالدىن مەڭدەپ كەتتىم. نېمە دەرمەن بۇ قىزغا. بىكار تەلەت، كوچا چىڭدايمەن دەيمۇ يا؟ ياق، ياق، بۇنداق دېيىش ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ ئۇستۇمدىن قاراپ تۇرغان بىرى بولمىغاندىكىن بولۇشىغا ئاتمايمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ:
— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتىمەن ھازىر، — دەۋەتتىم.
— ئەمىسە، ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ئەجەب بېرىلىپ كىتاب كۆرىسىزغۇ؟
دېرىكىڭدە چۆچۈپ كەتتىم. ئىتتىك بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەسخىرە قىلغانلىقنىڭ چىمدىمچىلىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە باللارغا خاس پاكلىق، گۆدەكلىك، ئۆزى ھۆرمەت قىلغان كىشىلەرگە بولغان چەكسىز ھېرىسمەنلىك ئۇتلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈۋېتىپتۇ. ئىختىيارسىز يېنىككىنە تىنىۋەتتىم. خۇداغا شۈكرى مېنى ئوقۇغۇچى دەپ ئويلاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ بايقۇش.
— ھە، بۇ... بۇما؟ ئىشتىن سىرتقى مۇنداقلا ھەۋەس، — دېدىم يۈزۈمنى داپتەك قىلىۋېلىپ، — ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولساممۇ، مۇشۇ ئۆگىنىشنى زادىلا تاشلاپ قويمىدىم. ھازىر بىر ئىلمىي ماقالە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. قاراڭ، بىكار يۈرسەكمۇ ئۆتىدىكەن بۇ ۋاقىت، ئۇنىڭدىن كۆرە ئوقۇپ قويايلى، ئارتۇق كەتمەس، كۆڭلەرنىڭ بىرى ئەسقېتىپ قالار دەيمەن.

يا ھەزرەت، تىلنىڭ سۆڭىكى يوق دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. مانا ئۇنى پارقىرىتىپ قويۇپ ئېيتىۋاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىگە مەن ھەيران.

— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى!…، — دەۋەتتى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — سىزگە ئۇتتۇق تىلەيمەن. ئەمدى مانا مەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى، دەپ ئۆزىڭىزنى ئالەمگە بىر تونۇتۇپ قويۇڭ!

ئۇنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئۆزۈمچىلا قىزىرىپ كەتتىم ۋە سۆز تېمىسىنى ئەپچىللىگىنە يۆتكىدىم:

— ھى… ھېلىقى كۈنى تازا سەت ئىش بوپتۇ ـ ھە؟

ئۇ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— بولمىسىغۇ شۇ كۈنى… مەكتىپىڭلاردا ئوقۇيدىغان ئاغىنە باللارنىڭ يېنىغا بارغان. ئادەمنى زورلاپ… جىق ئىچىپ قويۇپتۇقز ە….

— ياقەي، ھېچ ۋەقەسى يوق… ئەمەلىيەتتە بىز قىزلارمۇ سىلەردەك بولۇپ قالىمىز. بەزىدە….

ئۇ ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى، ئېھتىمال ئويلاشماي ئېيتىپ قويغان بۇ سۆزلىرىدىن ئۆكۈنگەندەك بولسا كېرەك. لېۋىنى بوشقىنە چىشلەپ قويدى. مانا شۇندىلا ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل، تۈز، ساددا قىز ئىكەنلىكىنى يەنە بىر نۆۋەت چوڭقۇر ھېس قىلدىم. يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر بىزگە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى. چۈنكى ئۇستۇمىدىكى كۆڭلەك ھۆل، بۇرنۇم پوقاقتەك ئىششىپ چىققانىدى.

— ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئۇ مېنىڭ شۇكلەپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ كۆيۈنگەن ئاھاڭدا سورىدى.

— ياق، ياقەي، سىزنىڭ رەھمىتىڭىز دورا بولغان ئوخشايدۇ، بۆلەكچىلا شۇكلەپ كەتتى.

— ۋىيىەي، راستمۇ؟ بالدۇرراق دېسەم بوپتىكەن ـ دە ئەمىسە…

ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.
مانا، مەكتەپ ئالدىغمۇ كېلىپ قالدۇق (ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى)، كەچ كىرىپ قالغانىدى. دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم قىيماي خوشلاشتىم، كۆتۈلمىگەن يەردىن ئۇ ئۈچ - تۆت قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، بىردىن ئارقىغا بۇرۇلدى.
— مېنىڭ ئىسمىم قەدرىيە، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن.
مانا شۇندىلا باياتىن بېرى پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىسمىنى سورىيالمىغىنىمنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى دەررۇ ئەسكە ئالدىم.
— مېنىڭ ئىسمىم ئارمان، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن، — سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇرسەنمەن!
ئۇ ماڭا تاتلىققىنە بىر كۈلۈمسىرەشنى ئىلتىپات قىلىپ، كەينىگە بۇرۇلدى - دە، خۇددى كېيىكتەك يېنىك دەسسەپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاكى قارىسى يىتكۈچە زوقلىنىپ قاراپ تۇردۇم. «قەدرىيە - ھە؟ قەدرىيە...» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم.

※ ※

مانا، ھەپتە بولدى، سىرتقا چىقماي ئۆيدە ياتقىلى، ئەتىدىن كەچكىچە قىلىدىغان ئىشىم ئەينەككە قاراش، قارىغانسېرى كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. تاتارغان رەڭسىز چىراي، يېرىلغان كالپۇك، كۆماك چىش... ئىھ خۇدا، مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن كۆھىقاپ پەرىسىدەك كەم - كۈتىسىز كەلگەن قەدرىيەگە مۇناسىپ

كېلەرمەنمۇ؟...

ئۆيدە ئولتۇرۇپ دېمىم تازا سىقىلدى. ئارىدىكى خۇدۇكسىرەشلەردىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلەيلا دېدىم. چۈنكى ئۆيدە بولسا ئاقىنانچىلىقى چىنىپلا قالىدىكەن كىشىنىڭ، يا مەن قىز بالا بولۇپ قالماپتىكەنمەن، ئاپامغا ياردەملىشىپ ئانچە ــ مۇنچە لەگمەن سوزۇپ، كىر ــ قاتلىرىنى يۇيۇپ بەرگەن بولسام، كاشكى...

دەسلەپكى كۈنلەردە، ئەتىدىن كەچكىچىلا تالا ــ تۈزگە چىقماي ئۆيدىلا ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەن ئاتا ــ ئانام، خۇددى بېشى كۆككە تاقاشقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا غوتۇلدايدىغان بولۇۋالدى. «خەقنىڭ ئوغۇللىرى قانداق ئوغۇللاركىنتاڭ؟ تاپقان ــ تەرگىنىنى ئۆيگە توشۇپ هارمىغان، بىزنىڭ ئوغۇللارزە قىز بالىدەك نازۇك...»، «ئېيتە، يا ئوقۇش، يا خىزمەت قولۇڭدىن كەلمىسە، نېمىگە ئەسقاتىسەن زادى؟ !...» مانا بۇ خىلدىكى تەنبىهلەر خۇددى دۈشمەن بارگاهىغا ئېتىلغان زەهەرلىك ئوقتەك ئۈستۈڭىمغا ياغقىلى تۇردى. راست ئېيتقۇچى ئادەمگە سېزىلمىگىنى بىلەن قوبۇل قىلغۇچى بىچارىگە، ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك تولىمۇ ئار كېلىدىكەن، قېنى كىمنىڭ ئادەمدەك ياشىغۇسى، ئاتا ــ ئانىلارغا ئەرمەك بولۇپ هاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگىسى كەلمەيدۇ؟ بىكار يۈرمەيلى، خىزمەت ئىشلەيلى دەپ ئاز يېلىندۇقمۇ؟ لېكىن كىم بىزنىڭ ئاهۇ زارىمىزغا قۇلاق سېلىپ قويۇپتۇ؟ بەزىدە هەرقانداق زەربىگە چىدىساق چىدايمىزكەن، ئەمما «ئاناڭنى پالانچى، هەدەڭنى پوكۇنچى...» دېگەن ئاهانەتلەرگە چىدىماي، باش ــ كۆزىمىز يېرىلىپ كەتكۈچە ئۇرۇشۇپ قالىمىز. نېمىشقا شۇنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ يا بىز قىغ ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، يارامسىز بولۇپ قالساق سويۇپ تاشلايدىغان هايۋانمۇ يا؟ !...

ئۇھ! ... زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۆيدە ئولتۇرسام

«ئـولـتـۇردۇڭ» دەۋاتـقـان، ئـولـتـۇرمىسام «ئولتۇرمىدىڭ» دەۋاتـقـان. زادى نېمە قىلى دەيدىكىنا مېنى. يا مەن ئىلاھىي قـۇدرەتكە ئىگە بولمىسام، «پۇھ» دېگەنگە ئالەم سىپھىرلىنىپ بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ قالسام كاشكى! ... بۇنداق بولارىمنى بـىـلـسـەم ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كەتمەسمىدىم. لېكىن بۇنىڭغا مەن ئەيىبلىكمۇ؟ دەسلەپكى ئىككى نۆۋەتتە ئاز كۈچ چىقاردىممۇ؟ كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەندەك، ئاخىر يەنە داغدا قالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، دادامنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسىمۇ ئۆزگەردى. بىچارە ئاپام كۈندىن ـ كۈنگە تۈگىشىپ، ئولتۇرسا ـ قوپسا يىغلاپلا يۈرىدىغان بـولـۇپ قـالدى. ئائىلىمىزدىكى ئىناقلىق، خۇشاللىق خۇددى شـامـالـدا قـالـغان توزغاقتەك توزۇپ، ئورنىغا ئادەمنى بىزار قـىـلـىـدىغان تەگسىز ئىمتاسلىق ئالماشتى (بۇلارنى ئويلىسام ئىمتىھان دېگەن نەس باستىنى ئىجاد قىلغان ئادەمنى ئىچىمدە مىڭنى تىللاپ كېتىمەن).

ھەر دائىم ئۆيگە كەلدىممۇ بولدى، مانا مۇشۇنداق تەسىراتقا كېلىپ قالىمەن. شۇڭا ئانچىكىم قەدەم باسقۇم كەلمەيدۇ، ھەتتا سىرتلاردا ئاچ ـ زېرىن يۈرۈشنى ئۆزۈمچە راھەت ھېس قىلىمەن. ئۆي ـ پۆي دېگەنلەر مەن ئۈچۈن بەرىبىر، خۇددى موھتاجلىقتا كېلىدىغان ھەقسىز ئاشپۇزۇل، ساخاۋەتخانىدەك بىلىنىدۇ.

جاراھەت سەللىمازا ساقىيىشى بىلەن تەڭ قەدرىيەنىڭ قېشىغا قانات ياساپ ئۇچۇپ باردىم. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ نېمە ئۈچۈندۇ مـېـنىڭ ئەڭ چوڭ روھىي تەسەللىچىمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەرقانداق تەنبىھ ئالدىدىمۇ ئۇنى ئەسلەپ خىيال قىلاتتىم. بۇنداق چاغلاردا تېرىكىپ تۇرغان دادام: «ياغـاچ قـولاق، قېتـىـۋالغان بـەز! ...» دەپ ئـاچچـىـقـلاپ چـىـقـىـپ كېتەتتى. ئاپام يەنە ئاۋۋالقىدەكلا مىچىلداپ يىغلايتتى.

بىچارە قىز، مېنى راستىنلا ئالىي مەلۇماتلىق دەپ ئويلاپ

قاپتۇ. مەكتەپكە ئىزدەپ بارسام خۇشاللىقىدىن خۇددى يېڭىلا ئايغى چىققان بالىلاردەك قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كەتتى.

كېيىن ئۇنىڭ ياتاقداشلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى قىزلار ـ ھە؟ ئىلگىرى دۇنيادا ئۇلاردەك شۇنچە ساددا، شۇنچە ئاق كۆڭۈل، شۇنچە مېھماندوست، چىقىشقاق قىزلارنىڭ بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىكەنمەن. ئۇلارغا قارىساملا ئۆزۈمنى يېڭىلا ئورمانلىقتىن مېڭىپ چىققان ئىپتىدائىي ئادەملەرگە ئوخشىتىپ قالىمەن ۋە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈمنى يوشۇرۇشقا، يىرگىنچلىك، ساختا قىياپىتىمنى ئاشكارىلاپ قويماسلىققا تىرىشىمەن. توۋا، ئاياللارغا شەھۋانىي نەزەردە قارايدىغان مۇنۇ كۆزلىرىممۇ ئەمدىلىكتە بىردىن ياۋاشلاپ، شۇنچە مۆمىن، تارتىنچاق بولۇپ كەتكىنى قىزىق، ئېھتىمال، ئۇمۇ بۇ قىزلارغا شەھۋانىي نەزەردە قاراشنى كەچۈرگۈسىز جىنايەت، ئەڭ پەسكەش قىلىق دەپ بىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

— چىشىڭىزدىن دېرىزە ئېچىۋاپسىزغۇ، يىگىت؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇلار قايسىبىر نۆۋەت.

— ھەئە، كۈن ئىسسىق، شامالداپ تۇرسۇن دېدىم، — مەنمۇ چاقچاققا چاقچاق قايتۇردۇم.

— ۋاھ، ئەمىسە بىراقلا ئېچىۋەتمەي، بورانداپلا تۇراتتى! ...

مانا شۇ سۆزلەردىن كېيىن چاقچاق تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. كىمدۇ بىرى: «ۋىيەي، ئەمىسە يەل ـ يېمىشتىن قىينالغۇدەكسىز» دەپ يېنىدىكى قىزغا كۆزىنى قىسىپ قويۇۋىدى، ئۇ قىز شۇئانلا: «نەدىكىنى، ئاداش، بىزنىڭ قەدرىيەنىڭ چايناپ بەرگۈدەك چىشلىرى بار جۇمۇ! » دەپ راسا كېلىشتۇرۇپ چېقىۋالدى. مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم ۋە يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇمۇ ھويپىدە قىزىرىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ.

قىزلارغا مىلىڭ رەھمەت، ئۇلارنىڭ ئاشۇ چاقچاقلىرى بىزنىڭ قەلب ئوتىمىزنى ئاخىر ئۇلغايتىۋەتتى. مانا، كۆڭلۈم سىزىپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا مەيلى بار، بولمىسا ماڭا ئۇنداق ئوتلۇق باقامتى؟...

كەچ، ئەتراپ قاراڭغۇ، تۈن قوينىغا چۆمگەن ئوقۇتۇش بىنالىرىدىن ئېلېكتر يورۇقى چاقناپ تۇرىدۇ. ئىككىمىز مەكتەپ بېغىدا ئايلىنىپ يۈرمەكتىمىز.

— ياتاقداشلىرىڭىز بەكلا ئوچۇق قىزلاركەن، — مەن ئارىدا تۇرغۇن قېتىم تەكرارلانغان بۇ سۆزنى يەنە ئېيتتىم ۋە ئۆزۈمنى ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم.

ئۇ جاۋابەن پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— بۈگۈن ئىدارىدە...، ياق يولدا بىر ئاغىنەم ئۇچراپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدىم يەنە ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ، خۇددى ھېلىلا بىرى كېلىپ «ھە، بۇنچە كەچتە ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭ؟» دەۋېتىدىغاندەك ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەپ، نېمىشقىدۇ گەپ - سۆزلىرىم قولاشماي قېلىۋاتاتتى.

بىز باغدىن ئۆتۈپ، خىلۋەت دەرەخزارلىققا ئىچكىرىلەپ كىردۇق. غازاڭ - ياپراقلار ئايىغىمىز ئاستىدا شىۋىرلاشقا باشلىدى.

— قەدرىيە...، — مەن ئىختىيارسىز شىۋىرلىدىم. لېكىن ئۇنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق سۈكۈتكە چۆمۈپ قاراشلىرىنى، خۇددى يۈز بىرىش ئېھتىماللىقى بولغان قانداقتۇر بىر ئىش ئۈچۈن ئىدىيىسىدە تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ، دەپلا چۈشەندىم.

— قە... قەدرىيە!...، — بۇ نۆۋەت ئاۋازىم تىترەپ، يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتتى.

— نې... نېمه؟...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئىچىدە قالدى. مەن ئۇنى چاقماق تېزلىكىدە قۇچاقلاپ لېۋىگە لېۋىمنى مەھكەم يېقىۋالدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ ئۆزۈم خۇددى بىر پارچە ئاق ۋاراقتەك قۇپقۇرۇق بولۇپ ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى ھەم ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. پەقەت پۈتۈن ئەس - يادىم بىلەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ بەدىنىمنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋەتسەم دەپلا ئويلايتتىم. مەندىنىمۇ قۇدرەتلىك بىر كۈچنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئۇ دەسلەپ گاڭگىراپ ئارقىدىنلا كۈچسىز قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمما ئۇ قانچە تىركەشكەنسېرى ئۇنى شۇنچە مەھكەم قۇچاقلاپ بەللىرىدىن ئامبۇردەك قىسىپ تۇتۇۋالدىم. دەل ئەنە شۇ چاغدا ئۇ بىردىن لاسسىدە بوشىشىپ، بوينۇمغا ئىختىيارسىز گىرە سالدى. سالدىيۇ، ئەمما بىردىن ئەندىكىپ قۇچىقىمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېرىلىپ يىغلىۋەتتى.

خۇددى ئۇستۇمدىن بىرى بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك نېمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپلا قالدىم. ھە، مەن سارالڭ ھازىر نېمە قىلدىم؟!...

— قە... قەدرىيە، مېنى كەچۈرۈڭ...

ئارىدىن خېلى ئۆتۈپ، كالۋالاشقان تىلىمنى تەسلىكتە سۆزگە كەلتۈردۈم. شۇندىلا ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. چاناقلىرىمغا لىق ياش كەلدى. چۈنكى مەن ئەزەلدىن ھازىرقىدەك ئازابلىنىپ باقمىغانىدىم.

— قەدرىيە، — دېدىم مەن ئاخىر بار غەيرىتىمنى يىغىپ، — مەن... مەن ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك ئۇنچە يامانلاردىن ئەمەسمەن، بىلىمەن، سىز مېنىڭ

مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلمايسىز، مەن سىزدىن ئاغرىنمايمەن. پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ... لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات سەپىرىڭىزدە شۇنداق بىر دوستۇم بار ئىدى، دەپ ئەسلەپ قويسىڭىزلا كۇپايە...

ئەسلىي بۇ سۆزلىرىمنى دەپ بولۇپلا، ئارقامغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالىمەن دېگەنلەرنى ئويلىغانىدىم. لېكىن قەدەملىرىمنىڭ بۇ يەردىن قوزغالغۇسى يوقتەك، تۇرغان ئورنۇمدىن مىت قىلىپ قويمىدى. ئېھتىمال ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش جۈرئەتسىزلەنگەن بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىن كېتىش ئۇنى ئىككىلىنىپ ئىزدەپ كەلمەسلىكتىن دېرەك بېرەتتى.

مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم گويا دولقۇندا قالغان قولۋاقتەك گۇمران بولاي دەپ قالغان ئەنە شۇ مىنۇتتا، ئۇ كۈتمىگەن يەردىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىۋەتتى. ئۇ كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن كۆكرىكىمگە ئۇرۇپ شىۋىرلىدى:

— ئەسكى، ئەسكى...، قېلىن...

ۋاھ يۈرەك، بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ئۇ نېمە دەيدۇ؟ سېنى سۆيىمەن. مەڭگۈ سۆيىمەن دەيدۇغۇ، قايسى جاھان بۇ؟ تاز بىلەن مەلىكىنىڭ دۆلىتىمۇ يا؟ ياق، ياق، ئوغرى بىلەن پەرىشتىنىڭ!... مەن كۆز ياشلىرىمنىڭ تاراملاپ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئاسمانغا قارىۋالدىم. ئاسماندا — سادىغاڭ كېتەي، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاشۇ گۈمبەزسىمان قاراڭغۇ بوشلۇقتا چېكىتتەك بىر نەرسە يالت - يۇلت قىلىپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك، ئۇ ئايروپىلان، خۇددى جانلىق نەرسىدەك ھەرىكەت قىلالايدىغان سۆيۈملۈك ئايروپىلان ئىدى. «ئېھ ئايروپىلان، قاناتلىق يۇلتۇز، — دەپ خىتاب قىلدىم ئىچىمدە، — مانا كۆردۈڭمۇ، مەنمۇ بىر ھەقىقىي بەخت ئىگىسىگە ئايلاندىم. بەخت ماڭىمۇ يارىشىدىكەنغۇ؟ سەن خەلقئالەم ئالدىدا بۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەر جۇمۇ!...» مەن خۇددى

سۆزلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىۋالدىم.

بىز يالغۇز ئاياغ يول ئۈستىدە ئالدىرىماي يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭ بېشى ئېگىككىم ئاستىدا تىرىلىپ تۇراتتى. ئالدىنقى تەرەپ گەرچە يوپۇق تارتىلغاندەك قاپقارا بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ كۆزۈم بىردىنلا سېھىرلىنىپ، ئەتراپنى روشەن كۆرۈۋاتقاندەك يۈرەكلىك ھالدا قەدەم تاشلايتتىم. شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيا پەقەت مۇشۇ تار دائىرىدەك، ئۇنىڭ سىرتى ئەسلىدىلا ئىللىقلىق ئىچىگە پۈركەنگەن باشقىچە ئالەمدەك، كىچىكنىڭ بۇ قاراڭغۇ پەردىسى ئوخشاشمىغان ئىككى مۇھىتنى ئايرىپ تۇرغان بىردىنبىر توسۇقتەك، پەقەت شۇنىلا بىسەپ ئۆتسەك ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بارچە ئۆكۈنۈشلۈك ئۆتمۈشۈمنى، تۇمانلىق كەلگۈسۈمنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇغانىدىم. يىراقتىن سۇسقىنە بىر چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

※ ※

مۇھەببەت دېگەن سىرلىق؟ كىچىك ۋاقتىمدا مومام دائىم: «قوزام، ئىنسان يوق يەرلەردە يالغۇز يۈرمە، جىن چاپلىشىۋالىدۇ» دەيتتى. مانا شۇ چاغقىچە قارىسىنى كۆرسەتمىگەن جىن، ئارىدىن خېلى ئۆتۈپ چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ. مۇھەببەت جىنمۇيا؟ ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئۈچۈن مومامنىڭ ئېيتقىنىدەك چۇۋۇق چاچ، جادۇ كۆز، يەتتە باشلىق يالماۋۇز سىياقىدا پەيدا بولمايدۇ؟ ئېھتىمال ئۇ تۇنجى قېتىم چاپلاشقاچقا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىمىغان بولسا كېرەك. ئېھتىمال ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشكارىلاپ قالار، ئېھتىمال مومامنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي خاتادۇر... لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، شۇنداق شېرىن، لەززەتلىك، چەكسىز بەخت

تـۇيـغۇسىغا چۈمۈلسەك ئۇنىڭ قان تامچىپ تۇرغان چىشلىرى ئارىسىدا يەم بولۇپ كەتسەك نىمە ئارمان؟ !...

مـانـا، قەدرىيەنى بەختلىك قىلىش دىگەن ئوي خىيالىمدا ئەسـىـرلـىـك چىناردەك چوڭقۇر يىلتىز تارتماقتا. دەسلەپتە جىنايەتلىك كەسپىمدىن قول ئۈزمەك بولۇپ خىزمەت ئىزدەپ تولا قـاتـىـرىدىم. ئـەمـما بىـزدەكلەرگە چۇشۇپ قالغان نەدىكى خىزمەتكەن؟ تەقدىر قولۇمدىن يېتىلەپ يەنە شۇ كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە ئەكىلىپ تاشلىدى. توساتتىن بىر كۈن، ئۇنىڭ مىنى بـۇ شەرمەندە قىياپەتتە كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شەھەر سىرتىغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا يۆتكەلدىم. شۇنداقتىمۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە كۆڭلۈم ھېچبىر ئارام تاپمىدى. خۇددى ئۇ ھېلىلا ئۇستۇمدىن چۇشۇپ قالىدىغاندەك ئەتراپىمغا ئالاق - جالاق قىلىپ قـارايـتتىم. ھەر قېتىم بىراۋلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالغاندا: «ئـاھ، جـېنىم قەدرىيە، مېنى كەچۇرگىن!» دەپ زارلىنىپ كـېـتەتتىم. لېكىن بۇنداق قىلماسلىققا ھېچبىر ئىلاجىم يوق ئـىـدى. چۈنكى مەن پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدىم. پۇل بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن باغلاردا، ئورمانلاردا سەيلە قىلالمايتتىم، بـىـرگـە بـولالـمـايـتـتـىـم، ھـەتـتا ئاشپۇزۇلغىمۇ يۈرەكلىك كىرەلمەيتتىم. قىسقىسى، ئۇنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول، ئىككى بـارمـىـقـىـمـنى بۇرنۇمغا تىقىپ بېرىشقا يۈزۈم چىدىمايتتى... قايسىبىر قېتىم پۇلى ئوغرىلانغىنى ئۈچۈن، خۇددى بالىسىدىن ئايرىلغان نار تۆگىدەك بوزلىنىپ يىغلاپ كەتكەن بىر سەھرالىق ئـايـالـنـى كۆرۈپ، چىدىيالماي ئوغرىلانغان قاپچۇقنى ئۇنىڭغا قايـتۇرۇپ بېرىۋەتتىم. مەن تاكى مۇشۇ كەمگىچە چوڭلارنىڭ يـىغىسىنىڭ بۇنچە مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ياق، كۆرگەن، پەقەت قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى بولغاندىلا كۆرگەنمەن. دىمەك، پۇل ئادەملەرگە ئەنە شۇنداق قەدىرلىك!

تەلەي، ئامەت دېگەن قىمارۋازنىڭ قولىدىكى ئوشۇققا ئوخشايدىكەن. ئۇ بەزىدە ئالچۇ چۈشسە، بەزىدە تاككا چۈشىدىكەن، مانا بەختكە قارشى ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، تۈرمىدە ئون بەش كۈن يېتىپ چىقتىم. بۇ جەرياندا قەدىرىيەنىڭ ئالىيجاناب سىيماسى كۆز ئالدىمدىن بىر دەقىقىمۇ نېرى بولمىدى. ھەر دائىم كۆزۈمنى يۇمساملا ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرەتتىم. ئارقىدىنلا ئۇنىڭدىكى خۇشال تەبەسسۇم ئاستا ـ ئاستا سۇسلاپ ئورنىغا بىر خىل سوغۇق مۇڭ ئالمىشاتتى ـ دە، خۇددى ماڭا نەپرەتلىك قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ، شۈركۈنۈپ كېتەتتىم، چوڭقۇر ئويغا چۆمەتتىم. نېمە ئۈچۈندۇ، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئويلايدىغىنىممۇ باشقىچە كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى.

بەزىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تىزىمنى قۇچاقلىغانچە تۈرمە كامېرىنىڭ كىچىككىنە دېرىزىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقان نۇرغا قاراپ ئويغا چۆمەتتىم. قىزىق، ئەركىنلىككە، قەدىرىيەگە زار ـ زار ئىنتىلىپ سېسىق كامېردا مەن ياتسام، مۇنۇ قۇياش نۇرىنىڭ كىرىۋالغانلىقى بەئەينى ساراڭلىقمۇ؟ توۋا، ئادەم ئەمەس، جانسىزلارمۇ كۆرمىگەن نېمىسىنى كۆرگۈسى، يېمىگەن نەرسىنى يېگۈسى كېلەمدىغاندۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ يەرنىڭ نېمىسىنى كۆرگۈسى كەلگەندۇ؟ ياكى بۇ يەرنىڭ بەسەي شورپىسىغا سېزىك بولۇپ قالدىمۇ؟ ئەنە، دېمىدىممۇ ئۇمۇ بۇ يەردىن زېرىكىپ جاق تويدى، سېسىق كېكىرىپ يوقىلىپ كەتتىغۇ، يەنە ھەي!... ھەتتا ماۋۇ قۇياش نۇرىمۇ قىزىلكۆز ئوخشايدۇ. ئۇنداق قىلماي بۇ يەردە كۆرگىنىنى، يېگىنىنى ئاخىر چىدىماي سېسىق كېكىرىپ يوقىلىپ كەتكىنىنى باشقا ھەمراھلىرىمغا ئاگاھلاندۇرغان بولسا، بۇگۈنكىسى، ئەتىدىكىسى، ئوخشاشلا بۇ قىسمەتتىن خالىي بولار ئىدىغۇ؟!...

شۇنداق چىكىش خىياللار ئىلكىدە كامېردىكى تۇرمۇشۇمنى

ئاخىرلاشتۇرۇپ ھويلۇككە چىقتىم. راست، ئىلگىرى تۇرمىدە تالاي قېتىم «تۈنەپ» باققانمەن. ئەمما بۇ قېتىمقىدەك ئۈنچە خورلۇق ھېس قىلمىغانىدىم. شۇڭا تۇرمىدىن چىقىپلا ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە ئالدىراپ چاپتىم، «ھەي، قەدرىيە، مانا ئاڭلاپ تۇر، مەن ئەمدى ئادەم بولىمەن!...» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم.

ئۇلار دەرسكە چىقىپ كەتكەچكە بىرئاز ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. ھايال ئۆتمەي قوڭغۇراق چېلىنىپ بىنا ئىچىدىن توپ - توپ ئوقۇغۇچىلار سەلدەك يامراپ چىقتى.

— قەدرىيە!

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە يېنىدىكى قىزلارغا نېمىلەرنىدۇ . تاپىلاپ يېنىمغا كەلدى.

— نېمانچىلا يوقىلىپ كېتىسىز، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ؟

— كەچۈرۈڭ، تۇيۇقسىز كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەچكە خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

ئاھ جېنىم، مېنى كەچۈرگىن. سېنى داۋاملىق ئالداشنى نىيەت قىلدىم. ساڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ، چۈنكى سېنىڭ تاشلاپ كېتىشىڭدىن قورقىمەن.

— جۇدەپ كېتىپسىز، ئارمان، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!

— ھە... ماقۇل...، — مەن ھەلقۇمۇمغا تۇرۇپ قالغان قانداقتۇ بىر نەرسىنى كۈچەپ يۇتتۇم، — يۈ... يۈرۈڭ، قەدرىيە، چۈش بولۇپ قاپتۇ، سىرتقا چىقايلى.

ئۇ كىتاب - دەپتەرلىرىنى كۆكسىگە بېسىپ تۇتقىنىچە جىمجىت ماڭماقتا. چىرايى سولغۇن، ئاۋۋالقى تېتىكلىك، شوخلۇقىدىن ئەسەرمۇ يوق. ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى پات - پات كۆتۈرۈپ، ئېغىر خۇرسىنىپ قويىدۇ. ئون بەش كۈندىن بېرى بىرەر ۋاخ ئىسسىق باسقۇدەك تاماق يېمەي ئېچىرقاپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن. تاكى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، ئۈستىدىن مەززىلىك بۇس ئۆرلەپ

تۇرغان ئىككى تەخسە لەڭمەن ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلگەندىلا ئەندىكىپ كەتتىم.

— نېمە... نېمە بولدىڭىز، قەدرىيە، تاۋىڭىز يوقمۇ؟

خۇددى مېنىڭ شۇنداق دېيىشىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇ مىسىلداپ يىغلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۈرلۈك - تۈمەن شۇم خىياللار ئىسكەنجىسىدە مېڭەمدىن تۈتۈن ئۆرلەپ كەتتى.

— ئېيتىڭە زادى نېمە بولدى سىزگە؟

— ھېچ... ھېچنېمە...

— ئەمىسە، نېمىشقا يىغلايسىز جېنىم؟

ئاۋازىم ئۈنلۈك چىقىپ كەتكەن چېغى، ئىشىك تۈۋىدە قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ، يىراقلارغا قاراۋاتقان پور خوجايىن بىزگە لەپپىدە قاراپ قويدى. ئاشپۇزۇلدا ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، بىر خىل بوشلۇقتىن چۆلدەرەپ تۇراتتى.

— ئارمان، — ئۇ خېلىدىن كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ كۆزۈمگە قارىدى، — ئېيتىڭە، سىز مېنى راستتىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئۇھ، — دەۋەتتىم تېخىمۇ تىتىلداپ، — ماڭا ھېلىغىچە ئىشەنمەمسىز؟

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن!...، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۈلكە جىلمايدى.

— ئەمىسە نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟

— قاراڭ، ئارمان. ئۆتكەندە يۇرتتىن بىر تۇغقان قىز كەپتىكەن، — دېدى ئۇ نازۇك بارماقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم، بېرىپ ئاتا - ئانامغا دەپ قويۇپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇلاردىن بىر پارچە خەت كەلدى. خېتىدە مېنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا يۇرتقا قايتىشىمنى، ھازىرچە ئۇنداق ئىشلارغا ئالدىرىماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. سىزگە ئايان، ئۇلار ماڭا شەھەر باشلىقىنىڭ ئوغلىنى پەش قىلىپ

يۇرەتتى. مەن جاۋاب خەت سىلىۋەتكەنىدىم. تېخى تۇنۇگۇنلا ئۇلاردىن تېلېفون كەپتۇ. تېلېفوننى ئاڭلاۋېتىپ تازا يىغلىدىم. ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك يىغلاپ يالۋۇردۇم. ئۇلار ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر: «يۇرتقا قايتمىساڭ ئۇياقتىكى خىزمەت ئورنۇڭنى ئۆزۈڭ تاپ، قېنى، بىزدىن ئەزىز كۆرگەن يىگىتىڭنىڭ قولىدىن زادى قانچىلىك ئىش كېلىدۇ. كۆرەيلى…!» دەپ گەپنى چورتلا كېسىۋەتتى…

يەلكەمدىن ئېغىر بىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىككىنە تىنىۋەتتىم. بابا، مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ تازىمۇ ئەنسىرىگەنىدىم. خۇداغا مىڭ شۈكرى، بىلمەپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كۆڭلۈمنى باشقىچە غەش قىلىپ قويدى.

— ھەي ئارمان، سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن. مېنى بۇ يەردە ئېلىپ قالالامسىز؟

دىرىڭگىمدە چۆچۈپ كەتتىم. چېكەمدىن سوغۇق تەر يۈزغىدى. ئاھ خۇدا، نېمە دەيدىغاندۇ بۇ قىز، ئۆزۈمگە يوق خىزمەتنى ئۇنىڭغا نەدىن تاپاي؟!…

شۇ يوسۇندا تاماقنى قانداق يېدىم، بۇنى ھېچبىر ئىلغا قىلالمايمەن. خۇددى قاتتىق سىلكىنىشتە مېڭىسى تەۋرەپ كەتكەن ئادەمدەك گاڭگىراپلا قاپتىمەن. تاكى پۇلنى تۆلەپ ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كېتىشكە توغرا كەلگەندىلا، يانچۇقۇمدا تىيىننىڭ سۇنۇقى يوقلۇقى بىردىنلا يادىمغا كەلدى. ھېلىمۇ ياخشى، قەدرىيە يېنىغا پۇل سېلىۋاپتىكەن، بولدى دېگەنگە ئۇنىماي تاماق پۇلىنى تۆلىۋەتتى. نومۇستىن خۇددى بېشىم بىلەن يەرنى دەسسىگەندەك ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كەتتىم…

— ھوي ئارمان، ئېرى ئۆلۈپ قالغان خوتۇندەك شۈمشىيىپ قاپسەنغۇ؟!…

ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن قىيقاس - چۇقاندىن مەڭدەرەپ

كەتتىم. قارسام بىلىيارتخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىمەن. بىر قانچە ھەمراھلىرىم مېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈۋېتىپتۇ. ئالمان ـ تالمان ئەتراپىمغا قارىدىم. خۇداغا شۈكرى، يېنىمدا قەدرىيە كۆرۈنمەيتتى. مانا شۇندىلا ئۇنى تېخى يىغىلىشقا يېتىپ كېلەلمىگىنىمنى بىلدىم. قويغىنىمنى دەررۇ ئەسكە ئالدىم.

— سولاقتىن قاچان چىقتىڭ، ئاغىنە، چاقىرمىساق قارايدىغان كۆزۈڭ يوق ـ ھە، سېنىڭ؟

— بۈگۈن ئەتىگەن چىقتىم، — دېدىم ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ.

— ئاڭلىساق بىر سەتەڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپسەن. قانداق، ئىسسىقى ئۆتۈپ قالغاندۇ ـ ھە؟

— شۇنداق ئەرزان پۇللۇق قىز بولسا بىزگىمۇ تونۇشتۇرۇپ قويساڭ، بىللە ئوينىساق!...

— ......

غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. نېمىدەپ ئىغىزىڭغا كەلگەنچە جۆيلۈشىسەن گۈيلار، دەپ ئۇدۇل كەلگەن بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا مۇشت بىلەن نەچچىنى سالغۇم كېلىپ كەتتى، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. مانا شۇندىلا ئۆزۈم تالاي يۈرگەن بۇ يەر، ئالا ـ بۇلىماچ ئېلانلار بىلەن تولغان پۇچۇق تام ۋە چاقچاق قىلدىم دەپ ھەرەڭ ـ سەرەڭ بىلجىرلاۋاتقان ئالدىمدىكى مۇنۇ ھەمراھلىرىم، كۆزۈمگە تۇنجى نۆۋەت تولىمۇ سەت، بەتبەشىرە كۆرۈنۈپ كەتتى...

كۈنلەر گويا ھارۋىغا بېسىلغان ئىغىر يۈك ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان ھارۋىكەشنىڭ «چۇھ، چۇھ» لىشى بىلەن، زورۇقۇپ قەدەم ئېلىۋاتقان ئېشەكنىڭ يۈرۈشىدە قىينىلىپ ئۆتمەكتە. مانا قۇرۇلۇشتا كۆتۈرمىچى، ئاشپۇزۇلدا يۈندىپۇرۇش بولۇپ ئىشلەپ يۈرگىنىمگە خېلى بولدى. ئالەمچە خورلۇق، يەكلەشلەرگە چىشىمنى چىشلەپ بەرداشلىق بەرمەكتىمەن. ھەر

دائىم ھېرىپ - ئېچىپ «ئۇھ» دېگۈچىلىكىم قالمىغاندا، بىراۋلارنىڭ ئاھانىتى ئېغىر كېلىپ مۇشتۇم تۈرۈلگەندە قەدرىيە كۆز ئالدىمغا كەلسىلا ھەممە بىراقلا يوقىلىپ، باشقىچە روھلىنىپ قالىمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى تاشلىنىۋەتكەن قەلەمنى قولۇمغا قايتا ئېلىپ، قەدرىيەگە، سادىغاڭ كېتەي جانىجان سۆيگىنىم قەدرىيەگە ئاشكارىلاش مۇمكىن بولمىغان بارچە دەرد - ھەسرىتىمنى كۆز ياشلىرىم بىلەن يۇغۇرۇپ، قەغەز بېتىگە ئۈنچىدەك تىزىشنى باشلىۋەتتىم (ئىلاھىم ماڭا بۇ خاتىرىنى يېزىپ تۈگىتىشنى نېسىپ قىلغايسەن!).

ئەمما، تۇرمۇشۇم غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، قەدرىيەنىڭ قېشىغا بارسام ئىمكانقەدەر پۇلدىن ئۆكسۈپ قالماسلىقا تىرىشىمەن. كىيىنىشىم يەنىلا پۇزۇر، گەپ - سۆزۈم جايىدا. خۇددى قايسىبىر ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيدەك گەدىيىپ يۈرىمەن. بۇنداق چاغلاردا ئاشپۇزۇلدا، قورۇلۇش ئورۇنلىرىدا قاپىقى تۈك خوجايىنىنىڭ تىللاپ - دۆشكەلىشى بىلەن مەينەتچىلىككە پېتىپ، خۇددى بابكارنىڭ موكىسىدەك تىنىمسىز يۇرغىلاپ يۈرگەن بايقۇش ئارماننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا ئىختىيارسىز ئاچچىق كۈلۈپ كېتىمەن.

كېيىن شەھەرلىك چىيۇن زاۋۇتىغا ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ كىردىم. مائاشنى كۆپرەك ئالارمەن دېگەن ئويدا كېچىلىك قاراۋۇللۇقنى تەلەپ قىلىپ ئۈستۈمگە ئالدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەر ئىشتىن قايتقاچ ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە يولۇقۇپ ئۆتىدىغان بولدۇم. كەچ كۈز پەسلى ئىدى. باغلار سارغىيىپ، دەرەخلەر قاغجىرىغانىدى. ئۇ دائىم كىتاب كۆرىدىغان ھېلىقى گۈللۈككە قانچە قاراپمۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇنداق كۆرۈنۈش ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. ئاخىر چىدىماي ئۇنىڭغا

تۇنجى قېتىم قاتتىق تەگدىم: «ئۆزىڭىزنى بۇنداق تاشلىۋەتمەڭ، قەدرىيە، بولمىسا مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ قويىسىز... مېنى دېسىڭىز، مۇھەببىتىڭىزنى قەدرلىسىڭىز جەزمەن ياخشى ئوقۇپ، ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىشىڭىز كېرەك. مەن... مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭ، سىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن!...» دۇرۇس، مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئالدىغانلىقىمنى ئاز دەپ ئەمدى ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويماسلىقىم كېرەك. ئۇنىڭغا ۋىجدانىم ھەرگىز يول قويمايدۇ. چۈنكى، مۇھەببىتى ھەقىقىي بولغان كىشىلا ئۆز سۆيگىنىگە چىن دىلىدىن بەخت تىلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە ھەر كۈنى تاڭ سەھەر سىرتقا چىقىپ كىتاب كۆرىدىغان بولدى. بىچارە قىزنىڭ سوغۇقتىن دىرىلدىگىنىچە مۈزلاپ كەتكەن قولىنى نۆۋەت بىلەن ھورداپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ھالىتىنى ھەربىر كۆرسەم يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى باغرىمغا باسقۇم، قايناق نەپسىم بىلەن قوللىرىنى ئىللىتقۇم كېلىپ كېتىدۇ.

مانا، قىشلىق كانىكول يېقىنلاپ قەدرىيە ئۆيىگە كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپ ئىچىدىلا خوشلاشتىم. ئەسلىي بېكەتكىچە ئۇزىتىپ بارماقچىدىم. لېكىن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنداق قىلالمىدىم. چۈنكى شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغىنىمنى تونۇش - بىلىشلەر كۆرۈپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك قېچىپ - مۆكۈنۈپ خورلۇق تارتىۋاتقانىدىم. ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىۋېتىپ كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئالدى، بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدىم. ئېھ خۇدا، مەن ئۆز سۆيگىنىمنى ئۇزىتىپ قويۇشتىن مەھرۇم بولغان ئادەممۇ؟!...

شۇ كۈنى، ئۇلار سەپەرگە ماڭغان شۇ كۈنى، ئۇنىڭغا

تـۆيـدۆرماي بېكەتكە چىقتىم. قاتناش ھويلىسى ئادەم قاينىمى
خۇددى جەڭگاھ ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلگەن شاۋقۇن - سۈرەندەك
قىيا - چىيا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان
يـەرگـىچـە ئـاڭـلـىـنىپ تۇراتتى. مېنىڭ كۆزلىرىم ئادەملەر
ئارىسىدىن ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي تېلىقىپ تۇرغاندا، ئۇ بىرقانچە
ياتاقداشلىرى بىلەن چوڭ يول تەرەپتىن ئەگىلىپلا چىقىپ كەلدى.
يوللار مۇزئىدى. سەللا پەخەس بولمىسا يىقىلىپ كېتىش خەۋپى
بار ئىدى. نەق مەن ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى.
ئـېـغـىـر سومكىلارنى قىينىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قەدرىيە
تۇيۇقسىز تېيىلىپ، يەرگە «گۈپ» لا قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى.
مېنىڭ يۈرىكىممۇ «قارت» لا قىلىپ قالدى. يوشۇرۇنۇپ تۇرغان
يېرىمدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنى يۆلەي دەپ تۇراتتىم، كۆزۈم
ئىختىيـارسىز دوقمـۇشتا ئەلەڭلـەپ يۈرگـەن بىر كۆلـەڭگىگە
چۈشتى - دە، بۇ نىيىتىمدىن شۇئان يالتايدىم. چۈنكى بۇ كۆلەڭگە
بېكەتتىكى مۇنۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ بىرەرنى ئوڭدا
قويۇشنى پايلاپ يۈرگەن ئىلگىرىكى ئۈلپىتىم ئىدى. مېنى ئوبدان
تونۇيتتى... ئاڭغىچە قاتناش ھويلىسى ئىچىدىن بىرقانچە ئوغۇل
ئوقۇغۇچى چىقىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئېغىر سومكىلارنى
كۆتۈرۈپ، ئـاپتوبـۇسقا سـالدى. مـەن ئۇلارنىڭ ھـەرىكىتىگە
بـاشتىـن - ئايـاغ سەپسېلـىـپ قاراپ تـۇردۇم. ھايال ئۆتمەي
ئاپتوبۇس ئورنىدىن قوزغالدى. ئۆزۈمگە يۈرىكىم خۇددى ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كېتىپ قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى.
— خوش، خەير خوش، سۆيۈملۈكۈم، — دېدىم بارغانچە
ئـۇزاپ كـېـتـىـۋاتـقـان ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىمنى
پۇلاڭـلـىـتىپ ئىككى تامچە ياش چاناقـلىـرىـمدىـن سىرغىـپ
چىـقـتى، — سەن ياردەمگە موھتاج بولغان ھالقىلىق پەيتتە

يۈگۈرۈپ چىقىپ ياردەم قىلالمىغان بىتەلەي ئارمانىڭنى كەچۈر!...

※ ※

كانىكۇل ئاياغلىشىپ، ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئارىدا ئۇنىڭ يوللىرىغا قاراپ، كۆزلىرىم تېشىلەي دەپ قالدى.

شۇ يىلى روزا ھېيت بالدۇرلار كەلدى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم روزا تۇتتۇم. ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى نامازدىن قايتىپ ئۇدۇل ئۇلارنىڭ مەكتەپكە باردىم. ئەسلى مەن چەكسىز قارامىلىق بىلەن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ بارماقچى، ئاتا ـ ئانامغا تونۇشتۇرماقچى، ئاندىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن يىغلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈپ سورىماقچىدىم. لېكىن ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ باشقا بىر دوستىنى چىقاردى.

— يوق! — دەۋەتتى ئىلگىرىكى مۇلايىم، خۇش چاقچاق بۇ قىز كۈتمىگەن توڭلۇق بىلەن، — يوق دېگەندىكىن يوق! نېمانداق بەز نېمە بۇ؟ بۇ يەرگە خاتا كېلىپ قاپسىز. ئاۋۇ تۈرمىنىڭ كامېرىغا بېرىڭ، شۇ يەردە سىزنى قەدرىيەدىن ئوبدانراق ساقچىلار كۈتۈپ تۇرىدۇ!...

ھايا ـ نومۇس دەستىدىن مېڭەمگە تازىمۇ قاتتىق كالتەك تەگكەندەك كۆز ئالدىم بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. گەرچە شۇنداق كۈنىنىڭ ئاخىر يېتىپ كېلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئەمما كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن نادامەت ياشلىرىنى زادىلا توختىتالمىدىم. ئەمدى ھەممە ئىش تۈگەشتى. ئۇنى ئىككىنچىلەپ ئىزدەپ كېلەلمەيدىغان بولدۇم. مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمدىن ئەڭ بەختسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم:
ئاھ، خۇدا!... مۇھەببەتنىڭ ئالتۇن ئوقياسىنى يۈرىكىمگە ئۆزۈڭ ئېتىپ، يەنە ئۆزۈڭ مېنىڭدىن مەھرۇم قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ياكى

سىڭدەك بىر جەمئىيەتتە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرگەن ئەرزىمەس ئادەمگە ئالتۇن ئوقيا زايە كېتىدۇ دېدىڭمۇ؟ !...

لېكىن ئۇ بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىپ قالدى، دېگەن سوئالغا تاكى هازىرغىچە جاۋاب تاپالمىدىم. ئېھتىمال قايسىبىر شۇم نىيەت چېقىپ قويغاندۇ ياكى بولمىسا قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاتائالا راستىنلا ئۇنىڭدەك بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى مېنىڭدەك يارامسىز بىرىگە زايە كەتمىسۇن دەپ ئەتەي چۈشىگە ئايان قىلغاندۇ...

ئويلاپ باقسام هاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك مىنۇتلار بىلەن ئەڭ ئازابلىق چاغلارنىڭ هەممىسى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ئاشۇ كۈندىن تارتىپ ئايرىلغۇچە بولغان مۇشۇ ئارىلىقتا ئۆتۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئىككىنچىلەپ ئۇچرىتالمىدىم.

ياق، شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنى كوچىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەت تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالدىم. شۇ چاغدا مەن ئادەملەر ئېقىمى ئىچىدە خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم. قولۇمدا تاماكا، گويا ئىچىمدىكى بارچە دەرد - هەسرىتىمنى بىراقلا پۈركۈپ چىقارماقچى بولغاندەك تاماكا ئىسىنى ئىچىمگە كۈچەپ سۈمۈرۈپ، يەنە شۇنداق كۈچەپ پۈركۈپ چىقىراتتىم. ئاڭغىچە بىر ئاپتوبۇس ئېغىر چايقىلىپ يېنىمدىن سۈركىلىپ ئۆتتى - دە، بېكەتتە توختىدى. تۇيۇقسىز غايىبتىن «قارا» دېگەن بىر ىدا ئاڭلانغاندەك بولۇپ، يالتتىدە قارىسام، ئاپتوبۇستا قىستا - قىستاڭ ئادەملەر ئارىسىدا قىيىنىلىپ ئۆرە تۇرغان قەدرىيەگە كۆزۈم چۈشتى. يۈرىكىم «جىغ» لا قىلىپ قالدى. ئۆزۈممۇ سەزمەي قولۇمدىكى تاماكىنى يەرگە تاشلىۋەتتىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ تاماكا چېكىشىمنى ياقتۇرمايتتى... بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇچىسىغا بولسا هېلىقى كۈنى يېگىدە قان ئارىلاش بارماق ئىزى قالغان رېشلىيە گۈللۈك ئاق كوپتىسىنى

كىيىۋالغانىدى. ساھىلغا ئۆرۈلگان دولقۇن كەبى ئاچچىق بىر سېزىم يۈرىكىمگە شىددەت بىلەن ئۆرۈلدى. شۇ ئەسنادا ئۇ بىردىن ئەندىكىپ ئىپسىگە كەلگەندەك، ئىشىك تەرەپكە جان - جەھلى بىلەن تاشلاندى. ئەمما قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى بۇ تىركىشىشتە، ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقان ئادەملەر توپى ئۇستۇن كېلىپ ئۇنى بارغانچە ئىتتىرىپ ئىچكىرى كىرگۈزۈۋەتتى. ئىشىك جالاققىدە يېپىلدى. پۈتۈن ئەزايىم سىلكىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئاپتوبۇس ئېغىر چايقىلىپ ئورنىدىن قوزغالدى ۋە ئارقىسىدىن كۆكۈچ ئىس چىقىرىپ يىراقلاپ كەتتى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ يان دېرىزىسىدىن ماڭا قاراپ ئەسەبىيلەرچە قول پۇلاڭلاتتى. نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يۇم - يۇم يىغلىۋەتتىم.

كېيىن ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە — ئۇ دائىم كىتاب كۆرىدىغان ھېلىقى گۈللۈككە بىرقانچە قېتىم باردىم (ئۇ ئالدىراپ ئۇقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا كېتىپ قالغانىدى). مەن بۇ يەرگە نېمىنى دەپ، نېمىنى ئىزدەپ كەلگىنىمنى بىلمەيتتىم. ئىشقىلىپ كۆزلىرىم تولىمۇ قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك ئەتراپقا مۆلدۈرلەپ تەلمۈرەتتى، يۈرىكىممۇ نېمىگىدۇ تەلپۈنەتتى. بەزىدە ئاشۇ گۈللۈك ئەتراپىدا ناتونۇش قىزلارنىڭ بېرىلىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، قەدرىيەنى ئىختىيارسىز ئەسكە ئالاتتىم. يەنە بەزىدە گۈللۈك ئەتراپى ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا، مەن ئۇنى تۇنجى ئۇچراتقان ھېلىقى ئەتىگەن، قىزىل شەپەق، شەپەق ئاستىدا بېرىلىپ كىتاب كۆرۈۋاتقان گۈزەل قىز، ئۆزۈمنىڭ باغچىدا ئايلىنىپ يۈرۈشۈم، كۆلكىلىك قىياپىتىم، قەدرىيەنىڭ ماڭا قارىغىنىچە پىخىلداپ كۈلۈشلىرى... كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ تىزىلىپ ئۆتەتتى.

ئـانـدىـن بـاغـچـىدىكى ھەربىر تال گۈل ـ گىياھنى كۆزۈمگە سۈرەتتىم. تۇپراقنى سىقىمداپ قانغۇچە يىغلايتتىم...

※ ※

خاتىرە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. دەرۋەقە رەھمەتلىككە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە بولغان ئىشلارنى يېزىپ قويۇش راستتىنلا نېسىپ بولمىغانىدى.

ھېلىقى كۈنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قىز، ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە مۇنداق دەپ ھېكايە قىلدى:

— شـۇ كـۈنى مېھمانغا بېرىپ بەك كەچ قالدىم. ئۆيگە قـايـتـمىسـام بـولـمايتتى. ئاپاملار ئەنسىرەپ قالاتتى، شۇڭا دوسـتـۇمنىڭ ھەرقانچە تۇتۇۋېلىشلىرىغا قارىماي ئۆزۈم يالغۇز ئۆيـگـە ماڭدىم. چويۇن زاۋۇتىنىڭ بىقىنىدىكى خالتا كوچىغا كەلگەندە يۈرىكىم بىردىنلا قاتتىق سىلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئـۆزۈمـنـى زورىغـا بـېـسـۋېـلىپ مېڭىۋەردىم، ئۇشتۇمتۇت قـاراڭـغـۇلـۇق ئىچىدىن بىرقانچە قارا گەۋدە شارتتىدە چىقىپ يـولـۇمنى توسۇۋالدى. «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!...» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇلارنىڭ بىرى گېلىمنى قىسىپ تۇتۇۋالدى. يەنە بىرى ئۇستۇمدىكى كىيىملەرگە ئېسىلدى. بار كۈچۈمنى يىغىپ تىركەشتىم. ۋارقىراشقا ئىنتىلدىم... ئەنە شۇ چاغدا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا يەنە بىر قارا گەۋدە پەيدا بولۇپ بۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ مېنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن ياخشى نىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ لۈكچەكلەرگە قەھرى بىلەن تاشلاندى. قاراس ـ قۇرس قىلىنغان ئاۋازدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالمىدىم. قورقۇپ كەتكىنىمدىن ۋارقىراپ ئـادەم چـاقىرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تۇيۇقسىز قارا گەۋدە «ئـىـھ!...» دەپلا ئازابلىق ئىڭراپ يەرگە يىقىلدى. قالغانلار

ئۆرتۆپە بولۇشۇپ قېچىپ كەتتى. مانا شۇندىلا لۈكچەكلەرنىڭ ئۇنىڭغا پىچاق سېلىۋېتىپ قېچىپ كەتكىنىنى بىلدىم. يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپىمنى سىلىدىم. دەسلەپ قولۇمغا تۈگۈلۈپ ياتقان بىر ئادەمنىڭ گەۋدىسى، ئارقىدىنلا ئىسسىق، ئەمما سۈيۈق بىر نەرسە ئۇرۇلدى. «قان!...» دەپلا ۋارقىرىۋەتتىم. ئاڭغىچە ئادەملەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئەكېتىشتى. ئەتىسى بىلسەم، مېنى لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالغان كېچىدىكى قارا گەۋدە ياش بىر يىگىت ئىكەن... ھەئە. مەن ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇم. ئەمدى بۇ قەرزنى ئۆلسەممۇ تۆلىيەلمەيمەن... شورۇم قۇرۇغۇرەي. بۇنداق بولارنى بىلسەم دوستۇمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماسمىدىم!...

شۇ كۈنى مەن يەنە شەھەر سىرتىغا جايلاشقان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا باردىم. دەرۋەقە قەدرىيە بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا كېتىپ قالغانىكەن. مېنى ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ياتاقدىشى ھازىر مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چىرايلىق بىر قىز كۈتۈۋالدى.

— ئۇ كەتتى، يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — ئەسلى مەكتەپ ئۇنىمۇ ئېلىپ قالماقچىدى. لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى. بولمىسا دەرستە ھەممىمىزدىن ياخشى ئىدى. ئارمان بىلەن ئايرىلىپ كېتىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. چۈنكى ئۇ ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى. «ئارمان، ئارمان» دەپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى... ئالدىنقى كۈنى، رەھمەتلىكنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا مەنمۇ قاتناشتىم. مەكتەپكە كېلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا سۆزلەپ بەردىم. سۆزلەۋېتىپ ئۆزۈممۇ يىغلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئوقۇغۇچىلىرىممۇ مىچىلداپ يىغلاۋېتىپتۇ. ئاشۇ كۈنى ئاشۇ سائەت مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ

ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن بىر سائەتلىك دەرسىم بولۇپ قالدى! ... نېمە دېسەم بولاركىن؟ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىسەم ۋىجدانىم ھېلىمۇ ئازابلىنىدۇ. بىر كۈنى قەدرىيە ئۆزى يالغۇز بازارغا چىقىپ كېتىپ سەل كەچرەك قايتىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، خۇددى ناۋات يەپ دىلى يايراپ كەتكەن بالىلاردەك غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى. ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. لېكىن ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى زادىلا ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاجايىپ بىر كۆڭۈللۈك ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى جەزم قىلدۇق. دەرۋەقە ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ناتونۇش بىر يىگىت ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى، ھەرىكەتلىرىدىن بىر خىل سىپايىلىك چىقىپ تۇراتتى. شۇغىنىسى كالپۇكى جاراھەتلىنىپ قاپتۇ، بىر چىشى يوق ئىكەن. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قەدرىيە چوڭقۇر ئىچ كۆيەرلىك بىلەن: «ئۇنىڭ ئىسمى ئارمان. ئۆزى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ھازىر بىر ئىلمىي ماقالە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا، — ئۇنىڭ كالپۇكى ئاشۇ كۈنى يارىلىنىپ قالغان...» دەپ قوشۇپ قويدى. بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدۇق، چاقچاق قىلىپ ئۇنى تېرىكتۈردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پات ـ پات قەدرىيەنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى. بىر كۈنى كەچتە قەدرىيە ياتاققا خېلى كەچ قايتىپ كىردى. ئۇ ھاياجاندىن جىددىي ـ جىددىي نەپەس ئالاتتى ۋە تولىمۇ ئۆيلىنىپ تۇرۇپ ئارماننىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. «ئەمىسە سەن نېمە دېدىڭ ئەخمەق؟» دەپ تۇشمۇتۇشتىن سوراشتۇق. ئۇ: «ماقۇل بولدۇم» دېگەندەك بېشىنى بوشقىنە لىڭشىتتى، يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. ھەممىمىز تەڭلا «ۋەيت! ...» دەپ كۈلۈۋەتتۇق. ئۇلارغا چىن دىلىمىزدىن بەخت تىلىدۇق.

شۇ يىلى قىشلىق كانىكول ئاياغلىشىپ مەكتەپكە قايتىپ

كەلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپتە: «قەدرىيە جەمئىيەتتىكى بىر يانچۇقچى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ» دېگەندەك مىش - مىش گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. دەسلەپ بىز قايسىبىرلىرىنىڭ كۆرەلمەي تېپىۋالغان گېپى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئانچە ئېرەن قىلمىدۇق. «ۋاي ئاداش، خەقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەرسەڭ، دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي قايتۇرۇپ كېلىدۇ سېنى...» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردۇق. بىر كۈنى — ئېسىمدە قېلىشىچە روزا ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى، كەچتە بىز سىنىپتا تەكرار قىلىپ ئولتۇراتتۇق. قوشنا سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئىككى ئوغۇل سىنىپىمىزغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. بىز ئەندىكىپ كەتتۇق. بايا سىزگە دېگىنىمدەك قەدرىيە مەكتىپىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق، كېلىشكەن قىز ئىدى. ئوغۇللارنىڭ تولىسى ئۇنىڭغا كۆز سېلىپ يۈرەتتى، لېكىن ھېچقايسىسى قولغا كەلتۈرەلمەي ھەسرەت چېكەتتى... بۈگۈن ئۇلار يەنە قەدرىيەنى نىشانلاپ كىرگەندەك قىلاتتى. ئىككىسى چاقچاق قىلدىم دەپ بارغانچە ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. قەدرىيە ئۇلارنى قاتتىق سىلكىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىرى يېنىدىكى ھەمراھىغا دارىتىملىتىپ:

— ۋاھ، قانچىلىك نېمىتىڭگوي سەن، ئوغرى - يانچۇقچى بىلەن ئارىلاشتىم دەپ ئەجەب يوغىناپ كېتىپسەنا؟...، — دېدى.

— نېمە، نېمە دەيسەن؟ — قەدرىيە ئۇلارغا غەزەپلىك قارىدى، — گېپىڭ بولسا ئوچۇق دە!...

ئۇنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈدىمۇ قانداق، ئۇلار بىر دەقىقە گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.

— بىز... شۇ...، — دېدى ئارىدىن بىرى تىلىنى چايناپ، — سىزنى ئاشۇ ئارمان دېگەن يانچۇقچىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ...

— ھىم، ئۇنى يانچۇقچى دەيدىغان نېمە ئاساسىڭ بار؟

— ئاساس، — دېدى ئىككىنچى يىگىت زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئاساس دېگەن نېمە ئۇ، ئارمان دېگەن نېمىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇ دېگەن ئۇچىغا چىققان يانچۇقچى! ··· بۇنىڭغا ئىسپات كېرەكما؟ تۈنۈگۈن ئىككىڭلار باغچىغا بارىدىڭلار، ھېلىقى بۇلۇڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇڭلار، ئاندىن··· ئاندىن···

ئۇ بۇ سۆزلەرنى خۇددى باشقىلار ئاڭلىسۇن دېگەندەك باشقىچە بىر ئىنتوناتسىيىدە جاراڭلىق ئېيتتى. ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن ئاجىزلىق قىلمايدىغان قەدرىيە، بىزگە لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىز ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدۇق.

ئەتىسى ئارمان ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. بىز قەدرىيەگە: «سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىل، قېنى بىز ئۇنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ باقايلى، ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنى راست بولسا، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. بولمىسا كۈلىدۇ···» دەپ مەسلىھەت بەردۇق. راستىنى دېسەم شۇنچە ياخشى، ئەخلاقلىق بىر يىگىتنىڭ يانچۇقچى ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. شۇڭا قىزلارغا ۋاكالىتەن ئۇنىڭ ئالدىغا مەن چىقتىم. كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇنىڭ چىرايى راستتىنلا تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، ئارقىدىنلا خۇددى ئېغىر يارىلىنىپ قالغان ئادەمدەك دەلدەڭلىگىنىچە لام ـ جىم دېمەي كېتىپ قالدى···

شۇنىڭدىن باشلاپ قەدرىيەنىڭ كۆزىدىن ياش زادىلا قۇرۇمىدى. ئۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئازابلىق تولغىناتتى، كېچىلىرى «ئارمان! ···» دەپ جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئەنە شۇندىلا بىز ئۇنىڭ ئارماننى نەقەدەر ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا ئىشەندۇق··· ئارمان شۇ كەتكىنىچە قەدرىيەنى ئىككىنچى ئىزدەپ كەلمىدى. كېيىن مەن ئۇنى بوستان كىنوخانىسى ئالدىدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان ھالەتتە بىرقانچە

نۆۋەت ئۆچرىتىپ قالدىم. شۇ چاغدا قەدرىيەنىڭ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدىم. نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئېھتىمال ئۇنىڭغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىمدىن ھوشۇمنى يوقىتىپ شۇنداق قىلغاندىمەن. ئېھتىمال دوستۇمنى — قەدرىيەنى ئاسرىغاندىمەن، ئىشقىلىپ مەن ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىققا يول قويدۇم. ھەش - پەش دېگۈچە مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان بولۇپ قالدۇق. بىر كۈنى چۈشتە قەدرىيە ياتاققا يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ بىزگە ئارماننى كوچىدا تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالغىنىنى، كۆرۈشەي دېگۈچە ئاپتوبۇسنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكىنىنى، كېينكى بېكەتتە چۈشۈپ قېلىپ ئارقىغا قايتىپ بارغىنىدا ئۇنىڭ كېتىپ قالغىنىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ يۈرىكىگە مىخلانغاندەك ئالدىدا: «ئەگەر ئۇنى ئۇچرىتىپ قالساڭ ئېيتىپ قويغىن، مەن ئۇنى ئىلگىرى سۆيگەن، ھازىرمۇ سۆيىمەن، مەڭگۈ سۆيىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق بىر ئادەم مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭدەك چوڭقۇر ئورۇن ئالالمايدۇ! ...» دېدى. دەرۋەقە مەن ئۇنى راستتىنلا ئۇچرىتىپ قالدىم. لېكىن يەنە كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتىم، مانا ئەمدى قەدىرىدان دوستۇمنىڭ ئامانىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەلمەي قالغىنىمنى ئويلىسام، ۋىجدانىم قاتتىق ئازابلىنىدۇ! ...

ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن تارتمىسىدىن ئالبومنى ئېلىپ ماڭا بىر پارچە سۈرەتنى كۆرسەتتى.

— مانا مۇشۇ قىز، — دېدى ئۇ ئازابلىق ئاھاڭدا، — بۇ قەدرىيەنىڭ ئىنستىتۇتقا كەلگەن تۇنجى يىلى چۈشكەن سۈرىتى.

سۈرەتتە زىلۋا بىر قىز تاتلىققىنە كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ئارماننىڭ خاتىرىسىدە تەسۋىرلەنگەندەك تولىمۇ چىرايلىق

ئىدى. ھەرقانداق بىر يىگىتنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. ئۇنىڭ قاشلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، قاپقارا شەھلا كۆزلىرى چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايتتى. بۇرنى خۇددى بىرى چىمدىپ قويغاندەك يۇمران ھەم قىرلىق ئىدى. لەۋلىرى نېپىز، بۇدۇر چاچلىرى ئاي نۇرىنى توسۇپ تۇرغان بۇلۇتقا ئوخشايتتى، ئۇچىسىغا بولسا رېشلىيە گۈللۈك ئاق كوپتا كىيىۋالغانىدى. مەن بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان، بىلىكىدە قان ئارىلاش بارماق ئىزى قېپقالغان ھېلىقى كوپتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

— ھەئە، قەدرىيە بۇ كوپتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، — دېدى ئۇ گويا كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالغاندەك ئىزاھات بېرىپ، — قاراڭ ئۆزىگە نېمىدېگەن ياراشقان!

مەن سۈرەتتىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالدىم، بولۇپمۇ سۈرەتنىكى ئارقا كۆرۈنۈش دىققىتىمنى باشقىچە تارتىۋالدى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەستىن ياسالغان سامانيولىنىڭ ھەيۋەتلىك مودېلى ئىدى. خۇددى ھىلال ئايدەك ئەگىم، يانتۇ كەلگەن بۇ مودېلنىڭ بىر ئۇچى پەسكە، يەنە بىر ئۇچى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. مودېلنىڭ تۆۋىنىگە ئويۇلغان «بىلىم — كۈچ» دېگەن خەت كۆزگە سوس چېلىقىپ تۇراتتى. گەرچە بۇنىڭدىن باشقا ئالاھىدە مەنە ئىپادىلىمىسىمۇ، ماڭا خۇددى توقۇمىچى قىز بىلەن پادىچى يىگىت يىلدا بىر نۆۋەت مۆشۈ يولدا ئۇچرىشىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— بۇ بىزنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش خاتىرە سۈرىتىمىز، — دېدى ئۇ يەنە باشقا بىر سۈرەتنى كۆرسىتىپ.

دەرۋەقە بۇ بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خاتىرە سۈرىتى ئىدى. كۆزلىرىم سۈرەتتىن قەدرىيەنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئەنە ئۇ سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپتۇ. ئۇچىسىغا يەنە ھېلىقى رېشلىيە گۈللۈك ئاق كوپتىسىنى كىيىۋاپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، ئىلگىرىكى سۈرەتتىكى خۇش، تېتىك ھالەتتىن

نامۇ ئەسەر يوق، كۆزلىرىدە بىر خىل مۇڭ، ھەسرەت تۇمانلىرى قېتىپ قاپتۇ. دېمەك، خاتىرە سۈرەتكە مۇشۇنداق بىر قىياپەتتە چۈشۈشىنىڭ ئۆزى بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى…

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم، لېكىن يۈرىكىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشلىرى ھېلىغىچە بېسىقمايتتى. ھۆركىرەپ يىغلىغۇملا كېلىپ تۇراتتى. كاللامنى چىرمىۋالغان چۈشىنىكسىز سوئاللار بىردىنلا غايەت زور تاشقا ئايلىنىپ يەلكەمنى چىڭ بېسىۋالغاندەك ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئالاتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ يىراققا قارىدىم. چەكسىز ئۇپۇق، قىزىل شەپەق، پاتاي دەپ قالغان قۇياش، ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى خۇددى مەشۇت تالالىرىدەك يالتىراپ تۇراتتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن رەھمەتلىك دوستۇمنىڭ سىيماسىنى قايتا كۆرگەندەك بولدۇم، ئەمما ئۇنىڭ كۇلۇۋاتقان ياكى يىغلاۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى…

# ئالما قايتا چېچەكلىگەندە

ئۇنىڭ تويى كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، باغلاردىكى ئالما شاخلىرى قاغجىراپ، يوپۇرماقلار يەرگە غازاڭ بولۇپ تۆكۈلگەن چاغلاردا بولدى.

شۇ كۈنى، ئۇلار ئۇدۇل قوشنىسى ئاتىكەملەرنىڭ ئۆيىدە «ئولتۇردى». ئۇ ئاتىكەم بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلاردىن بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ خېلى يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۈرۈمچىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان، ئاتىكەم ئەكسىچە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، كېيىم تىكىش ئىشخانىسىغا كىرىۋالغانىدى. مانا ھازىر، ئۇنىڭ ئالتە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى تاماملاپ، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا توپتوغرا تۆت يىل بولدى. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا توي قىلىۋالغان ئاتىكەم ھازىر ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ۋە ئۇستا سەيپۇڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى مۇنۇ تويلۇق كىيىملەرمۇ دەل مۇشۇ ئاتىكەمنىڭ قولىدىن چىققان مەھسۇلات ئىدى.

بۈگۈنكى بۇ قىزلار ئولتۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلگەنىدى. بۇنى قىزلار ئولتۇرۇشى دېگەندىن كۆرە ئاياللار ئولتۇرۇشى دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللىبۇرۇن توي قىلىۋالغان بولۇپ، بەزىسى ئۈچ - تۆت ياشلىق بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، بەزىسى ئەمچەكتىكى بوۋىقىنى قۇچاقلاپ يېتىپ كېلىشكەنىدى. كىچىككىنە ئۆي ئىچى ئاياللارنىڭ پاراڭلىرىدىن كۆرە، بالىلارنىڭ

يىغا ـ زارى، قىيا ـ چىيا ئاۋازلىرى بىلەن لىق تولۇپ، بەئەينى يەكشەنبىلىك بازاردا بولىدىغان ئاجايىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قالايمىقان چۇۋالچاق بىر ھالەت شەكىللىنىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئۇ قولداش قىزنىڭ ئالدىدا بەكمۇ خىجىلچىلىق تارتىپ كەتتى. چىراي شەكلى قاملاشقان، گويا ھەشەمەتلىك ماگىزىنلارنىڭ ئەينەك پوكەيلىرىگە تىزىپ قويۇلغان قونچاقلىرىغا ئوخشايدىغان، كىيىنىشى پۈزۈر، ياسانچۇق بۇ قىز ئۇرۇمچىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى بۇ يىل پۈتتۈرۈپ ئۇلارنىڭ دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ھەر ئىككىسى بىر مەكتەپتە ئوقۇغاچقا، پىكىر ئورتاقلىقى بولغانلىقتىنمۇ ياكى قىزچاقنىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى، شوخ ـ تېتىك، مەردانە مىجەزى يېقىپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئارىدىكى ياش پەرقىنىڭ شۇنچە چوڭ بولۇشىغا قارىماي يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتە باشقا ـ باشقا ئىككى قۇتۇپقا تەۋە ئادەملەردىن ھېسابلىناتتى. قىزچاق شوخ، تېتىك، ئويۇنخۇمار بولسا، ئۇ ئەكسىچە كەم سۆز، جىمغۇر، ئادەملەر بىلەن ئانچە ئارىلاشمايتتى، يالغۇز ـ تەنھا يۈرۈشنى خالايتتى ھەم شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تۈزۈكرەك دوستلىرىمۇ يوق، ئاز كەم ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە توي قىلماي «قېرى قىز» ئاتىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇنىڭغا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ مەردانە ـ خۇشخۇيلۇقى، دادىل ـ قورقماسلىقى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن يېقىپ قالدى. چۈنكى مۇشۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا كەم ئىدى.

كەچ كۈز ئايلىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ھاۋا خېلىلا ئىسسىق، قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق ھارارىتىنى ھەر ھالدا يوقاتمىغانىدى. ئۆرە تۇرسا بېشى تورۇسقا تاقىشىپ قالىدىغاندەك بىلىنىدىغان پاكار تاملىق بۇ بىر ئېغىزلىق ئۆي ئادەملەرنىڭ قايناق نەپەس ـ تىنىقلىرى بىلەن لىق تولۇپ، چىدىغۇسىز

دەرىجىدە ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، تىقما - تىقما بولۇشقىنىچە ئۆي ئىچىگە قاراپ «تاماشا» كۆرۈپ تۇرغان مەھەللىدىكى مومايلار - ئۇششاقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئىشىك - دېرىزە تامدەك توسۇلۇپ شامال ئۆتۈشمەي قالغانىدى. كىشىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يېگۈدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. كەپسىز باللارنىڭ ئاچ كۆزلەرچە قايتا - قايتا قول ئۇزىتىشى نەتىجىسىدە قۇرۇقدىلىپ قالغان تەخسىلەر گويا بارىنى خەجلەپ يانچۇقى چۆلدەرەپ قالغان مۇساپىردەك مۇڭ بېسىپ تۇراتتى. چىدىغۇسىز ئىسسىق، قاتتىق دىمىق دەستىدىن تەرلەپ - پۇشۇلداپ كەتكەن چوكانلارنىڭ مەڭزىدىكى گىرىم بەئەينى يامغۇر يالاپ كەتكەن ئالا - چاپاق تامدەك، ئىنەك يالاپ قويغان موزاينىڭ يۇڭلىرىدەك غەلىتە بولۇپ قالغانىدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈزىنى يېپىپ تۇرغان چۈمپەردىنىڭ ئاراچلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپنىڭ مۇھىتى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىيا - چىيا ئاۋازلىرى ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ بارغانچە گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇلار ئەمەس، قولداش قىزنىڭمۇ چىدىغۇسىز بىر ھالەتتە ئۆزىنى ئارانلا بېسىپ ئولتۇرغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ھەئە، ۋاقىت بىر دەقىقە - بىر دەقىقىدىن ئۆتمەكتە. نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، قىزنى كۆچۈرۈشكە كېلىدىغان يىگىتلەردىن تېخى خەۋەر، ماشىنىلاردىن شەپە يوق!...

— ئوھوش، نېمانداق كەلمەيدۇ بۇ ماشىنا! — كىمدۇ بىرىنىڭ غودۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ سۆز گويا ئۆزىنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى كۈتۈپ تۇرغان مەھبۇسقا بېرىلگەن ئاداققى ھۆكۈمنامىدەك ئۇنىڭ يۈرەك - يۈرەكلىرىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. گويا ئەزايى - بەدىنىگە پىتىپ كېتىۋاتقان داڭگالدەك ئۈگە - ئۈگىلىرىگە پىتىپ كەتتى. شۇئان چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، ئىختىيارسىز ئىگرىۋەتتى. ئۇنىڭ خۇددى دىلى ئازار

يېگەن ئادەملەردەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن قانچىلىك روھىي بېسىمغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. پەقەت ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويغاندەك چۈچۈك بىر سېزىمنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغانلىقىنىلا سېزەتتى. بۇ سېزىمدا بەختتىن قايغۇسى، خۇشاللىقتىن خاتىرجەمسىزلىكى، تەقەززالىقتىن قىيماسلىقى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلىگەندى. بەخت دېيىشتىكى سەۋەب، بۈگۈن ئۇنىڭ تويى بولۇۋاتاتتى، ئەمما بۇ ئۇنى يەنە بىئارام قىلاتتى، قەلبىنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ، كىچىككىنە يۈرىكىنى ۋەھىمىلىك سوقتۇراتتى. قىزنىڭ يېرى شۇكى، گەرچە بۈگۈن ئۇنىڭ تويى بولۇۋاتقان، ئۇزاق ئۆتمەي سالاھىيىتى ئۆزگىرىپ بىر كىشىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى بولۇپ قالىدىغىنى بەش قولدەك ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ شۇ تەرزدە داۋاملىشىشىغا، كۆڭۈللۈك ئاخىرلىشىشىغا تازا ئىشەنچ قىلالمايتتى، گۇمان بىلەن قارايتتى، مانا بۇنىسى ئۇنى ھەم ئازابلايتتى، ھەم ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا يانار تاغ ئۈستىدە مىتىلداپ يۈرگەن تەۋەككۈلچىدەك، بىرلا ئېتىلىشتا يا ئۇيان، يا بۇيان بولىدىغان ئوشۇقنى قولغا ئېلىپ ھايات قىمارى ئويناۋاتقان قىمارۋازدەك سېزەتتى.

تۇرۇپلا ئۇنىڭ توي قىلىشتىن رايى يېنىپ كەتتى، توي قىلىشنى شۇ قەدەر ئازابلىق، ئاۋارىچىلىك، خەتەرلىك بىر ئىشتەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۈچىسىدىكى ئاشۇ كۆركەم تويلۇق كىيىملەرمۇ مانا ئەمدى ئۇزۇندىن ئۇزۇن، ساڭگىل - سۇڭگۇل پالاستەك بىلىنىشكە باشلىدى. ھەتتا بىرقانچە قېتىم ئاشۇ كىيىملەرنى سېلىپ - سېلىپ تاشلاپ، يۈگۈرگەنچە چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ كەتتى. شۇنداق، توي دېگەن ئادەملەر ھاياتىدىكى ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىش. ئەڭ كەسكىن ئۆزگىرىش. بەزىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھاياتلىقتىكى ئەڭ شېرىن،

ئەڭ خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىق ئۇنتۇلغۇسىز چاغلار بولۇشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، بىز دەۋاتقان بۇ قىزغا نىسبەتەن تامامەن ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن «توي» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بەئەينى سەكرەپ ئۆتۈش ئىنتايىن مۇشكۈل بولغان قورقۇنچلۇق ھاڭ، بارسا كەلمەس يول، خەتەرلىك ئۆڭكۈر، راھەتتىن جاپاسى، كۈلكىسىدىن يىغىسى تولا دۇنيا!...

ئەمەلىيەتتە، بۇ توي ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە بولۇۋاتاتتى، قىلىچە زورلۇق - زومبۇلۇق ئارىلاشمىدى، يىگىتنىمۇ ئۆزى تالالاپ ياقتۇردى. ئۇ ھاماچىسىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى ئالدىدا يىگىت بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، كۆڭلىگە پۈكۈپمۇ قويغانىدى. ئۇنىڭ يىگىتى خېلىلا قاملاشقان، گىروي، سالاپەتلىك، بولجۇڭ گۆشلىرى چېنىققانلىقىنىڭ ئالامىتىنى ئىپادىلەپ تېشىغا تېپىپ تۇرىدىغان بەرنا يىگىتلەردىن ئىدى. قاپقارا بۇرۇتى ئۆزىگە زەپمۇ يارىشاتتى. بۇغۇ مەيلى، ھەممىدىن مۇھىمى، ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان يۈرەك، چىن ئەقىدە بولسا كۇپايىغۇ. مۇھەببەتتە دۆلەت - زېمىن، ياش پەرق، چىراي گۈزەللىكى دېگەندەك نەرسىلەر ئايرىلماسلىقى كېرەكقۇ!... تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە يىگىت ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەخلاقلىق، سىپايە، يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق تەسىر بەرگەنىدى. ئەمما تارتىنچاقلىقى ئارىسىدىن بىر خىل دادىللىقى چىقىپ تۇراتتى. نەق مۇشۇ نەرسە ئۇنى ئۆزىگە ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىۋالدى. شۇنداق، قىزلار كۆپىنچە بۇ خىلدىكى يىگىتلەرگە مەھلىيا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق يىگىتلەر خۇددى قازسا- قازسا تۈگىمەيدىغان بايلىقتەك چەكسىز جەلپكارلىققا ئىگە بولىدۇ!... كېيىن، يىگىت ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. شۇندىلا، خۇددى ھاماچىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ خېلىلا ھاللىق ئىكەنلىكىنى بىلدى. يوللىرىغا سېمونت

ياتقۇزۇلغان، باغلىرى رېشاتكىلىق، مىللىي ئۇسلۇبدا كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان بىر قاتار ئۆيلەر ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان بۇ ھويلىنى شەھەردىكى ھويلىلارنىڭ ئالدى دېيىشكە بولاتتى. شۇنچىلىك ئېسىللىكىگە يارىشا، يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قارىماققا خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئوغلى خۇشال بولىدىغان ئىش بولسىلا، ئاسماندىكى ئاينى ئېلىشقا رازىدەك ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر يىگىت، ھەممە قىزلار كېلىن بولۇپ كىرىشكە ئىنتىلگەن، بەئەينى شاخنىڭ ئۇچىدا قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك شارائىتى تەلتۆكۈس ئائىلە. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن بەختلىك ھېس قىلمايدۇ؟ ئۇنىڭغا زادى نېمە كەم؟! ...

ئېنىقكى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىدا نامەلۇم بىر سىر يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. مانا مۇشۇ سىر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋە روھىنى قۇرتتەك غاجاپ كېلىۋاتاتتى. بەئەينى بىر قارا كۆلەڭگە بولۇپ نورمال ھايات مۇساپىسىگە كۆڭۈلسىز سايە تاشلاپ تۇراتتى. قەلبىدىكى بۇ خۇپىيانە، يوچۇن سىرنى ئويلىسىلا پۈتكۈل ئەزايى - بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكى ئازابقا تولاتتى. «دۇنيا»، «ھاياتلىق» دېگەنلەرنىڭ ھەممىۋاسى قورقۇنچلۇق، مەنىسىز تۇيۇلۇپ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنەتتى. چۈنكى مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ بارچە ئارزۇ - ئارمىنى، بەخت - تەلىيى گويا ساپساق تۇرغان ئادەم تۇيۇقسىزلا ئەجەللىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغىنىدەك، سۇدىكى كۆپۈكتەك بەربات بولۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

... ھەئە، خىيال بىلەن چۈشىنىڭ ئارىلىقىدا قالغان چاغ، ۋاقىت خۇددى ئانىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ ياتقان بوۋاقنىڭ سەزگۈلىرىدەك بىھوش ھالەتتە، بىر - بىرىگە مىنگەشكەن تەڭرىتاغلىرى، كەڭرى يايلاق، سۈپسۈزۈك سۇ، مانا ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، گاھ - گاھىدا ئۆمىلەپ تاغغا يامىشىپ

كېتىۋاتىدۇ. ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ تەكەببۇر تاغلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. يۇقىرىغا ياماشقانسېرى تاغۇ تاشلار ھېلىلا غۇلاپ چۈشىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئاپاغلار ئاستىدىكى قۇم ـ توپىلار تۈۋەنگە سىرغىيدۇ. تۇيۇقسىز ئۇ نېمىدۇ بىرنېمىگە پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلگەن پېتى يەرگە يىقىلدى ـ دە، پەسكە قاراپ دومىلاشقا باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، قولى بىرنېمىگە ئىلىنىپ قېلىپ، تاغنىڭ نەق بەلدىمىدە ئېسىلغانچە توختاپ قالدى. بولمىسا پارە ـ پارە بولۇپ كېتەتتى. «ۋايجان!...» ئۇ ئېچىنىشلىق چىرقىراپ تاشلىدى. بولۇپمۇ كىندىكىنىڭ تۈۋەن تەرىپىدىن قوزغالغان چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق گويا تاغۇ تاشلارنى زىلزىلىگە سېلىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان قىياندەك پۈتكۈل مېڭىسىنى چىرمىۋالدى. قان!... كۆردىكى، كۆڭلەكلىرىنى قىپقىزىل رەڭگە بوياپ، ئۇزۇن ـ ئىنچىكە پاچاقلىرىنى بويلاپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. مونەكتەك چوڭلۇقتىكى دەرەخ يىلتىزى ئۇنىڭ چاتراقلىرى ئارىسىدا ھاياسىزلارچە تىرىلىپ تۇراتتى. ھۇ، ئىپلاس، قان ئىچەر!... ئۇ خۇددى ھېلىلا باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغاندەك چاچلىرى چۇۋۇلغان، مەڭزى سۈرۈلگەن، تىرناقلىرى قاناپ كەتكەن ھالەتتە، يۈرىكىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆرتەۋاتقان غەشلىك ئازابىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى... مانا بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ خىيالىدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ. ئاشۇ چاغدا يۈز بەرگەن بۇ ئىش گويا بىر تراگېدىيە بولۇپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھېلىھەم مۇجۇپ كېلىۋاتىدۇ. بەئەينى قاپقارا داغدەك نورمال ھايات مۇساپىسىگە كۆڭۈلسىز سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

مۇبادا، ئۇ باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىدىن قورقمىغان بولسا، بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى:

— تۇۋا، مەريەمخاننىڭ قېرى قىزىنى نېمە ئۈچۈن توي قىلمايدىكىن دېسەم چاتىقى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

— شۇڭا ئەر چىقماي سىسىپ ياتقان گەپ!
......

ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولسا ئىدى، بۇ سۆزلەرگە چىدىماي ئاچچىقىدا ھەر ئىشلارنى قىلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشى، مەسخىرىلىك قاراشلىرى ئالدىدا ھەممە دەردنى ئىچىدە بىلىپ، ئىچىدە يىغلاپ، قولىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى. نىھايەت، ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىش، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولۇش ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەت ئىكەن. گەرچە ئۇ مەڭگۈ توي قىلماسلىققا قەسەم ئىچىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يالغۇز ئانىنىڭ زورى، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز كەم ئوتتۇز ياشقا كىرگەن مۇشۇ يىلى توي قىلىشقا ئاخىر كۆندى.

مانا بۈگۈن، ئۇنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ. بىراق، ئۇنىڭدا تويى بولغان قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خۇشاللىق ھاياجاندىن نامۇ ئەسەر كۆرۈنمەيدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ يىگىتكە نىسبەتەن مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يىگىتنى سۆيگەچكە بۇ تويغا ئۆز ئىختىيارلىقىنى بەرگەن ياكى بولمىسا مۇھەببەتنى تويدىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەرۋىش قىلىۋېلىش تامامەن مۇمكىنغۇ. گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، مۇھىمى ئۇ كەلگۈسىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. مانا مۇشۇ ئىشەنچسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەھىمە ئۇنىڭ يۈرىكىنى قورتتەك غاجايدۇ، چەكسىز بىئارام قىلىدۇ. بۈگۈن كېچە، ھۇجرا ئۇلارغا يالغۇز قالغاندا، ھەممە گەپلەرنى يىگىتكە دېمەكچى. ئەمدى ھەرگىز ئىلگىرىكىدەك تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى يۇتۇۋەتمەيدۇ.

— ئۇھ، ئاخىر كەلدى!... كەلدى!...

ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ بىردىنلا ئۇيۇر ـ تويۇر بولۇپ كېتىشى بىلەن، ئۇ مەڭدەرەپ ئىسىگە كەلدى. سىرتتا قاينام ـ

تاشقىنلىقتا چۈمگەن بىر مەنزىرە زاھىر بولۇپ تۇراتتى. كۈلكە - چاقچاق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئارىسىدىن شوخ رىتىمغا تەڭكەش قىلىنغان گارمونىنىڭ يېقىملىق ساداسى ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاخىر ئارامىغا چۈشتى. بولمىسا، باياتىن بېرى، ئۇنىڭ نەزىرىدە يىگىت خۇددى بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالغاندەك، شۇڭا توي قىلىشتىن يالتىيىپ كەلمەيۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتكەنىدى...

ئۇ ھوشىنى يىغىپ نورمال تەپەككۇر قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەئە، بۇ زادى قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ تېخى يېقىنراقتا ھەممە گەپلەرنى يىگىتكە ئېيتماقچى ئەمەسمىدى؟ لېكىن ھازىرچۇ؟ تىللىرى تۇتۇلۇپ قالغاندەك، كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ، جىممىدە يېتىۋالغىنى قىزىقچۇ؟! ... ھەر قانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۆزىنى خۇددى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك سېزەتتى. چۈنكى رېئاللىق خىيال قىلغانلىرىدىن تامامەن باشقىچە يوسۇندا بولۇۋاتاتتى. بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. لەۋلىرىگە تەگكەن شۇ قايناق، ئوتلۇق سۆيۈشلەرنىڭ ھارارىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئەزايى - بەدىنى بوشىشىپ چايغا چۈشكەن قوي يېغىدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى.

مانا شۇ تاپتا، ئۇلار ئۆزلىرىگە يالغۇز قالغان جىمجىت ھۇجرا ئىچىدە، يەتتە قات يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ شېرىن، ئەڭ بەختلىك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقان پېتى ئارىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەربىر ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى كۆزەتمەكتە، تەسەۋۋۇر قىلماقتا ئىدى. يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇددى قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يىڭنە ئىزدەۋاتقاندەك ئىنتايىن سىپايە، ئېھتىياتچان بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك بىر خىل جۈرئەتسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى، جىددىي - جىددىي نەپەس

ئالاتتى. تەرلەپ كەتكەن مەڭزى ـ بەدىنى تونۇر بولۇپ ياناتتى، مانا مۇشۇ تونۇردەك نەپەسنىڭ ئوتلۇق هارارىتى كەچ كۆز ئايلىرىنىڭ بوگۇنكىدەك سوغۇق ئاخشاملىرىدا ئۇنىڭغا هەقىقەتەن ئىللىق بىلىنىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى بۇنچە راهەت هېس قىلىپ باقمىغانىدى. مانا بۇ تۇنجى قېتىملىقى!... هەم تىترەپ تۇرغان قوللارنىڭ تولىمۇ ئاۋايلاپ بەدىنىنىڭ ئەڭ خۇپىيانە جايلىرىنى سىلاۋاتقىنىنى سەزگىنىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر خىل سېھرىي سېزىم ئىلكىدە مەستخۇشلىنىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىڭراپ تاشلىدى.

— ئېه، راهەت!...

ئەگەر باشقا چاغلار بولسىدى، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن، ئەجەبلەنگەن بولاتتى. ۋەهالەنكى، شۇ تاپتا، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا مۇشۇ هالەتنىڭ يەنىمۇ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشىنى، مەڭگۈ ئاخىرلاشماسلىقىنى خالاپ قېلىۋاتاتتى، بولۇپمۇ كېيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ سېلىنىپ، ئاندىن تۇغما هالەتتە لۆمۈلدەپ تۇرغان يۇمشاق تۆشەك ئۇستىدە ياتقىنىنى ئويلىغىنىدا، قاتتىق نومۇس ـ ئىززەتراپ ئىلكىدە شەلپەردەك قىزىرىپ، ئۆزىنى يوشۇرغۇدەك يەر تاپالماي قالدى. لېكىن ئەمدى ئامال قانچە؟ بولغۇلۇق بولدى. پەقەت يۇز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ، ئاه... ئاشۇ ئىشنى هەم ۋەهىمە، هەم تەشنالىق ئىچىدە كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق.

تۇرۇپلا، ئۇ ئۆزىنىڭ پاتراق توي قىلمىغىنىدىن ئۆكۈنۈپ قالدى. چۈنكى شۇ تاپتا، ئۇنىڭ بۇ هەقتىكى خاتىرە بەتلىرىگە ئىلگىرىكىدىن باشقىچە يوسۇندا، سىياھ ئەمەس گويا هەسەلدە خەت يېزىلىۋاتاتتى. يۈرىكىنىڭ ئەڭ پىنهان جايلىرىدا كۆمۈلۈپ ياتقان هېس ـ تۇيغۇلىرى، هاۋايى ـ هەۋەسلىرى قوزغىلىپ، ئەڭ قايناق، ئەڭ ئەسەبىي ـ ئىپتىدائىي هالەتتە، ئەسلىي ماهىيىتى بويىچە تەلتۆكۈس ئاشكارىلانماقتا ئىدى. بارا ـ بارا ئۇ ئۆزىنى

مۇئەللەقتە ئۇزۇپ يۈرگەندەك، بەختلەر قاينىمىدا شۇڭغۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. خىيالىدا ھەممە نەرسە گىرىمسەن، شېرىن لەززەت بولۇپ تۇيۇلاتتى. روھى جىسمىدىن ئاجراپ باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، گويا ھۆر - پەرىشتە دەرىجىسىگە يېرىپ يەتكەندەك ئىدى ۋە ئاشۇ يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ مۇنۇلارنى ئويلاپ كەتتى:

ھۆر - پەرىلەر يەردە مېڭىپ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ساماۋى دۇنيا، پۈتكۈل ئەتراپ رەڭگارەڭ نۇرغا چۆمگەن، ئۇ قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاتائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۆز ئەتراپىدا تۇرغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن لايىدىن نېمىدۇ بىرنېمە ياساۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. سەپسېلىپ قارىۋىدى، لايدىن ياسىلىپ چىققان نەرسە ئادەم ئىكەن. ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن قاۋۇل بەرنا يىگىت بولۇپ شۇغىنىسى قىپيالىڭاچ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەزگۈلىرى بۇ ئادەمنى ئاخىر تونۇۋالدى. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى — ئادەم ئاتا ئىدى! «... ئېھ، ئادەم ئاتا! ...» ئۇ بوشقىنە پىچىرلىدى، ئەمما ئادەم ئاتا ئۇنى كۆرەلمەيتتى، ئاۋازىنى ئاڭلىمايتتى. بۇ ساماۋى دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇداتلار — سۇلار، دەرەخلەر، ھۆر - پەرى، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت قىلاتتى. ۋەھالەنكى، ئادەم ئاتا يەنىلا مىسكىن، غەمكىن يۈرەتتى. يالغۇزلۇق — غېرىبلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتماقتا ئىدى. چۈنكى بۇ يەردىكى ھەممە مەۋجۇداتلارنىڭ جۈپتى بولۇپ، پەقەت ئۇلا تىكەندەك يالغۇز ئىدى. شۇڭا، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاتائالا ئۇنىڭ بەدىنىدىن بىر تال قوۋۇرغىنى ئېلىپ ئايال زاتىنى ئاپىرىدە قىلدى. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى — ھاۋا ئانا ئىدى! ئۇ ھاۋا ئانىنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسىن - جامالىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى. شۇغىنىسى، ئۇمۇ ئانىدىن تۇغما ھالەتتە، دۇنيادىن بىغەم تۇراتتى.

— سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار، — قۇدرەتلىك ئاللاتائالانىڭ ئاۋازىمىكىن، غايىبتىن تىلسىمات بىر ئاۋاز ئاڭلىناتتى، — بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىدۇ. پەقەت ئاۋۇ دەرەختىكى مېۋىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا، يېيىشكە قەتئىي رۇخسەت يوق، بولمىسا...

ئۇلار ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە پەرمانبەردار بولۇپ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشىماقتا ئىدى. بىر كۈنى، قېلىن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن بىر يىلان سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ھەييارلارچە كۈلۈمسىرەپ، سۆزگە كىرىشتى:

— ئىيھ، ھۆرمەتلىك ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا!... سىلەر نېمىدېگەن گۆدەك - ھە؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ مېۋە مۇشۇ باغدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ شېرىن، لەززەتلىك مېۋە بولۇپ، سىلەرنىڭ يېشىڭلارغا تازا مۇۋاپىق كېلەتتى. ئىسىت - ئىسىت، قاراپ تۇرۇپ شۇنچە مېھنەتتىن قۇرۇق قېلىۋاتىسىلەر!...

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا يىلاننىڭ سۆيىقەستىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتتى - دە، ھېلىقى مېۋىدىن ئوغرىلىقچە يېيىشتى. دەرۋەقە، بۇ مېۋە ھەقىقەتەن شېرىن، لەززەتلىك بولۇپ، دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. بىرنى يېسە، يەنە بىرنى يېگۈسى كېلەتتى. كىشىگە چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايتتى... ئاللاتائالا بۇ ئىشلاردىن شۇ ھامان خەۋەر تېپىپ، دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلار زېمىندا ماكان ئەيلەپ، ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھېلىقى مېۋىنى قانداق يەپ، قانداق لەززەتلىنىشنى بىلىۋالغانىدى. مېۋىنى يېگەن چاغدا ئىككى تەن بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭدىن يېڭى بىر ھاياتلىق بالقىپ چۈشەتتى. ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىنسانىيەت ئەۋلادتىن ئەۋلاد داۋاملىشىپ، مېۋە بېرىپ چېچەكلەپ، خۇددى ئىلاھتەك مەڭگۈلۈك مەۋجۇداتقا ئايلاندى... رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئادەم ئاتا جان ئۈزۈش ئالدىدا:

«ئاشۇ مېۋىنى يېگىنىڭ ئۇچۇن پۇشايمان قىلامسەن؟» دەپ سورىغاندا، ھاۋا ئانا: «ياق!» دەپ كەسكىن جاۋاب بەرگەنمىش...

ئۇ نېمە مەقسەت، نېمە ئويدا بولارنى ئويلاپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. خۇددى مۇشۇنداق ئىشنى قىلغاندا ئويلاشقا تېگىشلىكتەك، ئانچە ـ مۇنچە ئالاقىسى باردەك ياكى بىلىپ قويۇشقا لازىمدەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ خىرەلەشكەن سەزگۈلىرى بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىپ، ئاشۇ تىلسىم دۇنيادىن رېئاللىققا يۈزلەندى. شۇندىلا يىگىتنىڭ لەۋلىرىگە، ئىنچىكە ئۇزۇن بويىنىغا، مىلىققىدە كۆكسىگە قانماي سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئوتلۇق سۆيۈشلەردىن غىدىقى كېلىپ، ئەزايى ـ بەدىنى تېخىمۇ يايراپ كەتتى. يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەسەبىي بىر ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بوشقىنە ئىڭراپ ئۆزىمۇ سەزمەي يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ماسلاشتى.

شۇ ھالەتتە ئۇلار بىر تەن بىر جانغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى...

— ئاھ، خۇدا!...

ئۇشتۇمتۇت يىگىتنىڭ ئازابلىق ئىڭرىشىدىن، ئۇ چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى. كۆردىكى، يىگىت لۆمۈلدەپ تۇرغان يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە، بەئەينى سەۋدايى ئادەملەردەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. چىراغ خىرە يېنىق، قېلىن يوتقان بىر چەتكە قايرىلىپ تاشلانغانىدى. كارىۋات ئۈستىدىكى ھەممە نەرسە قىيپىالىڭاچ، بەتبەشىرە قىياپەت خۇددى يىرتىق كالاچ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان كىر بارماقتەك ئاپئاشكارا تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندى ـ دە، يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. خۇددى يەتتە قات ئاسماندىن يەرگە تاشلىنىۋېتىلگەندەك ئازابلىنىپ «ئاھ!» دەپ ئىڭرىۋەتتى. ئۇ قورققان، ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەرگەنىدى!

مانا، يىگىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزى بارغانچە بوزىرىپ كېتىۋاتاتتى. بىردەم قىزغا، بىردەك تۆشەك ئۈستىگە سىيىلىنغان ئاپئاق كىرلىككە قارايتتى ۋە ئاشۇ قاراشلىرىدىن «قان!... قان قېنى، قان؟!...» دەۋاتقاندەك مەنە بىلىنەتتى.

ئۇنىڭ بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. چۈنكى، يىگىتنىڭ قاراشلىرى گويا زەھەرلىك ئوقتەك ئۇنىڭ جان ـ جىنىغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇنىسى، ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭچە بولسا، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى، ھەتتا جېنىنىمۇ يىگىتكە تەقدىم قىلىۋەتسە ئارمىنى يوق ئىدى، لېكىن ئۇ...

ئىچ ـ ئىچىدىن بوقسۇپ چىققان ئازاب، خورلۇق دەستىدىن ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. مانا ئەمىسە دەپلا بۇ يەردىن يۈگۈرگەنچە چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ كەتتى. بىراق، شۇ ئەسنادا، كۆز ئالدىدىن ئانىسىنىڭ ئوبرازى ئىختىيارسىز لىپىلداپ ئۆتتى. تېخى يېڭىراقتا، قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ماشىنىلار سىپپى يېنىك تەۋرىنىپ قوزغالغان چاغدا، بايقۇش ئانا ئادەملەر توپى ئارىسىدا تۇرغىنىچە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن، بالام!...» دەپ ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن دۇئا قىلىپ كەتكەنىدى. ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، رەھمەتلىك دادىسى خېلى بۇرۇنلا قازا قىلغان بولۇپ، بىچارە ئانا، قىزىم ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىدا خورلىنىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ قايتا توي قىلمىغانىكەن. شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ، ئۆزى يېمەي يېگۈزۈپ ـ ئىچۈرۈپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە يالغۇز قىزىنى بېقىپ قاتارغا قوشقۇچە بەللىرى مۈكچەيگەن، چاچلىرى ئاقارغان، مەڭزىگە تۈگۈر ـ تۈگۈر قورۇقلار ئىز باسقان، مۇشتۇمدەك بىر مومايغا ئايلىنىپ قالدى. «خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن بالام!...» ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە بۇ سۆز يەنە جاراڭلىدى.

خۇدا ھەققى، ئۇ ئەمدى ئاشۇ سۆزنىڭ ھۆرمىتى، يېڭى تۇتقان ئائىلىسى، ئانىسى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە ھازىرلاندى ۋە بۇلارنى ئويلاپ جىددىيلەشكەن سېزىملىرى ئاستا - ئاستا بوشىشىپ، قەلبى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان بايىقى قورقۇنچ، جۈرئەتسىزلىك ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ھەممە ئىشلارنى ئەينەن دېيىش كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا يۈرىكىنى چۈشەپ تۇرغان غەشلىك ئازابىدىن خالىي بولالايتتى.

بىراق، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۇزاقتىن بېرى كۆمۈلۈپ ياتقان سۆزلەرنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ ئۆزى قىيىن مەسىلە ئىدى.

تۇرۇپلا، ئۇ سىرتتا يامغۇرنىڭ تاراسلاپ يېغىۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن بايقاپ قالدى. بولمىسا، تېخى بايىراقتا قىز كۆچۈرۈشكە ماڭغاندا، ھاۋا ئوچۇق، قۇياش كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلىۋىدى، مانا ئەمدى بولسا... توۋا!... خۇددى بىركىم چەككەندەك يامغۇرنىڭ دېرىزىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇشى كىچىككىنە ھۇجرا ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتلىق تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. چىراغ نۇرىنىڭ قىزغۇچ ئەتراپىنى غۇۋا يورۇتۇپ، ئۆزگىچە ئازابلىق كارتىنىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ لۆمۈلدەپ تۇرغان يۇمشاق كارىۋات ئۈستىدە يوتقانغا پۈركىنىپ ئولتۇرغىنىچە چاچلىرى چۇۋۇق پېتى مۇڭلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. يىگىت بولسا رومكىغا لىق تولدۇرۇپ قۇيۇلغان ھاراقنى ئارقا - ئارقىدىن گۈپپۈلدىتىپ ئىچمەكتە ئىدى ۋە گاھى - گاھىدا چاچلىرىنى چىڭ قامالاپ تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ كېتەتتى، ئېغىر - ئېغىر ئۇھسىنناتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر رومكا ھاراقنى ئىچىپ، رومكىنى ئۈستەلگە «جاققىدە» قويۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، چاقماق «يالتتىدە» چېقىپ، گۈلدۈرماما ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەپ كەتتى.

قارشى تامدا دىۋىدەك يوغان، كۆچتۆڭگۈر بىر ئادەمنىڭ سايىسى «لىپ» قىلىپ ئۆچتى. ئۇ دەلدەڭلىگەن پېتى قىزچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. هاراقتىن خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا يەۋەتكۇدەك قارىدى، تىلىنى تەمشىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا ئاياللىغا ئەمەس، بەلكى رەقىبىگە ياكى يوچۇن ئاياللغا قاراۋاتقاندەك ئۆچمەنلىك، تېخىمۇ نەرخىنى ئېيتساق، شەهۋانىي هەۋەس قۇتراپ تۇراتتى.

ئۇ گويا ۋۇجۇدىغا سوغۇق بىر مۇز كىلىپ تەگكەندەك ئەندىكىپ كەتتى، قورقىنىدىن تېخىمۇ چىڭ تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋالدى. يۈرىكى نېمىدۇ بىرنېمىنى سەزگەندەك «قارتتىدە» قىلىپ قالدى، ئاھ خۇدا! ... ئۇنىڭ يولدىشى ماۋۇ تۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ مەستلىكىنى دەستەك قىلىپ، ئۇنى ئاياغ ئاستى، دەپسەندە قىلماقچى بولۇۋاتاتتى!

— ياق! ... ياق! ... نېرى تۇرۇڭ! ...، — ئۇ پاڭگىدە يىغلىۋەتتى.

ئەمما ئۇنىڭغا هېچنېمە تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، خۇددى ئۆلۈكنى تولا كۆرۈپ يۈرىكى توڭلاپ كەتكەن ئادەمدەك بوزىرىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدىكى بايىقى مېھرىبانلىق، سىپايىلىق، جۇرئەتسىزلىك ئاللىقاياقلارغا غايىب بولۇپ ئورنىغا گويا يېغىرىغا تۇز سېپىلگەن هايۋاننىڭكىدەك ئەسەبىيلىك، قوپاللىق ئالماشقانىدى ۋە ئاشۇ قوپاللىقى بىلەن ئادەم ئەمەس مەخلۇققا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك، قوي تېرىسىنى سىيلىپ تاشلاپ ھەقىقىي ماهىيىتىنى ئاشكارىلىغان بۆرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزچاققا تاشلاندى. مانا شۇ چاغدا، كىچىككىنە هۇجرا ئىچىدە بايىقىدىن باشقىچە بىر كارتىنا، ئوپۇر - توپۇر باشلاندى. پۈتكۈل جەريان توي كېچىسى ئەمەس، بەئەينى باسقۇنچىلىق مەيدانىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

سىرتتا يامغۇر تېخىمۇ ئەدەپ، گۈلدۈرماما غەزەپلىك

گۈلدۈرلەيتتى...

شۇ كېچىسى، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئىسەدەپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. بىركەملەردە، كۆزىگە چۈشكەن ئۆتكۈر قۇياش نۇرىدىن ئارامسىزلىنىپ ئويغىنىپ كەتتى. ھۇجرا ئىچىدە يەڭگە بولغۇچى قىرقىما چاچلىق چوكان قېلىن مەخمەلدىن تىكىلگەن دېرىزە پەردىلىرىنى ئاچماقتا ئىدى. قاچانلاردا تۇرۇپ كەتتىكىن، يىگىت ئورنىدا كۆرۈنمەيتتى. سىرتتىن گاراڭ - گۇرۇڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ ئاۋازلار ئارىسىدا يىگىتنىڭ ئاۋازىنىڭ بولۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلدى، لېكىن ئاڭلانمىدى، قاتتىق ئەلەم، ئۈمىدسىزلىك دەستىدىن لاسسىدە بوشىشىپ، ئۈنسىز ئىڭراپ تاشلىدى.

— تۇرۇڭ، سىڭلىم، — دەيتتى بايىقى چوكان ھېچ ئىشلاردىن خەۋەرسىز باھار ئاپتىپىدەك كۈلۈمسىرەپ، — كۈن نەۋاخ بولدى. چوڭلار ساقلاپ قالدى... ئوھۇي، راست، بىزنىڭ ئالىمجان قېنى؟ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟...

ئۇ جاۋابەن سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى يىغلىغاندىن بەتتەر ئازابلىق كۆرۈنەتتى.

— بولدى قوپۇڭ ئەمدى، بۇگۈنچە يوتقان - كۆرپىلەرنى مەن يىغىۋېتەي، — ئۇ ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغماقچى بولدى، بۇ يەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە تويى بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، يىگىتنىڭ يەڭگىسى ھۇجرىغا كىرىپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغقاندەك بولۇپ، ئاپئاق كىرلىككە قارايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا قان دېغى بولسا يېڭى كېلىننىڭ قىز ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ ھەم ئۇنى باشقىلار كۆرسۇن دېگەندەك قىلىپ سىرتقا ئىلىپ قويىدۇ.

ئۇ ئاياللارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن يوتقاننى شارتتىدە ئاچتى، ئاچتىيۇ، گويا لايدىن ياسالغان ھەيكەلدەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۇزايىدىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. يەنتە قات

يۇمشاق تۆشەك ئۈستىگە سېلىنغان كىرلىكتە نە بىر قان دېغى، قىزىللىقتىن نامۇئەسەر يوق بولۇپ، بەئەينى تۇنجى قاردەك ئاپئاق، تاپتازا ئىدى. غايەت زور نومۇس، ئازاب، خورلۇق دەستىدىن ئۇ ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالدى. خۇددى گۇناھكارلاردەك بىراۋنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ - تاتىرىپ تۇرۇۋشتىن ئۆلۈم ئارتۇقتۇ. ئازار يېگەن يۈرىكى بولسا چاك - چېكىدىن يىمىرىلىپ كېتىۋاتقاندەك چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كەتتى. ئاھ، خۇدا!… بۇ نېمىدېگەن ئازاب، نېمىدېگەن خورلۇق؟ ئۇ ئەمدى خەلقئالەم ئالدىدا قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ ياشايدۇ؟!…

بۇ ئىش بايىقى چوكان ئارقىلىق بىردەمدىلا چوڭلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندەك قىلاتتى. ھويلىدىكى گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋازلارمۇ شۇئان بېسىقىپ قالدى. خۇددى ھەممە گاس - گاچا بولۇپ قالغاندەك، قايناپ تۇرغان، قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك تەگسىز تىمتاسلىق ئەتراپنى ئىگىلىدى. بۇ تىمتاسلىق كىشىگە بەئەينى قىيامەت ئالدىدىكى چىدىغۇسىز سۈكۈناتنى ئەسلىتەتتى.

تاكى كەچ كىرىپ، ئەتراپ زىمىستان قاراڭغۇلۇققا چۆمگەندىلا، ئاندىن يىگىت غەرق مەست پېتى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چاچلىرى سالۋارىغان، يۈزلىرى بوزارغان، ھېلىدىن - ھېلى كېكىرىپ قوياتتى، بىر ئورنىدا تۇرالماي دەلدەڭلەپ ئاران ئۆرە تۇراتتى. پۈتكۈل سىياقى يېڭى تويى بولغان يىگىت ئەمەس، ئەكسىچە بىر ھاراقكەش، ۋەيرانە زابويغا ئوخشاپ قالغانىدى.

قىزچاق قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئەسلى ئۇ يىگىتنىڭ پاتراق كېلىشىنى، ئۆزىنى بۇ تەڭقىسلىقتىن خالىي قىلىشىنى زارىقىپ كۈتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىلچە قىيىن توختىمايتتى. تىلىنىڭ ئۇچىدا بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ قويسىلا بولاتتى. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى،

ھەتتا جىنىنى تەقدىم قىلىۋېتىشكە رازى ئىدى. بىراق، ئۆزى ياقتۇرۇپ توي قىلغان، ئەقىدە باغلىغان مۇنۇ يىگىت گېزى كەلگەندە بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ قويۇشقىمۇ يارىمايۋاتاتتى. مانا بۈنىسى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى.

— ئېيت، ئېيت دەيمەن…، — دەيتتى ئۇ تىلىنى چايناپ، — ئويىنىشىڭ كىم؟ بۈگۈن ئېنىقىنى ئېيت، بولمىسا، ھېلى بىكار…

— ياق، جېنىم… بۇنداق ئىش يوق! …، — يېلىندى قىز يىغلامسىراپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، تۇرمۇشى، بولۇپمۇ قەدىردان ئانىسى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم خورلۇققا چىدىماقچى، تاقەت قىلماقچى بولدى.

— يالغان، ھەممىسى يالغان! … مېنى ئالدايمەن دېمە! …

— ئاھ، خۇدا! … سىزنى ئالدىغان بولسام يەر يۇتسۇن!

— ئېيتامسەن، يوق؟! … ئويىنىشىڭ كىم؟! …

ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن قولىنى سىلكىۋىدى، قولى ئۈستەل ئۈستىدىكى چىنە - قاچىلارغا تېگىپ كېتىپ، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاچا - قۇمۇچىلار يەرگە چۈشۈپ، پارە - پارە بولۇپ كەتتى. چوڭلار ئويغىنىپ كەتكەن چېغى. قوشنا ئۆينىڭ چىرىغى شۇئان يورۇپ، كۇسۇرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. كىمدۇ بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى يىراقتىن بارغانچە يېقىنلاپ كېلىپ، ئىشىك تۈۋىدە توختىدى.

— ھاي، ئالىمجان ئۇكام، نېمە سەتچىلىك بۇ؟! …، — كىمنىڭ ئاۋازىكىن، تىترىگەندەك چىقماقتا.

— ھە، نېمە دەيسەن؟! …، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ تەلۋىلەرچە، — كارىڭ بولمىسۇن، يوقال! …

بايىقى شەپە خۇددى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك جىممىدە بولۇپ قالدى. قەدەم تىۋىشى بارغانچە يىراقلاپ ئاخىر يوقىلىپ كەتتى. سىرتتىن ئىشىكنىڭ «جالاقىدە» يېپىلغان ئاۋازى

ئاڭلاندى.

ئۇ بايىقى ئادەمنىڭ ئۆيگە كىرىشىنى، يىگىتكە نەسىھەت قىلىپ ئارىنى تىنچىتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن ئەمدى بولسا... ئېھ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئادەملىرى نېمىدېگەن رەزىل، چۈشىنىكسىز - ھە؟ ئوقۇمۇشلۇق، ئاڭلىغىمىش، قورۇپ كەتسۇن بۇنداق ئاڭلىقلىق!...

ۋارقىراش - جارقىراشلار بارغانچە كۈچىيىپ، چىنە - قاچىلار جاراڭلاپ سۇنۇشقا باشلىدى. تاراس قىلىپ تەگكەن تەستەك كېچە ئاسمىنىدا بەكمۇ ھەيۋەت، جاراڭلىق ئاڭلىنىپ كەتتى. ئارقىدىنلا، قىزچاقنىڭ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قوشنا ئۆينىڭ چىراغلىرى بىر - بىرلەپ ياندى. ياندىيۇ، خۇددى يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەندەك ياكى ئۆيدىكى چاۋنى سىرتقا يايمايلى دېگەندەك يەنە بىر - بىرلەپ ئۆچتى.

ئەتراپ زىمىستان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە بارغانچە پېتىپ كېتىۋاتاتتى.

ھەرقانچە بولسىمۇ، مۇشۇنچىلىك تاقەت قىلار، ھە دېسە ئۇرۇپ - دۇمبالايدىغانغا نېمە ھەققى بار زادى؟ ئۆتمۇشتىكى قارا زەڭگىنىڭ كۈنىمۇ بۇنىڭدىن بەتتەر ئەمەستۇر بەلكىم. ئۆيۈم - ئائىلەم دەپ ئۆلۈپ بېرىشى كېرەكمۇ ئەمدى؟!... ئۇنىڭ زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى ۋە ئاخىر ئاجرىشىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالدى.

بۇ جەرياندا، ئۇ مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتتى. ئەرلەر كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، قەيسەرلىكى، ئاياللار مۇلايىم، مېھرىبانلىقى بىلەن گۈزەل كۆرۈنىدىكەن. زىيادە نازۇكلۇقتا ھەممە نەرسىنى غورۇرى - ۋىجدانىغا چېتىۋالىدىغان ئادەملەر، بولۇپمۇ ئەرلەر خۇددى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن لاتا قونچاقتەك كىشىنى بىزار قىلىدىكەن. بۇنداق ئادەملەر بىلەن ئۆي تۇتۇش بەئەينى ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى كۆرگەنلىك بىلەن

باراۋەر ئىكەن. دېمەك، ئۇنىڭ يولدىشى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ھالىتى - قىلىقلىرى بىلەن بەئەينى لاتا قونچاققا ئوخشاپ قالغانىدى.

مانا، ئۇ ھازىر كۆلكىنىمۇ، يىغىنىمۇ خالىماس بولۇپ قالدى. قەلبى گويا مۇھەببەت، نەپرەت دېگەنلەرنىڭ ھەننىۋاسى ئۆلۈپ مەنىسىز بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدەك ئىدى. ئاۋۋالقى جىمىغۇر مىجەزى تېخىمۇ غەلىتىلىشىپ، باشقىچىلا بولۇپ قالدى. خۇددى دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆلۈپ تۈگەشكەندەك ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايتتى. ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيگە سولىنىپ يانقىنى ياتقانىدى، ھەتتا خىزمەتكىمۇ باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە يولنىڭ چېتى بىلەن بېرىپ كېلەتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن، ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئارامسىزلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇق «ھۆ» قىلىۋەتتى. بۇنداق ھالەت ئۇدا بىرقانچە كۈن داۋاملاشتى، ھەر قېتىم كۆڭلى ئېلىشىپ «ھۆ» قىلغاندا ئۇچەي - باغرى خۇددى ھېلىلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتەتتى. پۇت - قوللىرى تىترەپ، ئۇگە - ئۇگىلىرى قارا تەرگە چۆمەتتى. ئۇ بەدىنىدە غەيرىي فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ھەيز كەلمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىرلا نەرسە — ھامىلىدارلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. ئىختىيارسىز ھالدا دەسلەپ ئۆزى خالاپ، كېيىن مەجبۇرلانغان ئاشۇ، ئاھ ... ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىنى ئەسلەپ كەتتى. چاناقلىرى ياشقا تولدى، بولۇپمۇ ئۆزىنى خارلىغان، دەپسەندە قىلغان ئادەمنىڭ پۇشتىنىڭ قورسىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى، تەرەققىي قىلىپ ھامىلىگە، ھامىلىدىن بالىغا

ئايلىنىش مۇقەررەرلىكىنى ئويلىغىنىدا قاتتىق خورلۇق، ئازابتىن پۇچۇلۇپ كەتتى. مانا ئەمىسە دەپلا بالىنى ئالدۇرۇۋەتكۈسى كەلدى. ئۇنىڭدەك بىر كەسىپ ئەھلى — دوختۇر ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خۇددى ئالىقانىنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈگەندەك ئاسان ئىش ئىدى. بىراق، ۋىجدانى - غۇرۇرى ئاخىر يول قويمىدى. نېمىشقا يول قويغۇدەك؟ بالىدا نېمە گۇناھ؟ گەرچە ئۇنىڭ دادىسى زەئىپ، تەلۋە ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھامان بالا، بىر پارچە قانغۇ! ...

قەلبىدە ئانىلىق بۇرچ، كۈچلۈك مۇھەببەت لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى، بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئەسلىي ئۇ ھەممە گۇناھ - قىساسنى بالىدىن ئالماقچى ئەمەسمىدى؟... ئويلىغانسېرى بالا ئۇنىڭغا شۇنچە سۆزۈك، گۇناھسىز، تاپتازا، يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

بەزىدە ئۇ بارغانچە تومپىيىپ چىقىۋاتقان قورسىقىنى سىلىغىنىچە، بالا تۇغۇلغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئويلاپ كېتەتتى. كەسپىي دوختۇر بولغاچقا، بۇنىڭدەك مەنزىرىلەرنى، تولغاق ئازابىنى، ئالا - تووۋا ۋارقىراشلارنى كۆپ كۆرگەنىدى. ھەممىدىن يامىنى تەتۈر تۇغۇلۇپ قېلىش بولۇپ، ئادەم ئۆلۈش خەۋپىمۇ كۆرۈلەتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بالامنى ئامان - ئېسەن تۇغۇۋالىمەن دەپ ئويلايتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى! ... يەنە بەزىدە، ئۇ بالام قىزمىدۇ - ئوغۇلمىدۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالاتتى. مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇچۇن بەربىر، ئوبدان تەربىيىلەشنىلا ئويلايتتى، تەربىيىلىگەندىمۇ دادىسىغا ئوخشاشمايدىغان باشقىچە ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشنى ئويلايتتى.

ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە پات - پات دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ، بالىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش كېرەك. بىر قېتىم، ئۇ قېنىنى تەكشۈرۈۋىدى، تەركىبىدە نامەلۇم بىر خىل

ماددىنىڭ ئارتىپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولدى. بۇ زادى قانداق نەرسىدۇ؟!... كېچە ـ كۈندۈز ئويلاندى. ئۆزىنىڭ مەيلى، قورساقتىكى بالىغا تەسىر يەتمىسە بولاتتى. كۆزى يورۇپ، بۇدرۇققىنە بىر قىز تۇغۇۋالدى. بالا ناھايىتى بېجىرىم، سالامەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان ۋەھىمە يىمىرىلىپ، خاتىرجەم بولدى.

ئۇ قىزىغا «گۈلخۇمار» دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. گۈلخۇمار ناھايىتى تېمەن چوڭ بولماقتا ئىدى، ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ھەر كۈندىكى پائالىيەت گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شەك ـ شۈبھىسىز ئۇنى مەركەز قىلاتتى. «ئانا، قاراڭ، گۈلخۇمار كۈلۈۋاتىدۇ!...» «ئانا، گۈلخۇمار يىغلاپ كەتتى!...» «ئانا، گۈلخۇمار نېمانچىلا ئۇخلايدۇ!...» بالىغا ئەرمەك بولۇپ، باشقا كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلۇشقا، تۇرمۇش ئۆز رىتىمىغا چۈشۈشكە باشلىدى. بەزىدە ئۇ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا رىۋايىتىنى ئەسلەپ كېتەتتى ھەم ئادەم ئاتا جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ئاشۇ مېۋىنى يېگىنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلامسەن؟» دەپ سورىغىنىدا، ھاۋا ئانىنىڭ: «ياق!...» دەپ بەرگەن كەسكىن جاۋابىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولاتتى.

قايسى كۈنى، ئۇ قان تەكشۈرۈۋىدى، تەركىبىدە ھېلىقى نامەلۇم ماددىنىڭ يەنە ئارتىپ كەتكەنلىكى ئايان بولدى. بۇ ماددا خۇددى مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتقاندەك بىردەم كۆپىيىپ، بىردەم ئازىيىپ تۇرغاندەك قىلاتتى... بۇ زادى قانداق نېمە؟!... ئاخىر، قان ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ، مىكروسكوپ ئاستىغا قويۇۋىدى، كۆز ئالدىدا شۇئان جىمىرلاپ تۇرغان سان ـ ساناقسىز ۋىرۇسلار پەيدا بولدى. بۇ ۋىرۇس دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بەزى ۋىرۇسلارغا زىنھار ئوخشاشمايتتى. ئۇ بىر ئاز غەيرىيلىك ھېس قىلدى. دوختۇرلارغا خاس كەسپىي قىزغىنلىق، بىر نەرسىنىڭ

تۇگۈننى يەشمىگۈچە توختىمايدىغان ئىزدىنىش روھى قەلبىدە شۇئان لاۋۇلداپياندى. كېسەل مىكروبلىرىدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ بېقىشۇدى. ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بەردى. ھېلىقى نامەلۇم ۋىرۇس خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك ئۇدۇل كەلگەن مىكروبلارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، بىردەمدىلا پاك - پاكىز يۇتۇۋەتتى، گويا بىر دەقىقىمۇ ۋاقىت كەتمىدى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. خۇددى ئاسمانغا قاراپ پۇشقۇرۇپ، تۇياقلىرى بىلەن يەرنى تىلغاپ تۇرغان بۇقىدەك كۈچكە تولغان بۇنداق ۋىرۇسنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ تەلۋىلىكى - كۈچتۈڭگۈرلۈكى بەئەينى ماكرو دۇنيادىكى ۋودورود بومبىسىغا ئوخشايتتى!... يەنە باشقا بىر خىل كېسەل مىكروبلىرىنى ئېلىپ سىناپ بېقىشۇدى، ئەھۋال ئوخشاش چىقتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ھاياجاندىن جىددىي - جىددىي سوقۇپ كەتتى. ئۆزىنى ئۇنتۇپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. سەزگۈلىرى بولسا: «ئاھ!... كەشپىيات، كەشپىيات!!...» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنىڭ خۇددى كولۇمبۇنىڭ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى تاپقىنىدەك ئۇلۇغ بايقاش بولۇپ قالىدىغىنىغا شەكسىز ئىشىنەتتى.

ئەنە شۇ سائەتتىن باشلاپ، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە تەجرىبىخانىغا سولىنىپ، پۈتكۈل ئەس - يادى بىلەن تەجرىبە قىلىشنى باشلىۋەتتى. تومۇرنىڭ يىڭنە سانجىلمىغان يېرى قالمىدى. ھە دېسىلا قان ئېلىۋەرگەچكە، ماغدۇرسىزلىنىپ، نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكەن چاغلارمۇ بولدى، ئەمما بوشاشمىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە، گۈلخۇمار تام ياقىلاپ ماڭغۇدەك، تىلى چىقىپ «ئاپا»، «موما» دېيەلىگۈدەك بولۇپ قالغانىدى. كىچىك بالا ئەمەسمۇ، ھە دېسىلا قويۇۋەت، ئۆزۈم ماڭىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. قاچان يىقىلىپ چۈشەركىن دەپ ئالدىراش، ئۇھ

دېگۇدەك ۋاقىت چىقمايۋاتاتتى. ھەممە ئېغىرچىلىق — بالىغا قاراش، كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىش... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا ئانىسىغا قىلىنىۋاتاتتى، بۇلارنى ئويلىسا چەكسىز خىجىل بولاتتى.

— خىزمىتىڭنى خاتىرجەم ئىشلەۋەرگىن، — دەيتتى ئانا بۇنداق چاغلاردا، — بالىدىن ئەنسىرىمە، سېنى قانداق بېقىپ چوڭ قىلغان بولسام، ئۇنىمۇ شۇنداق قاتارغا قوشىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا، تويىنى ئوينايمەن تېخى!...

ھەئە، ئۇ ئانىسىدىن چەكسىز مىننەتدار. بىچارە ئانا قىزىمنىڭ كۆزى ئۆيدە قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، بارلىقىنى نەۋرىسىگە بېغىشلاپ، ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلىمەكتە. بولمىسا، ئۇنىڭدەك بىر موماي ئۇچۇن بالا بېقىش ئەمەس، ئۆز ھاجىتىدىن چىقىش ئاسان گەپمۇ؟!...

ھەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك قىلالار ئەمدى!... ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئانىسىغا ياردەملەشتى. دېمەك، ئائىلىنىڭ ھەممە ئېغىر - يېنىكىنى ئانا - بالا ئىككىيلەن ئۇستىگە ئېلىپ، غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇگۇن، ئۇ خىزمەتتىن ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. بۇ خەلقئارالىق ××× كېسىلىگە قارشى تۇرۇش كۇنى بولغاچقا، دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى كوچىغا چىقىپ، ئەتىدىن كەچكىچە ئاپتاپقا قاقلىنىپ تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىگەچكە ھاردۇق بەكمۇ يېتىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئىشىكتىن كىرىپلا «ئاپا!...» دەپ يۇگۇرۇپ چىققان قىزىنى قۇچاقلاپ بىرنى سۆيۈپ قويىدى - دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ياتتى. ئانىسى بولسا ھويلىدا كەچلىك تاماققا ئالدىراپ يۇرەتتى. تېلېۋىزوردا يەنە شۇ ××× كېسىلىگە دائىر خەۋەرلەرنى بەرمەكتە. ئېكراندىن بولسا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ××× كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى پىلىلداپ ئۆتمەكتە. دىكتور قىز مۇڭلىنىپ

سۆزلىمەكتە:

«ھازىر ××× كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى ئادەملەرنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە، بولۇپمۇ بىزنىڭ رايونىمىزدا ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر، خەتەرلىك... بۇ نىجىس ئالۋاستى بىزگە ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈرمەكتە. ئانىلار قان - زار يىغلىماقتا، باللار يېتىم بولماقتا. ئېھ، دوستلار، ئاگاھ بولايلى، يالماۋۇز ئەتراپىمىزدا چۆرگىلەپ يۈرمەكتە...»

گەرچە تېلېۋىزورغا قاراپ ياتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خىيالىدا يەنە ھېلىقى نامەلۇم ۋىرۇس ئەگىپ يۈرەتتى. تا ھازىرغىچە، مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ تەجرىبە قىلدى، بەزىلىرى ئۇتۇقلۇق بولسا، بەزىلىرى مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. بۇ جەريانىدا، نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپ، نۇرغۇن تەجرىبە توپلىغانىدى. ۋەھالەنكى، ھېلىقى نامەلۇم ۋىرۇسنىڭ سىرى تېخىچە يېشىلمەيۋاتاتتى. ئۇ زادى قانداق پەيدا بولغان؟ قانداق نەرسە؟ !... دېگەنلەرگە ھېلىھەم جاۋاب يوق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ خىيالىدىن ××× كېسىلى دېگەن بۇ ئۇقۇم «لاپ» قىلىپ كەچتى - دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغىنىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. دۇرۇس، ھېلىقى ۋىرۇسنى ××× مىكروبى بىلەن ئۇچراشتۇرساق قانداق بولار؟ ئىسىت، نېمىشقىمۇ بالدۇرراق ئويلىمىغان بولغىيدىم؟ !... تاغۇ تاشلار يىمىرىلىپ، تېگى يوق ھاڭلار تىنىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدى بىردىنلا ۋىللىدە يورۇپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن، ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپلا بۇ ھەقتىكى تەجرىبىنى باشلىۋەتتى. بۇقىدەك كۈچتۈڭگۈر كەلگەن ھېلىقى نامەلۇم ۋىرۇس ××× كېسىلى مىكروبىنى يالماپ يۇتۇپ مىڭ بىر تەسلىكتە ئۆلتۈرگۈچە پېشانىسىدىن مونچاق - مونچاق تەر چىقىپ كەتتى ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىر تال مىكروب تولغىنىپ ئۆلگەندىلا يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك غۇلاپ چۈشكەندەك

يېنىكىنە تىنىۋەتتى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ھاياجاندىن تولۇلىنىۋەتتى. بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ مۆجىزە، غايەت زور بايقاش ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان پۈتكۈل دۇنيادىكى نى - نى كاتتا ئالىملارنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان بۇ قىيىن مەسىلە، ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئاددىي بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ قولىدا، ئەڭ ئاددىي تەجرىبىخانىلارنىڭ بىرىدە روياپقا چىقىش ئالدىدا تۇراتتى!...

ئەمدىكى ئىش «بۇ نامەلۇم ۋىرۇس قانداق پەيدا بولغان؟...» دېگەنگە جاۋاب تېپىش ھېسابلىناتتى، ئەگەر جاۋاب تېپىلسىلا، پۈتكۈل دۇنيا بايرام شادلىقىغا چۆمەتتى.

بىراق، بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش بۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟... بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلخۇمار ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قىزىپ، يۆتىلىپ ئاغرىپ قالدى. دوختۇرغا ئاپىرىپ قان تەكشۈرۈۋىدى، ئۆيلىمىغان يەردىن تەركىبىدە جىمىرلاپ تۇرغان ھېلىقى نامەلۇم ۋىرۇسلار بار بولۇپ چىقتى. ئۇ چۆچۈگىنىدىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي بىر دەقىقە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. توۋا، ئىلگىرى بالىنىڭ قېنىنى تەكشۈرگەندە نورمال چىقىۋىدىغۇ؟ ئەجەبا، بۈگۈن؟!... ئۇ قىزىنى دوختۇرخانىغا تاشلاپلا، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى.

— ئاپا! — دېدى ئۇ ئىشىكتىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپلا، — بۈگۈن بالىغا نېمە بەرگەنتىڭىز؟!...

— ۋاي، بالامەي!...، — دەۋەتتى چۆچۈگەن ئانا، — نېمە بېرەتتىم؟ كۈندە نېمە يېسە شۇنى بەرمەمدىم، بالام!...

— ئەمىسە... بالا... بالا...

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆلەي!... مەن قاپاق باش نېمە قىلدىم؟!... بالام!... بالام!... بالام!...، — ئانا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

مانا شۇندىلا، ئۇ ئەكسىچە بىر ئىش قىلىپ، ئانىسىنى چۆچۈتۈپ قويغىنىنى چۈشەندى ۋە دەرھال ئىزاھات بەردى.

— ئانا، قورقماڭ، ھېچقانچە ئىش يوق.
— بالام قېنى ئۆزى؟ ساقمۇ؟...
— ساق!...
— ھۇ ئەخمەق، ساراڭ قىز!...، — دەۋەتتى ئانا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭغۇ، جىن!...
— ئانا، — دېدى ئۇ ئەمدى ئەركىلەپ، — بۈگۈن بالا نېمە يېگەنتى؟
— ۋاي بالام، نېمە يەيتتى؟ كۈندە نېمە يېگەن بولسا شۇنى يېمەمدۇ!
— ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭچۇ، بۇ ناھايىتى مۇھىم.
ئانا بىر پەس ئويلىنىپ قالدى.
— ئەتىگەن سۈت ئىچكەن، چۈشنىڭىياغى تاماق يېدى شۇ... ھە، راست، كۆكيۆتەل بولۇپ قاپتىكەن، كۆچۈلا چىلانغان سۈت ئىچۈرگەنتىم!
— كۆچۈلا چىلانغان سۈت؟
— ھەئە، شۇ، كىچىك ۋاقتىڭدا سەنمۇ ئىچمۇسدىڭغۇ، بالام!...
ئۇ بىردىنلا ھەممىنى چۈشەندى، قاتتىق ھاياجاندىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئانىسىنى چىڭڭىدە قۇچاقلاپ، چوككىدە بىرنى سۆيدى - دە، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي دوختۇرخانىغا قاراپ چاپتى. بايقۇش ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولغىنىچە قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى بولسا كۆكرىكى ئۈستىدە، يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇتقىنىچە تۇراتتى...

※ ※

سۈتتەك تازا، يېپيېڭى باھار پەسلى. ئاقۇچ بۇلۇتلار تىنىق ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. قىشچە قاغجىراپ ياتقان ئالما شاخلىرى

قايتا بىخ سۇرگەن، پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ چېچەكلەر شاخلارنى بۆككىدە قاپلاپ، ئۇنى خۇددى توي كىيىمى كىيگەن ساھىبجامال كېلىنچەككە ئوخشىتىپ قويغان، چېچەكلەردىن تارقالغان يېقىملىق پۇراق دىماغلارنى يېرىپ، دىللارغا ئارام بېغىشلايدۇ. قايسى كۈنى ياغقان باھار يامغۇرى دەل ـ دەرەخلەرنى يۇيۇپ ـ تاراپ، خۇددى بىرى مايلاپ قويغاندەك پارقىرىتىپ ياپيېشىل قىلىۋەتكەن. ئېرىقتىكى سۇلار شىلدىرلاپ ئاقاتتى، مەيىن شامال يۇزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى.

مانا شۇ تاپتا، كەڭرى، ئازادە كەلگەن شەھەر كوچىلىرىنىڭ بىرىدە بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئاستا قەدەم ئېلىپ مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى. يىگىت «كەپتەر» ماركىلىق ئەرەنچە ۋېلىسىپىتنى، قىزچاق بولسا قىپقىزىل رەڭلىك، ئوماققىنە بىر ۋېلىسىپىتنى يېتىلىۋالغانىدى. بۇ يىگىت چەت ئەلدە ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ياش مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قايسى قېتىمقى يىغىندا تونۇشۇپ قالغانىدى، مىجەز ـ خاراكتېر جەھەتتىمۇ خېلى ئۆزلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

— بۇ قېتىم چەت ئەلگە قىلغان سەپىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، — دەيتتى يىگىت ھاياجان بىلەن، — بىز تېلېۋىزوردىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇق. چەكسىز خۇرسەن بولدۇق. بولۇپمۇ ئاشۇ كۈنى سۆزلىگەن نۇتقىڭىز قۇلىقىم تۈۋىدە ھېلىھەم جاراڭلايدۇ... مېنىڭ ئۈمىدىم شۇكى، سىلەردىن نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا، دۇنيانىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە توپىلىق كاتاڭ يوللاردا، سوقما تاملىق ئۆيلەردە، چەكسىز كەتكەن سۇ چىقماس داللاردا، يېزا ـ قىشلاقلاردا، سەپەرگە چىقسا سىلەردەك ماشىنا ـ ئايروپىلان ئەمەس، بەلكى كونا خۇرجۇننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ يالاڭ ئاياغ پېتى پۇتلىرى قاپىرىپ كەتكۈچە مېڭىۋاتقان «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ جاپاكەش، مېھنەتكەش خەلققە دىققەت ـ ئېتىبارىڭلارنى تاشلاپ

قويۇشۇڭلارنى سورايمەن. چۈنكى بۇ خەلقتە كۆچۈلىغا ئوخشاش بايىلىقلار سان ـ ساناقسىز تۇرۇپتۇ!... مانا بۇ سۆزلىرىڭىز ئادەمنىڭ يۈرەك ـ يۈرەكلىرىگە بېرىپ تېگىدۇ، چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈرىدۇ!...

يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى ھەم بۇ ماختاشلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي قالدى.

— ھازىر، — دەپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ئۇ، — غەرب جامائەتچىلىكىدە كىمكى ××× كېسىلىگە شىپالىق دورىنى كەشىپ قىلسا، شۇ كىشىگە مەيلى قايسى مىللەت، قايسى رايون، قايسى ئىرق، قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ يىللىق نوبېل مۇكاپاتىنى بېرىش كېرەك دېگەن سۆز بار...

— ۋييەي، قويۇڭچۇ ئەمدى، — دەپ كۈلدى قىز، — بەرمەيلا قويسۇن...

دېمىسىمۇ، ئۇ ھازىر ھەممىگە تونۇش، داڭدار شەخسلەردىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بايقىغان دورا ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور بەختلەرنى ئەكېلىش ئالدىدا تۇراتتى. تېلېۋىزورلاردا، گېزىت ـ ژۇرناللاردا نامى بەس ـ بەستە تىلغا ئېلىنماقتا. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەبرىك تېلېگراممىلار ئۈزۈلمەي كەلمەكتە ئىدى. تەكلىپكە بىنائەن چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولۇپ، نۇتۇق سۆزلىدى. تېخى يېقىندا، پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا زور تەسىرگە ئىگە ئامېرىكا «دەۋر» ژۇرنىلى «ئۇلۇغ بايقاش ئاددىيلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن سەرلەۋھىدە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە ××× كېسىلى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى تونۇشتۇرغانىدى. ماقالىدە، «كۆچۈلا» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۆسۈملۈك ھەققىدە ئېنىق ئىزاھات بېرىلگەنىدى. كۆچۈلا تاغ ـ دالىلاردا، زەيكەش مۇھىتتا ئۆسىدىغان بىر خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈك، شەكلى تۆگىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، زەھەر تەركىبى

ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئادەم يېگەن هامان ئۆلۈمگە دۇچار بولىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورا قىلىپ ئىشلىتىش ئۈنۈمدارلىقى ئىنتايىن يۇقىرى ماتېرىيال هېسابلىنىدۇ. بارماقتەك چوڭلۇقتىكى كۈچۈلىنى سۈتكە قىرتاق تەمى ئۆتكۈچە چىلاپ ئىچكەندە، «كۆكيۆتەل» قاتارلىق كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. ئەكس تەسىرى بولمايدۇ…

شۇ يوسۇندا پاراڭلىشىپ، قىزنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالدى. مەهەللىدىكى ئۇششاقلار بىلەن ئويناۋاتقان گۈلخۇمار ئانىسىنى كۆرۈپ يۈگۈرگەنچە يېتىپ كەلدى. يىگىت ۋېلىسىپىتنى نېرىغا توختىتىپ، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى، ئۇيەر - بۇيېرىنى غىدىقلاپ قويۇۋىدى، كىچىككىنە قىز ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە يىگىتنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ، مەڭزىگە مەڭزىنى ياقتى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ تازا مەستلىكى كەلدى.

— خوش، — دېدى يىگىت ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئوبدان ئارام ئېلىڭ!

— خوش، — دېدى ئۇمۇ جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاكى قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

ئۇ بالىسىنى يېتىلەپ، ئەمدىلا ئۆيگە كىرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇشتۇمتۇت كۆزى يولنىڭ قارشىسىدىكى دەرەخلەر دالدىسىدا تۇرغان بىر ئادەمگە چۈشتى. بۇ دەل ئۇنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى، گۈلخۇمارنىڭ دادىسى ئىدى! ئېهتىمال، بايىقى ئىشلارنى كۆرگەن چېغى، چىرايى بىر قىسمىلا بولۇپ كەتكەنىدى. يېقىنقى بىرقانچە كۈنلەردىن بۇيان، ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا پەرۋانىدەك چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. يېقىن كېلىشكە پېتىنالماي يىراقتىن كۆزىتىپلا يۈرەتتى، مانا ئەمدى يۈزىنى داپتەك قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— گۈلخۇمار قىزىم، كېلىڭ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا قارىيالماي تىترىگەن ئاھاڭدا.

ئەمما كىچىككىنە قىزچاق قورقۇمىسىراپ، ئانىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۇۋالدى.

ئۇ ئوڭايسىزلانغىنىدىن تۇرۇپلا قالدى.

— مەن... مەن...، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۇزۇنغىچە چاچلىرىنى چىڭ قامالاپ تۇتۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مې... مېنى كەچۈرۈڭ... كۆپ ئويلاندىم... مەن... مەن ئالدىڭىزدا ناماقۇل...

— ئەمدى بۇلارنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئۇ جاۋابەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات!

— لې... لېكىن... ئارىمىزدا بالا بار ئەمەسمۇ... شۇ... شۇڭا... ئىككىمىز... قايتا...

— دۇرۇس، — دېدى ئۇ تەمكىن، ئەمما سىپايىلىك بىلەن، — بالا ئەسلىي ئىككىمىزگە تەۋە ئورتاق بايلىق ئىدى. ھېلىھەم شۇنداق ئويلايمەن، خالىسىڭىز كېلىپ كۆرۈپ كېتىڭ. ئەمما بىزنىڭ ئىشىمىز باشقا - باشقا گەپ، ئۇزۇلگەن تارا، چېقىلغان قاچا، سىز يەنە نۇرغۇن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يىتتۇرۇپ بېقىڭ، نۇرغۇن - نۇرغۇن كېچىلەردە ئۇيقۇسىز ئويلىنىپ يېتىڭ. يۈرىكىڭىزنى تىڭشاپ كۆرۈڭ، ئەنە شۇندىلا، مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىسىز!...

ئۇنىڭ گەپلىرى يىگىتنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. گويا نېمە دېسەم غىلىڭ قىلماي تۇرىدىغان ھېلىقى قىز مۇشۇمۇ، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتامدۇ دېگەندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپلا قالدى ۋە ئاخىر سالپىيىپ چىقىپ كەتتى.

مانا، ئۇ ھويلىدا قىزىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگەن پېتى ئالما چېچەكلىرىگە قاراپ مەغرۇر تۇرماقتا. كەپسىز قىزى بولسا

چېچەكلەرنى ئالمەن دەپ ئىنتىلمەكتە. ئانا ـ بالىنىڭ ۋىلىقلاپ كۆلگەن ئاۋازى باھار ئاسمىنىدا ئۇزۇپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلانماقتا. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ خىيالىغا يەنە ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنىڭ رىۋايىتى كىرىۋالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادەم ئاتا جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ئاشۇ مېۋىنى يېگىنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلامسەن؟» دەپ سورىغاندا، ھاۋا ئانا: «ياق! …» دەپ كەسكىن جاۋاب بەرگەنمىش…

# قول ئېلىشىش

ئېھ، يول... تۈگىمەس يول، سەن ھاياتلىقنىڭ ئۆلچىمىسەن. سېنىڭ باغرىڭدا قانچىكى كۆپ قەدەم باسقان كىشى، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھايات سەپىرىنىڭ ئاخىرقى بېشىغا شۇنچە يېقىنلىشىپ بارىدىكەن. ۋەھالەنكى، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «ئۆلمەسلىك دورىسى»نى ئىزدەش ئۈچۈن باسقان قەدەملىرىگە بەرگەن جاۋابىڭ يەنىلا شۇ «ئۆلۈم». ئۇ، جاھاندىكى جىمىكى ھاياتلىقنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئېچىنىشلىق تراگېدىيە. بىراق، قىزىق يېرى شۇكى: بىز دۇنياغا تۆرەلگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئاخىرقى مەنزىلىمىزنىڭ يەنىلا شۇ ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساقمۇ توختىماي ماڭىدىكەنمىز، ماڭىدىكەنمىز، ھەتتا باشقىلاردىن قىزغىنىپ بالدۇرراق يېتىشىۋېلىشنى ئويلىغاندەك ئالدىرايدىكەنمىز، ئەمما يول، سەن تۈگىمەيدىكەنسەن.

مانا، مەن يېزامنىڭ يوللىرىدا ئۇشۇقۇمغىچە توپا كېچىپ كېتىپ بارىمەن. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئالتۇن رەڭلىك بۇغداي ئېڭىزى بولسىمۇ، يول ياقىسىدا نە دەرەخ، نە سايە يوق. پىژ ـ پىژ ئاپتاپ تاپانلىرىمنى كۆيدۈرۈپ، مېڭەمنى قاينىتاتتى. مانا يىراقتىنلا ئىمىر ـ چىمىر كۆرۈنگەن يېزامنىڭ سوقما تاملىق پاكار ـ پاكار ئۆيلىرى، ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىمدا بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. ئەنە مەھەللە سىرتىدىكى بالىلىق چاغلىرىمدا دائىم چۆمۈلۈپ ئوينايدىغان لاي سۇلۇق كۆلچەك بويىدا قىيپالىڭاچ بولۇۋالغان كەپسىز باللار سەكرەپ ـ تاقلاپ

يۈرۈشىدۇ. ئەتراپىدا چۈشەلگەن ئېشەك، موزاي، تايىنچىلار خۇددى ئۇلارنىڭ شوخلۇقىدىن مەست بولۇشقاندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن قاراپ تۇرۇشىدۇ. ئەمما مەھەللە ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن، ئادەم، ئىنسان قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت دوقمۇشتىكى قېرى سېدە ئاستىدىلا — چەنزە بىلەن كۆتۈرۈپ ياسالغان كەپە ئىچىدە كىمدۇ بىرى سۈنايلىنىپ ياتىدۇ. ھېلىقى كىشى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ چىكىلداپ يۈرگەن توخۇلارغا چالما ئېتىپ قويىدۇ. چۆچۈگەن توخۇلار ئەنسىز قاقاقلىشىپ، خېلى يىراقلارغىچە ئۇچۇپ بېرىۋالىدۇ ـ دە، زەڭگەر كۆزلىرىنى بىردەم ئۇنىڭغا، بىردەم ئەسكى سېۋەت ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان شاپاقلارغا تەلمۈرۈش ئارىلاش ھوشيارلىق بىلەن تىكىپ تۇرۇشىدۇ، ئاندىن يەنە ئاۋايلاپ، قەدەم بېسىشىدۇ...

تاغ باغرىغا تىرەلگەن بۇ كىچىككىنە مەھەللە — مېنىڭ يېزام، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن، سۈيىنى ئىچىپ، تۇزىنى يەپ چوڭ بولغان يۇرتۇم. ئۇنىڭ سىرتى كۆز يەتكۈسىز شورلۇق يەر بولسىمۇ، جاپاكەش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەسىرلەر داۋامىدا، مانا بۇ ياقۇت كۆزىدەك بىباھا يېشىللىقتىن گۈل چىقىرىپ، ھاياتنى قامداپ كەلگەن. ئەپسۇس، كۆز ئالدىمدىكى يېزامنىڭ سىيماسى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى خاتىرەم بېتىدىكىگە ئوپمۇ ئوخشاش، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ھەتتا تېخىمۇ خارابلىشىپ، چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنمەكتە. يەنىلا شۇ ئازغىنە يامغۇر ياغسا پاتقاق سەل بولۇپ ئاقىدىغان يېزا يولى، يەنىلا شۇ سوقما تاملىق قىيسىق ئۆيلەر...

تۇساتتىن مەھەللە ئېغىزىدىكى تار كوچا ئىچىدىن يۇڭسىز قوتۇر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ بىر كىشى چىقىپ كەلدى. مەن ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم، چۈنكى كۆز ئالدىمدىكى بۇ كىشى گاھ تونۇش، گاھ ناتونۇشتەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئاقۇچ

ساقال- بۇرۇت باسقان قارامتۇل يۈزىدىن قىرىق گەز توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. پاخپايغان چاچلىرى ئارىسىدىكى مەڭگەن ئۈۋاقلىرى، قاغجىرىغان سۆگەت دەرىخى ئۈستىدىكى قۇشقاچ چاڭگىسىنى ئەسلىتەتتى. كۈنىنىڭ شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي كىيىۋالغان، ئىت تالىۋەتكەن تېرىدەك تىتما - تىتما بولغان پاختىلىق چاپىنىنىڭ بېلىنى ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان بولسىمۇ، مەيدىسىگىچە ئوچۇق ياقىسى ئىچىدىن كۆكرەك قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئىزلىرى گويا گارموندەك ئەينەن كۆرۈنۈپ قالغانىدى، شىمىنىڭ ھاڭدەك ئېچىقلىق ئالدى تەرىپىدىن پۈلتىيىپ چىققان ئىچ تامبىلىنىڭ ئاق ياكى قارىلىقىنى پەرق ئەتمەك تەسكە توختايتتى. يول يۈرگەندە پاقىنىڭ ئېغىزىدەك كالچاراپ تۇرىدىغان كالىچىنىڭ يىرتىق يەرلىرىدىن بارماقلىرى «مانا مەن» دەپ مارىلاپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ تەقى- تۇرقى شۇنچىلىك ۋەيرانە ئىدىكى، كىشىگە خۇددى ئالجىپ بېشىنى لايغا تىقىۋالغان قېرى مايمۇندەك تەسىرات بېرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەدەملىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يۆتكەپ، سوكۇلداپ كېلىۋاتقان ئىتىنىڭ ھالى تېخىمۇ ئۇسال. پەقەت ئالا قاشقا بېشى، چولتا قۇيرۇقىدىن باشقا پۈتۈن ئەزايىدا يۇڭنىڭ دىدارى يوق، خۇددى تىتىلىپ كەتكەن بىر پارچە ياغاق كىگىزدەك گادىرماچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ گاھىدا ئورنىدا توختاپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئارقا پۇتى بىلەن ئۇيەر- بۇيېرىنى تاتىلاپ قويسا، گاھىدا ئىگىسىنىڭ ئاستىراق مېڭىشىنى تەۋسىيە قىلىۋاتقاندەك كۈچسىز غىڭشىپ قوياتتى.

مەن دەسلەپ ئۇنى ئانچە تونۇيالمىغان بولسامۇ، لېكىن يول يۈرسە پۈرزىنىدەك قاڭقىپ تۇرىدىغان توكۇر پۇتىغا، ئۇ ئەگىپ چىققان تونۇش كوچىغا بىر قاراش بىلەنلا مەمەت توكۇر ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدىم. چۈنكى، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا تۇرۇپ، بۇ بېشىغا قاراپ ۋارقىرىساڭمۇ ھەممە ئاڭلايدىغان مەھەللىمىزدە

پەقەت مۇشۇ بىرلا توكۇر ئادەم بار ئىدى. ئەمما، ھەيرانلىقىم شۇ بولدىكى، ئۇ مانا مۇشۇ قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. «توۋۋا» دېدىم ياقامنى تۇتۇپ. ئۇنىڭغا قاراپ ئۇشتۇمتۇتلا ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكىمنى ئويلاپ خاۋاتىرسىزلىنىپ كەتتىم.

ئاڭغىچە ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. تونۇدىمۇ، تونۇمىدىمۇ بۇنىسى قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ مەن بىلەن سالاملىشىش ئۈچۈن ئورنىدا توختاپ قاراپ تۇردى. چۈنكى، يېزىمىزغا قەدەم باسقانلىكى كىشىلەر بىلەن ئاددىي بولسىمۇ سالاملىشىپ ئۆتۈش، ھەممە كىشىگە ئادەت ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، بېشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە ئالدىراپلا ئۆتۈپ كەتتىم. ئۆتۈپ كەتتىمىيۇ، يۈرىكىم توك ئېقىمى بىلەن ئۇچراشقاندەك جىغىلداپ، ئېغىزىمغا كەپلىشىپ قالدى. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. بەلكىم ئۇنىڭ ئاشۇ كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان بولۇمسىز تۇرقى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتىم، دىمىغىمغا چىرىگەن قىغىنىڭ قاڭسىق ھىدى ئۇرۇلدى، ئارقامدىن ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىغان، ئېغىر خورسىنغان ئاۋاز كەلدى. قېرى ئىتمۇ يېقىمسىز غىڭشىپ قويدى.

مانا مەن يېزا يولىدا گاڭگىرىغان بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ كېتىپ بارىمەن. كۆز ئالدىمغا باياتىن دەقىقە ئىچىدە كۆزۈم قويرۇقىدا كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن ئۇنىڭ تېڭىرقىغان، ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىنغان، ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىغان ھالىتى يەنە مەندىن نارازى بولغاندەك چاپاق باسقان ئورەك كۆزلىرىدىكى يالتىرىغان ياش تامچىلىرى كېلىۋېلىپ يۈرىكىم مۇجۇلماقتا. ئۆزۈمنى خۇددى ۋىجدان سوتى ئالدىدىكى جىنايەتكاردەك سېزىۋاتىمەن، ئۆز ـ ئۆزۈمگە كايىيمەن. خىجىللىق ھېسسىياتى ئىچىمنى قۇرتتەك غاجىلاپ ھېچبىر ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

ئۇشتۇمتۇت ئىچىمگە سىرلىق بىر ئوت چۈشۈپ كەتكەندەك
ئۆگە- ئۆگىلىرىمدىن قارا تەر سىرغىپ، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ
كەتتى. شۇندىلا يۈز - كۆز، قۇلاقلىرىمنىڭ چوغدەك قىزىرىپ
كەتكەنلىكىنى سەزدىم.

مەمەت توكۇر يېزىمىزنىڭ يەرلىك كىشىلىرىدىن ئىدى. مەن
ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر باغنىڭ
خوجايىنى ئىكەنلىكىنى، كاتەكتەك بىر ئېغىزلىق ئۆيدە
تەركىدۇنيا بولۇپ ياشايدىغانلىقىنى، پۇتى توكۇر بولغاچقا
يۈگۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم، كەپسىز بالىلىق
چاغلىرىمىزدا دائىم ئۇنىڭ بېغىغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ ھېچبىر
ئارام بەرمەيتتۇق. ئامەت ئوڭدىن كەلگەن كۈنلىرى چاپان -
خالتىلىرىمىز ئىچىگە ھارغىچە ئالما تۇشقۇزۇپ چىقاتتۇق.
كۆپىنچە ھاللاردا ئامەت ئالچۇ چۈشەتتى. بەختكە قارشى سېزىلىپ
قالغان كۈنلىرىمىزدە، ئوغرىلىغان ئالمىلارنى ئۇنىڭ ئۆزىگە
ئېتىپ: «مەمەتى، مەمەتى، بەش توقاچنى يەۋەتتى!» دەپ
تېرىكتۈرۈپ قېچىپ كېتەتتۇق. ئۇ توكۇر پۇتلىرىنى
سۆرەشتۈرۈپ قوغلاشقا، تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ يۈگۈرۈپ
باقاتتىيۇ، لېكىن بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ توختاپ قالاتتى، ھەسرەت
بىلەن بېشىنى چايقايتتى. كېيىنچە ئۇ بايىقى قوتۇر ئىتنى
بېقىۋالدى. لېكىن ئىتمۇ سېپى ئۆزىنى دوراپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ
ياتقان يېرىدە كۆتىگە مىڭنى تەپسە تەۋرىمەس لەقۋا بولۇپ چىقتى.
بۇ ئىش بىزگە ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك موكلا ياقتى. ئالمىسىنى
ئوغرىلاپ تويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىتنىڭ دۈمبىسىگە
مىنىۋېلىپ، قۇلىقىنى سوزۇپ چۇلۇۋۇر قىلىپ ئېشەك ئېتىپ
ئوينايدىغان بولۇۋالدۇق. بۇنى كۆرۈپ جان - پېنى چىقىپلا
كەتكەن مەمەت توكۇر، ئالمىسىنى ئۈزگەن بىزنى ئەمەس،
ئەكسىچە بىچارە ئىتنىڭ ئاچچىقىنىغا تېپىپ ۋايساپ كېتەتتى.
كېيىنچە تاياقتا كۆنۈپ كەتكەن ئىت، بۇنداق ئىشلارغا چۈشسا

چاقچاقچىلىقىمۇ پەسەنت قىلمايدىغان، ئۇ ئۇرغانسېرى يۇڭلۇق چولاق قۇيرۇقىنى سۈركەپ ئەركىلەيدىغان بولۇۋالدى. بۇنى كۆرۈپ بىز ئۈچەي - باغرىمىز ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ، تېلىقىپ قالاتتۇق.

ئەنە شۇ بالىلىق چاغلىرىمدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرنىڭ شاھىتى — مەمەت توكۇر، بايىلا كۆز ئالدىمدىن مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە تەمشىلىپ، ئەمما مېنىڭ تونۇشلۇق بەرمەي ئۆتۈپ كېتىشىم بىلەن تېڭىرقاپ، ئېغىر خۇرسىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئالمىسىنى ئوغرىلاپ ئۈزىنى قاقشاتقان، تونۇلۇپ قالغان چاغلىرىمدا: «تاياقتا ئۆلىدىغان بولدۇم» دېگەن ئەندىشەمنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىپ، ياخشى تەربىيىلەر بىلەن يولغا سالىدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئىززەت - ئابرۇيۇمنى، ئاشۇ يىرتىق كىيىملەر ئىچىدىكى مېھنەتكەشنىڭ ساپ مۇھەببىتىدىن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان سالام - سەھەتلىرىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ ئۇنى خورلىدىم.

يۈرىكىم چىدىغۇسىز سىرقىراپ ئاغرىيتتى، گويا يەلكەمدىن تۈمەن تاشلار بېسىپ تۇرغاندەك قەدەملىرىم ھالسىز، ھەلقۇمۇمغا ئەجەللىك سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك ھاسىراپ كېتىپ بارىمەن. كۆز ئالدىم خۇددى كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرە، ئۇنىڭ ئۈستى ئاپتاپ تەپتى لاۋۇلداپ تۇرغان غۇۋا كۆلەڭگە...

تۇيۇقسىز نومۇس ئارىلاش ۋىجدان ئازابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئورنۇمدا چىپپىدە توختاپ، ئارقامغا شارتتىدە بۇرۇلۇپ قارىدىم. قارىدىمىۇ، تەشنالىقتىن لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلغان مۇساپىر ھاياتلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندەك، بىردىنلا لاسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. يىراقتا مەمەت توكۇر پۈرژىنىدەك قاڭقىپ تۇرغان پۇتلىرىنى تەسلىكتە سۆرەشتۈرۈپ كېتىپ باراتتى، ئارىلاپ - ئارقىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ قويۇۋاتقان قوتۇر

ئىتى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ باراتتى. ئۇلار مەھەللە ئېغىزىدىن ئۇزاق بارمايلا يان تەرەپتىكى ئېگىزلىك ئىچىگە بۇرۇلۇپ غايىب بولدى. مانا ئەمدى كۆزلىرىمگە توپىلىق يول ئۈستىدىكى قالايمىقان ئاياغ ئىزلىرى، كۆيۈك دەستىدىن مۇڭلىنىپ ياتقان بۇغداي ئېگىزلىرى، ئېرىق قىرىدىكى توپا باسقان ئوت - چۆپلەردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالدى.

شۇ تەرىقىدە خۇددى چىۋىن چاينىۋالغاندەك بىر قىسما بولۇپ، ئۆيگە قانداق يېتىپ بارغىنىمنى، بەش يىلدىن بېرى يۈز كۆرۈشمىگەن ئاپام، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن قانداق كۆرۈشۈپ، قانداق سۆزلەشكەنلىكىمنى ھېچبىر ئىلغا قىلالمىدىم. پەقەت ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، مېنى كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ تۇشمۇتۇشتىن كۆرۈشكىلى كىرگەن مەھەللىداشلارنى كۆرگىنىمدىلا كۆڭلۈم سەل ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. شۇنداق بولسىمۇ يۈرىكىمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى ئېچىشىپ - تارتىشىپ، ھېلىدىن - ھېلىغا بىئارام بولاتتىم. يوقلاپ كىرگەن يۇرتداشلار، قىسقىسى، بەزى تونۇش، بەزى ناتونۇش كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، بۇ قوللاردىن قانداقتۇر بىر سىرلىق ئېقىم جىسمىمغا ئۆتۈشۈپ كەتكەندەك، بىردىنلا شۈركۈنۈپ كېتەتتىم - دە، ئەمدىلا تىنچلىنىشقا باشلىغان روھىي دۇنيايىمدا قايتىدىن قىيامەت باشلىناتتى. مەن بىلەن كۆرۈشۈۋاتقانلار خۇددى مەمەت توكۇردەك، ئۇ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ سىرلىق كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، ئۇزاتقان قوللىرى بىردىنلا ئۆتكۈر بىسلىق خەنجەرگە ئايلىنىپ ئۇدۇللا يۈرىكىمگە سانجىلغاندەك، تەرلىگەن ئالىقانلىرىم بولسا ئىسسىق قانلىرىم بىلەن نەمخۇش بولغاندەك تۇيۇلۇپ، قوللىرىمنى دەرھاللا تارتىۋالاتتىم. بۇ ئىش تۈپەيلى مەن بىلەن كۆرۈشكەنلەرنىڭ يۈزلىرىدە ئەجەبلىنىش ئارىلاش تېڭىرقاش، ھودۇقۇش ئالامىتى پەيدا بولۇپ سۆھبەتلىرىمىز ھېچبىر قولاشماي قالاتتى. لېكىن

بۇ خىل چىراي ئىپادىلىرى ھايال ئۆتمەي غايىب بولۇپ، كەيپىيات جانلىنىپ، ئوتتۇرىغا ھەر خىل، ھەر ياڭزا سوئاللار، سۆز تېمىلىرى قويۇلۇپ تالاش - تارتىش باشلىناتتى. مەن ئەكسىچە بىر چەتكە قېقىلىپ قالاتتىم. «ياپوندا دەيدۇ، يەر تەۋرەپ پوكۇنى ئادەم ئۆلۈپ كېتىپتۇ»، «ئىسىت، بايقۇشلارەي، ئۇۋال بوپتۇ»، «قوپ ھوي، خوپ بوپتۇ - دە، ئۇ باسقۇنچىلارغا!» «شۇنداق بولسىمۇ ھەممىمىز بىر خۇدانىڭ بەندىسى ئەمەسمۇ؟» «ئۇلار كۇپپۇر»، «بۇتقا چوقۇنىدۇ»، «ياق ئەيسا پەيغەمبەرگە!»... «ئامېرىكىدا مو بېشىغا سەككىز مىشكاپ بۇغداي ئالىدىكەن»، «ھوي، راستىمىنلا، توختى باينىڭ تېلېۋىزورىدىكى ھېلىقى قىزچاق شۇنداق دەيدۇ!» «شۇنداق لاپ ئۇرۇپ سېنى ئالدىمىسا تېلېۋىزور كۆرەتتىڭمۇ؟»... مانا مۇشۇنداق مەزمۇندىكى سوئاللار ئۆزلۈكىدىن قويۇلۇپ، يەنە ئۆزلۈكىدىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىپ تۇراتتى. پەقەت تالاش - تارتىش ئەۋجىگە چىققاندا بىرەرى مەندىن ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالمىسا، مەن «مېھمانلىق» سالاھىيىتىمنى ساقلاپ سۈكۈتتە ئولتۇراتتىم. ئەمما كۆرۈشكىلى كىرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئەمدىلا ئۈزۈلۈپ تۇرۇشىغا يەنە بىرمۇنچە سۆز - چۆچەكلەر ئۇستۇمگە يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. «ۋاي - يەي، يازغۇچىمىش تېخى، بىزدەك ئادەمتىغۇ، شۇنچە يوغىناپ كەتسىمۇ بىلمىمىز ئۇنىڭ ھالىنى، تېخى تۇنۇگۇنلا تام تۈۋىدىكى توپىدا ئېغىناپ يۈرگەن سەھرالىق، ئۇرۇمچى دېگەن چوڭ شەھەرگە بېرىۋېلىپلا ھالىنىڭ كۆتەكتەك بولۇپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي. تاز گۇل تاپسا قىسىدىغان يېرىنى تاپالماپتۇ، دېگەن شۇ - دە»... بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جاراھىتىم ئۈستىگە تۇز سېپىلگەندەك تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. مانا ئەمدى نەگىلا قارىسام تېڭىرقىغان كۆزلەر، ھەتتا ئاپامۇ مەندىن نارازى بولغاندەك، قېرىلىق يېتىپ ھالسىرىغان كۆزلىرى بىلەن ئەيىبلەپ تۇرىدۇ.

— ئاپا، — دېدىم مەن ئاخىر ئۆي ئاپام ئىككىمىزگە يالغۇز قالغاندا، ئوچاق يېنىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقان ئاپامغا قاراپ، — مەمەت... مەمەت توكۇر نېمانچىلا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن؟

ئاپام بىردىنلا ئەندىكىپ، يىڭنىنى بارمىقىغا سانجىۋالدى. ئۇ بارمىقىنى بېغىررەڭ لەۋلىرى ئارىسىغا قويۇپ بوشقىنە شۈمۈپ بەزلىگەندىن كېيىن، يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنى كۆزەينەكنىڭ ئۈستىدىن ماڭا ئەنسىزلىك بىلەن تىكتى.

— بالام، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىگەنسەن - ھە؟

مەن جاۋابەن «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئاپامنىڭ يادىغۇ چىرايىدىكى جىددىيلىكنىڭ قانداق ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خىل رازىمەنلىك ۋە خاتىرجەملىكنىڭ ئالماشقانلىقىنى كۆردۈم. مەن بۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا كۈتمىگەچكە ئاجايىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. ھايال ئۆتمەي ئاپامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي ئوبدان قىلىپسەن، ئوغلۇم.

— نېمە، نېمىشقا؟ — دېدىم ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

— بولمايدۇ، يېزىدا ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشمايدۇ، — دېدى ئاپام ھەم بىپەرۋا، ھەم ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا، — باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ئۇ موخۇ دەمدۇ، سوخۇ دەمدۇ، ئىشقىلىپ ساقايماس يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ قاپتۇمىش. بۇ كېسەل قولى تېگىپلا كەتكەن ئادەمگە يۇقۇپ قالىدىكەن. بايقۇشنىڭ تۆت كۈنلۈكى قالغانىدى، ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا كىم يۇيۇپ - تاراپ يەرلىكىگە قويار كىن؟ ھە راست، ئوغلۇم، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈچى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشكۈچى بولما. يىراقتىن مۇنداقلا باش لىڭشىتىپ قويساڭلا

بولغىنى، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك.

كۈتۈلمىگەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپتە ئۆز- ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىنغان بولسامۇ، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى ئىزىدا توختاپ يېنىك نەپەس ئالدىم. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ خىل ھالەتمۇ غايىب بولۇپ، قايتىدىن تېگى يوق خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدىم. نېمىشقىدۇ قانچە ئويلىسامۇ بۇ سۆزلەر يالغاندەك، تېگىدە گەپ باردەك تۇيۇلاتتى... شۇ كۈندىن باشلاپ مەمەت توكۇرنىڭ بىچارە سىيماسى كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمەيدىغان بولۇۋالدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئاشۇ كۈنى كۆزۈم قۇيرۇقى بىلەن كۆرۈپ ئۈلگۈرگەن نۇرسىز، ئورا كۆزلىرى، دائىم كۆزلىرىم ئىچىگە تىكىلىپ: «ئەجەب مەن بىلەن كۆرۈشمىدىڭغۇ؟» دەپ تەلمۈرۈپ مۆلدۈرلەپ قاراپلا تۇرغاندەك قىلىدۇ...

مانا بۈگۈن كەپسىز باللىق چاغلىرىمدا يۈگۈرۈپ چاڭ چىقارغان تونۇش كوچىدا مۇددىئاسىز كېزىپ يۈرىمەن. نە ئاۋۋالقى گۈزەللىك، نە ئاۋۋالقى ئاۋاتلىق، نەبىر گۆدەكلەرنىڭ شادلىق كۈلكىلىرى، پۈتۈن كوچا گويا قەبرىستانلىقتەك جىمجىت. ئەنە تونۇش ئۆي كۆز ئالدىمدا نامايان بولماقتا. ئەپسۇس، ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى گۈلزارلىق ھويلىسى بىلەن ئەمەس، چۆلدەرىگەن، خارابە قىياپىتى بىلەن يۈرەك تارىلىرىمنى ئازابلىق زەخمەكتە ئۇرۇپ، مۇڭلۇق كۈيلەرگە تەڭكەش قىلماقتا... مانا مەمەت توكۇرنىڭ تونۇش ئۆيى ئالدىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتقىنىمغا خېلى بولدى. نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە يۈرگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئەمما شۇنى كېسىپ ئېيتالايتتىمكى، ۋۇجۇدۇمدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان نامەلۇم بىر قىزىقىش، تەۋەككۈلچىلىك ۋە يەنە ئۆكۈنۈش ھېسسىياتى قەدەملىرىمنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرماي مانا بۇ يەرگە سۆرەپ كەلگەن. بىراق، مەندىكى ئەڭ چوڭ

چىدامچانلىق، ئەڭ غالىب جۈرئەتچانلىق نىمە ئۈچۈندۇ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا غايىب بولۇپ، ئىشىككە ئۇزىتىلغان قوللىرىمغا ئىختىيارسىز تىترەك ئولىشاتتى. گويا بوغۇزۇمغا زەھەرلىك خەنجەر ئۇرۇلغاندەك ئازابلىق تولغىنىپ كېتىپ باراتتىم. ئۆي ئىشىكى بولسا مېنىڭ جۈرئەتچان، يۈرەكلىك بولۇشۇمنى تەۋسىيە قىلىۋاتقاندەك مەيۈس ھالدا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. مەن مانا مۇشۇ يوسۇندا ئۇزۇنغىچە تىمىسقىلاپ يۈردۈم. ئەمما بۇ يەردە تۇرغانسېرى ئۆي ئىچىگە كىرىش پۇرسىتىدىن، سۇنماس غەيرىتىمدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

«ھۈسەيىن قارا دەۋران سۈرۈۋاتقان يىللاردا، مەمەت توكۇر ‹توكۇر› ئەمەس، يەتتە ئەزايى پىچىرىم، كېلىشكەن يىگىت ئىدى، — دەپ سۆز باشلايدۇ كونىلار مەمەت ھەققىدە ھەم ماختىنىپ، ھەم ئېچىنىپ، — ئۇنىڭ دادىسى قاسىمەت ئاق كۆڭۈل، ھۆرمەتكە سازاۋەر ھۈنەرۋەن، ئاۋازى ساز، خۇشناۋا ئادەم ئىدى. بىزنىڭ دەردىمىزگە دەرمان، مۇڭىمىزغا مۇڭداش بولۇپ، زالىم خوجايىنغا ناخشا بىلەن نەپرەت ياغدۇراتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۈسەيىن قارا قاسىمەتنى ‹ئالتە ئوغرىنىڭ پايلاقچىسى› دېگەن جىنايەت بىلەن ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، يۇقىرىدىن مەخپىي بۇيرۇق كەپتۇدەك، ئەسلىدە ئۇ ھۈنەرۋەن ئەمەس، ئورۇس تەرەپتىن كەلگەن ئىسيانچىكەن. شەھەردە سېزىلىپ قالغاچقا بىزنىڭ بۇ چەت، يىراق يېزىدا پاناھلىنىپ تۇرغانىكەن. بۇ ۋاقىتلار مەمەتنىڭ يىگىتلىك يېشىغا يەتمىگەن چاغلىرى ئىدى. ئارىدىن ئۈچ قېتىم خامان تەپكۈدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تاغدا باينىڭ يىلقىسىنى باقىدىغان مەمەت، خوجايىنىنىڭ دېدىكى گۈلشەن بىلەن تونۇشۇپ قالدى. گۈلشەنمۇ تازا ۋايىغا يەتكەن چىرايلىق قىز ئىدى. كېيىن مەمەتنىڭ قىزنى كۈيلەپ ئېيتقان

قوشاقلىرى خوجىمىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىڭ كۆڭلىگە شەيتان چۈشۈپ قىزنى ئالدىغا چاقىرتقاندا پەرىزاتتەك بىر نازىنىننى كۆردى. تاقەت قىلالمىغان خوجا تاق شۇ كۈنىلا توي قىلىپ، قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەمەت بىرقانچە ئىچ كۆيەر دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە گۈلشەننى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. كېيىن قانداق بولدى، ئۇقالماي قالدۇق، چېرىكلەر گۈلشەننى چەمبەرچاس باغلاپ تۇتۇپ كەپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھۆسەيىن قارا قىزنىمۇ، ئۇنىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگەن يىگىتلەرنىمۇ ئەنە ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەمەت شۇ يوقالغانچە يوق، ساقمۇ، ئۆلۈكمۇ، ھېچقايسىمىز بىرنېمە دېيەلمەيتتۇق. كېيىن ئاسماندىن چۈشكەندەك «توككىدە» پەيدا بولۇپ قالدى. بىچارە ئاۋۋالقى بېجىرىم مەمەت ئەمەس، توكۇر مەمەتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. لېكىن ئۆشنىسىدە كۆسەي مىلتىق بار ئىكەن. ئاڭلىساق شۇ توكۇر جېنىغا باقماي ھۆسەيىن قارىنىڭ يۈگىنى يۇڭداپ، تېرىسىنى تەتۈر سويۇشقا كەلگەن يىگىتلەرنىڭ سەردارى ئىكەن. بىر كۈنى يېزىدا غوۋغا بولۇپ كەتتى. ھەممىمىز يۈگۈرۈپ بارساق، مەمەت توكۇر مىلتىقنى خوجىنىڭ مالچىسى نىزامىدۇنغا تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپىدىكى يىگىتلەر «ئاتە، مېڭىسىنى چۇۋۇۋەت بۇ دۆيۈزنىڭ!» دەپ سۈرەن سالاتتى. نىزامىدۇن بولسا توكۇرنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، ھۆركىرەپ يىغلايتتى. توكۇر تۇرۇپ قالدى، ئاخىر مىلتىقنى يىغىشتۇرۇپ ئۈندىمەي كېتىپ قالدى. ئەسلى نىزامىدۇن، خوجىنىڭ تارتۇقىغا قىزىقىپ گۈلشەن بىلەن ئۇنىڭ مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىنى ئاشكارىلاپ قويغانىكەن. بولمىسىغۇ ئىككىسى ئۇبدان ئاغىنىلەردىن ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىنىڭ چېتىدىكى كاتەكتەك ئۆيىنى ماكان تۇتۇپ، ھېچكىمگە ئارىلاشماي تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. بايقۇش توكۇر كېيىن ئاز

دەرد تارتمىدى. ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدۇرۇۋەتكەنلەرمۇ يەنە شۇ ئۆز يېزىلىقى بولدى!»

ئەسلىدە مەمەت توكۇر بىلەن ئانىسى بىزنىڭ يېزىغا كېيىن ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كېيىن ئانىسىنى، سۆيگىنىنى، جانجىگەر دوستلىرىنى زالىم خوجا ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، جەسەتلەرمۇ دالىلاردا قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ھاياتلار ئىچىدە ھەتتا قەبرىستانلىقتىكى ئۆيقۇلۇق كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بىرەر ـ يېرىم يېقىنى يوق ئىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، ئۇ ئۆزى قەبرىستانلىق ئىچىگە بىر يالغان قەبرە ياساپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سەجدە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. دېمەك، بالىلىق چاغلىرىمىزدا باغقا ئوغرىلىققا چۈشىدىغان ۋاقىتلىرىمىز كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ قەبرىستانلىققا كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلەتتى.

مانا ئەمدى قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ھالدا قەبرىستانلىققا قاراپ يۈگۈرمەكتە. خىيالىمدا بىر مەھەل قوتۇرغان بورانمۇ تىنچىشىپ، قەلبىم ئاسمىنىدا قۇياش كۈلمەكتە. ئېغىزىم بولسا: «مەمەت توكۇر، ھەي مەمەت توكۇر، مانا مەن سەن بىلەن قول ئېلىشىش ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن. مانا مەن سېنىڭ موخۇ كېسىلىڭگە ھەمنەپەس بولۇش ئۈچۈن ئالدىراپ بارىمەن» دەپ پىچىرلىماقتا. ئېھ، يوللار، مېنى مەنزىلىمگە بالدۇرراق يەتكۈزسەڭ نېمە بولار، گەرچە سېنىڭ بىر ئۈچۈڭ ئاشۇ قەبرىستانلىققا تۇتاشقان بولسىمۇ، مەيلى...

قەبرىستانلىق ئىچىدە ئولتۇرغان مەمەت توكۇرنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈپلا تونۇدۇم. ئۇنىڭغا قاراپ ئاۋايلاپ سىلجىيتتىم. ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن جىددىيلەشكەن نەپسىمنى زورىغا باساتتىم. ئۇ بولسا ئۆزى ياسىۋالغان قەبرە بېشىدا ماڭا دۈمبىسىنى قىلغىنىچە ئولتۇراتتى. سىقىم ـ سىقىم توپىلارنى

قەبرە ئۈستىگە چاچاتتى... ئۇنىڭ يېنىدىلا ياتقان ئىت بوشقىنە غىڭشىپ قويدى. مەن ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ شەپەمنى سېزىپ ئارقىسىغا بۇرۇلغانىدى.

ئەنە، ئۇ ئەندىككىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ياشاڭغۇ كۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا چىمچىقلاتتى، ئاندىن كۈلۈمسىرىگەندەك قىلىپ لەۋلىرىنى ئۈمچەيتتى. بىراق بۇ خىل ھالەت ئۇزاققا سوزۇلمايلا ئۇ ئاۋۋالقى قىياپىتىگە كېلىپ ئارقىسىغا داجىدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا تولا ئۇرۇلغان تاياق زەربىسىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئىتمۇ ئورنىدىن ئوقچۇپ تۇرۇپ، ئىگىسىنىڭ چاترىقىغا مۆكۈندى. بىر دەقىقە تىپىگىرقاشتىن كېيىنلا مەمەت بېشىنى شۇنداق بىر لىڭشىتتى ـ دە، يان تەرەپتىكى قەبرىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ئالدىراپ مېڭىشقا باشلىدى. قوتۇر ئىتمۇ قۇيرۇقىنى چاتراقلىرى ئارىسىغا مەھكەم قىسىپ، ئاۋۋالقى ئادىتىنى بۇزۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا سوكۇلداپ يۈگۈردى.

— مەمەتكا، — دېدىم مەن ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ، قەدەملىرىمنى يۆتكەپ، — توختاپ تۇرۇڭە!

ئۇ چۆچۈپ كەتتى، ئورنىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بىچارە ئىتمۇ ئۇنىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا يەنە مۆكۈشكە مەجبۇر بولدى. مەن ھاياجاندىن تىترىگەن قوللىرىمنى ئۇنىڭغا سۇندۇم:

— قانداق ئەھۋالىڭىز مەمەتكا؟

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAxODg0MzMuemlw",
"filename_decoded": "40188433.zip",
"filesize": 11664317,
"md5": "29ac5e7836ebcd46e949ed5e08d4b9c0",
"header_md5": "aab38f73ca78cbf256d63f54e44ac593",
"sha1": "0bf33544d9c21a8cc3b1e7008e02579480ebac38",
"sha256": "2d7354243ef74f3936360ddbfa05e779c4c66c85aa3c58fa1206aec7b6e557fe",
"crc32": 1767348533,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 11863133,
"pdg_dir_name": "\u2568\u2500\u2566\u0398\u2534\u2566 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40188433",
"pdg_main_pages_found": 204,
"pdg_main_pages_max": 204,
"total_pages": 210,
"total_pixels": 770169856,
"pdf_generation_missing_pages": false
}